ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# قىلىچ باتۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

3

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

ISBN 978-7-228-09852-1

9 787228 098521 >

定价：18.00 元

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# قىلىچ باتۇر

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 3/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09852-1

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集 - 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010421号

策　　划: 阿布都热合满.艾白
　　　　　艾合买提.伊明

责任编辑: 艾合买提.伊明
责任校对: 阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间故事 — 3** (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 11.5印张 2插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数: 4,001-7,000

---

ISBN 978 7-228-09852-1　定价: 18.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## قىلىچ باتۇر

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001–7,000
ISBN 978-7-228-09852-1
باھاسى: 18.00 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى


پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن



ئۈرۈمچى

2006-يىلى

# مۇندەرىجە


گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ ........................ 1

ئۇشتىگەرنىڭ چارىسى ........................ 14

تىرىك ـ تىرىك، كىم ئويغاق ........................ 24

ئۇر، توقماق ........................ 33

سېخىي بىلەن بېخىل ........................ 41

خاسىيەتلىك تاش ........................ 55

ئۇستانگۇر تۆمۈرچى ........................ 64

زۇلخۇمار ........................ 71

چۆچۈرە بالا ........................ 87

ئەڭگۈشتەر ........................ 96

بەختى غايىب ........................ 124

مەلىكە نۇرجامال ........................ 132

بېلىقچى شامىدۇن ........................ 170

سەنگۇسۇلا تاش ........................ 184

قىلىچ باتۇر ........................ 195

خاسىيەتلىك رەسىم ........................ 199

ئامەتلىك شاھزادە ........................ 205

مەلىكە ئايتىللا بىلەن شاھزادە رەۋەيدۇللا......217
خاسىيەتلىك ئالما ..........................255
سىرلىق چۇش ...............................285
شاھزادە بىلەن ئالۋاستى ......................303
خىسلەتلىك گۇل ..............................308
بىلىقچىنىڭ قىزى .............................313
بىلىقچى يىگىت، ئالتۇنبىلىق ۋە ئاچ كۆز
پادىشاھ ......................................318
مىس باش .....................................329
«جەبرائىل» ھەققىدە قىسسە ..................344

# گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئوتۇنچى ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى ئوغلى بار ئىكەن.

ئوتۇنچى بىر كۈنى جاڭگالدا ئوتۇن كېسىۋاتسا، ئالدىدىن بىر توخۇ چىقىپ قاقاقلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئوتۇنچى ئالدىغا قارىسا، بىر توخۇنىڭ ئۇۋىسى تۇرۇپتۇ. ئۇۋىدا بىر تۇخۇم يالتىراپ تۇرغان. ئوتۇنچى ھېلىقى تۇخۇمنى ئېلىپ قوينىغا ساپتۇ ـ دە، ئوتۇنلىرىنى ئېشىكىگە ئارتىپ شەھەرگە كىرىپ-تۇ، ئوتۇننى سېتىپ، پۇلىغا تۆت نان ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، كۆزى بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا ئېسىقلىق تۇرغان ئالتۇن قەپەسكە چۈشۈپتۇ. ئوتۇنچى ھېلىقى قەپەسكە زەن قو-يۇپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇددى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش بىر تۇخۇم يالتىراپ تۇرغۇدەك. ئۇ ئىچىدە، ئەجەب مېنىڭ تۇخۇمۇمغا ئوخشايدىكىنا دەپ، بىر قوينىدىكى تۇخۇم-غا، بىر قەپەستىكى تۇخۇمغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆر-گەن قەپەسنىڭ ئىگىسى، ئوتۇنچىغا:

— ھە، نېمىشقا قەپەسنى بويلاپ قالدىڭ؟ ئوغرىمۇسەن؟ كەت نېرى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— يوقسۇ، بايۋەچچە، — دەپتۇ ئوتۇنچى، — قەپەسنىڭ ئى-چىدىكى تۇخۇم مېنىڭ تۇخۇمۇمغا ئوخشاپ تۇرىدۇ، سېلىشتۇرۇپ

بېقىۋاتىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان بايۋەچچە ھەيران بولۇپ:

— قېنى، ئېلىپ باقە، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.



ئوتۇنچى كۆرسىتىپتۇ. بايۋەچچە شۇ يەردىلا ئوتۇنچىغا خۇشامەت قىلىپ، ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ.

— بۇنى ماڭا سېتىپ بېرىڭ، — دەپ يېپىشىۋاپتۇ بايۋەچچە.

— بوپتۇ، ساتسام ساتاي، — دەپتۇ ئوتۇنچى.

— قانچە بېرەي؟

— ئۆزىڭىز بىلىپ بېرىڭ.

— مىڭ تەڭگە بەرسەم قانداق؟

ئوتۇنچى ھەيران بولۇپ:

— ئادەمنى زاڭلىق قىلماڭ، — دەپتۇ ئۇنىڭغا.

بايۋەچچە ئۆز كۆڭلىدە، بەلكى بۇنى ئاز دەۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:

— بوپتۇ، بىر يېرىم مىڭ تەڭگە بېرەي، — دەپتۇ.

— زاڭلىق قىلماڭ، — دەپتۇ ئۆز توخۇمىنىڭ سىرىنى بىلمىگەن ئوتۇنچى، — راست ئالىدىغان ئىشىڭىز بولسا، ئۆزىنىڭ باھاسىنىلا ئېيتىڭ.

بايۋەچچە ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئىككى مىڭ تەڭگىگە

چىقىپتۇ. ھەيران بولغان ئوتۇنچى:
— قېنى، ئەكېلىڭ پۇلىڭىزنى، — دەپتۇ.
بايۋەچچە دەرھال ئىككى مىڭ تەڭگىنى ساناپ بېرىپ، ئوتۇنچىنى يولغا سېپتۇ. بايۋەچچە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ. سەۋەبى، بايا ئۇ توخۇم ئەمەس، بەلكى گۆھەر سېتىۋالغانىكەن.
ئوتۇنچى ئۆيىگە بېرىپ بولغان ئەھۋالنى خوتۇنىغا ئېيتىپ، ئىككى مىڭ تەڭگىنى يانچۇقىدىن چىقارغاندا، خوتۇنى ھەيران بولۇپ:
— ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ئوتۇنچىلىقنى تاشلاپ، ھەر كۈنى شۇ توخۇمدىن ئەكېلىپ ساتسىلا، پات ئارىدا باي بولۇپ كېتىمىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.
خوتۇنىنىڭ بۇ مەسلىھەتى بىلەن ئوتۇنچى ھەر كۈنى جاڭگالغا بېرىپ، ھېلىقى گۆھەر توخۇمدىن بىرنى ئەكېلىپ سېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ناھايىتى باي بولۇپ كېتىپتۇ.
بىر كۈنى خوتۇنى مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:
— ئەمدى ھەر كۈنى گۆھەر توخۇم ئەكېلىمەن، دەپ ئاۋارە بولغۇچە، شۇ توخۇنىڭ ئۆزىنىلا تۇتۇپ ئەكەلسىلە، ئۆيدە تۇغدۇرىلى.
ئوتۇنچى خوتۇنىنىڭ بۇ مەسلىھەتىنىمۇ ماقۇل كۆرۈپ، جاڭگالدىن ھېلىقى توخۇنى تۇتۇپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ. توخۇ ھەر كۈنى ئۆيدە بىردىن گۆھەر تۇغۇۋېرىپتۇ.
ھەر كۈنى گۆھەرنى سېتىۋېلىپ تۇرغان بايۋەچچە ئوتۇنچىنىڭ بۇ سىرىنى بىلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئاخىر ئوتۇنچىنىڭ گۆھەر تۇغىدىغان توخۇسى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش قەستىدە بوپتۇ. بايۋەچچە بىر كىتابتىن: «كىمكى گۆھەر تۇغىدىغان توخۇنىڭ بېشىنى يېسە پادىشاھ،

قانتىنى يېسە ۋەزىر بولىدۇ» دېگەن گەپنى كۆرگەنىكەن. بايـ ۋەچچە شۇ توخۇنى يېيىش ئۈچۈن ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنىنى ئازـ دۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى ياش ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇلى كۆپىيىپ، قېرى ئوتۇنچىدىن كۆرە ياش يىـ گىتلەر بىلەن كەيپ ـ ساپا قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىكەن. خوتۇنىنىڭ بۇ نىيىتى بايۋەچچىگە تازا ئەپ كەپتۇ. ئاخىر بايـ ۋەچچە بۇ خوتۇن بىلەن ئاشنا بوپتۇ، لېكىن ئوتۇنچىنىڭ ئۆيدە بولۇشى بايۋەچچىنىڭ ھېلىقى توخۇنى يېيىش قەستىگە يار بەرمەپتۇ. بىر كۈنى ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى بايۋەچچىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە ئېرىگە:

— ئەمدى خۇدايىم شۇنچە كۆپ دۇنيا بەرگەندىن كېيىن شۇنىڭ شۈكرانىسىغا بىر ھەج قىلىپ كەلسىلە، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئوتۇنچى ئويلاپ قارىغۇدەك بولسا، خوتۇنىنىڭ بۇ مەسلىـ ھەتى دۇرۇس. ئارتۇقچە ئىككىلەنمەي تەرەددۇتلىنىپ ھەرەمگە كېتىپتۇ. ھېلىگەر بايۋەچچە ئاخىر بۇ خوتۇننى ئۆزىگە رام قىلىۋالغاندىن كېيىن، خوتۇننى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىـ دىغان يەرگە يەتكۈزۈپتۇ.

بايۋەچچە بىر كۈنى خوتۇنغا:

— ئەگەر مېنى رازى قىلىمەن، ئۆمۈرلۈك ئاشنا قىلىمەن دېسىڭىز، توخۇيىڭىزنى سويۇپ، بېشى بىلەن قانتىنى ماڭا يېگۈزۈڭ. ئەگەر ماقۇل بولمىسىڭىز، ماڭا قىلمايسىز، ئۆزدـ ڭىزگە قىلىسىز، — دەپ قورقۇتۇپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خوتۇن ئالدىدا غەمگە پېتىپتۇ، بۇ شەرتنى ئورۇنداش بىر قىيىن، ئورۇندىماسلىق ئاندىن قىيىن. ئاخىر بايۋەچچىنىڭ ئاشنىدارچىلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىـ شە قىلىپ، مەيلى ئۆلتۈرسەم ئۆلتۈرەي، دۇنيامۇ كۆپىيىپ

قالدىغۇ دېگەن يەرگە كەپتۇ ـ دە، توخۇنى سويۇپ، بايۋەچچىدە-نى ئۈيگە باشلاپ ئەكەپتۇ.

ئۇتۇنچىنىڭ خوتۇنى ئېرى ھەرەمگە كەتكەندىن كېيىن بىر قولمۇ سېتىۋالغانىكەن. ئۇ توخۇنى قازانغا سېلىپ، قول-غا ئوت قالىغۇزۇپ، ئۆزى سارايدا بايۋەچچە بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە چۈشۈپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئىككى بالىسى مەكتەپتىن قايد-تىپ كەلسە، قازاندا بىرنەرسە قايناۋاتقان، قورسىقى ئېچىپ تۇرغان باللار تۇۋاقنى ئېچىپ قارىسا، قازاندا توخۇ گۆشى تۇرغان، دەررۇ توخۇنىڭ بېشىنى، ئىككى قانىتىنى ئاپتۇ ـ دە، چوڭ بالىسى بېشىنى، كىچىكى ئوڭ قانىتىنى يەپتۇ، سول قانىتىنى بولسا قولغا بېرىپتۇ.

بىر چاغدا خوتۇن چىقىپ قازاندا قالغان گۆشلەرنى تاۋاقىغا ئېلىپ، بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. بايۋەچچە قا-رىسا، توخۇنىڭ بېشى بىلەن قانىتى يوق، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— قېنى بۇنىڭ بېشى بىلەن قانىتى؟ ! بېشى بىلەن قا-نىتى بولمىسا، نېمە قىلىمەن بۇنى؟ ! ئاچىقىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىڭ ! — دەپتۇ.

ھەيران بولغان خوتۇن دەررۇ چىقىپ قولدىن سوراپتۇ. ئۇ:

— ھېلىراقتا ئىككى ئوغۇللىرى كېلىپ بېشى بىلەن قانىتىنى يەپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئۇققان بايۋەچچە بەك تېرىكىپتۇ. كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە: «توختا، كىتابتا ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، توخۇنىڭ بېشى بىلەن قانىتىنى يېگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يېسىمۇ بو-لىدۇ، دېگەنىكەن. ھېلىمۇ بولسا شۇنداق قىلاي» دەپتۇ ـ دە، خوتۇنغا:

— ئۇنداق بولسا شۇ ئىككى بالىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ماڭا يېگۈزۈڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئىشىڭىز چاتاق، — دەپ شەرت قويۇپتۇ. ئىلاجسىز قالغان خوتۇن ئاخىر بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپتۇ. دەررۇ قۇلىغا:

— سەن بېرىپ، ئىككى بالامنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر چۆلگە ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ئەكەل. ئەگەر مۇشۇ ئىشنى ئورۇندىساڭ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىمەن، بولمىسا ئۆلتۈرىمەن ! — دەپتۇ. قۇل «ماقۇل» دەپ، ئىككى بالىنى باشلاپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر چۆللۈككە ئاپىرىپتۇ. بالىلار ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— بىزنى نەگە ئاپىرىسەن؟ نېمە قىلىسەن؟

قۇل بالىلارغا ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭمۇ شۇ يەردە كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. ئىچىدە بۇ بالىلاردا نېمە گۇناھ بار؟ مەيلى، قۇللۇقتىن ئازاد قىلمىسىمۇ قىلمىسۇن، ئۆلتۈرسىمۇ مېنى ئۆلتۈرسۇن، بۇ ياش بالىلار كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرسۇن دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كۆڭلىدىكىنى بالىلارغا ئېيتىپتۇ. بالىلار:

— ئۇنداق بولسا، سەنمۇ بىكاردىن ـ بىكار ئۆلۈپ كەتمە، ئىككى كۈچۈك تاپايلى، شۇنى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى ئاپىرىپ بەرسەڭ سەنمۇ قۇتۇلىسەن، — دەپتۇ.

قۇلمۇ ماقۇل بوپتۇ. ئۇچەيلەن ئىككى كۈچۈكنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، قۇل ئىككى كۈچۈكنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئىككى بالا: «بىز ئەمدى ئۆيىمىزنى ئۇنتۇيلى، مۇشۇ كۆرۈنگەن تاغقا قاراپ ماڭايلى، باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ جېنىمىزنى جان ئېتەيلى» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، چۆللۈكلەرنى بېسىپ، نەچچە تاغلارنى ئېشىپ، بىر يەردە

ئىككى ئاچا يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ توختاپتۇ. قارىسا، بىر يولدا «بارسا كېلەر»، يەنە بىرىدە «بارسا كەلمەس» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي تۇرغۇدەك. ھەر ئىككىسى بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەيلى دېيىشىپ، كىچىكى «بارسا كەلمەس»، چوڭى «بارسا كېلەر» دېگەن يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

ئاكىسى بىرقانچە ئاي جاپالىق يوللارنى بېسىپ، بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شەھەردە ئادەم دىدارى يوق، ھەممىلا ئادەم شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن بالىمۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ. ئەتراپقا نەزەر سالسا، كەڭ تۈزلەڭلىكتە مىڭ - مىڭ ئادەم ئاسمانغا قارىشىپ تۇرغان. بالا ئاسمانغا قارىسا، بىر قۇش ئادەملەرنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگۈدەك. ئادەملەرنىڭ بەزىسى قوللىرىدا ئۆپكە، بېغىرغا ئوخشاش نەرسىلەرنى پۇلاڭلىتىپ، قۇشقا قاراپ «كەھ - كەھ» دېيىشىۋاتقان. بالا ھەيران بولۇپ، سورۇشتۇرۇپ بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپتۇ: بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى يېقىندا ئۆلگەنىكەن، لېكىن ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرمۇ پەرزەنتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ ئۆلەر ۋاقتىدا: «سارىيىمدىكى بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇڭلار، قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ پادىشاھ بولسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن. بۈگۈن بولسا پادىشاھنىڭ شۇ ۋەسىيىتى بويىچە قۇشنى ئۇچۇرۇپ، ھەركىم ئۆز بەختىنى سىناش ئۈچۈن بۇياققا چىققانىكەن.

بالا بىر چاغدا ئاسمانغا قارىسا، قۇش ئۇنىڭغا قاراپ شۇڭغۇپ كېلىۋاتقان. ئادەملەر قۇشنى نەگە قوناركىن دەپ، كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. قۇش شۇڭغۇپ كەلگەن پېتى بالىنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. بالا پادىشاھلىقنى نېمە قىلاي دەپ، قۇشنى بېشىدىن ئېلىپ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. باشقىلار بالىغا

ھەيران بوپتۇ. ھېلىقى قۇش ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا يەنە قونۇپتۇ. بالا يەنە ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇچىنچى قېتىم يەنە كېلىپ قونغاندا، كىشىلەر بالىنى مۇبارەكلەپ، ئۇنىمغىنىغا قويماي پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزۇپتۇ.



بۇ ئىش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز ئەمدى گەپنى ئۇنىڭ ئىنىسىدىن ئاڭلايلى:

ئىنىسى ھېلىقى «بارسا كەلمەس» يولغا مېڭىپ، ئاۋۋال قېلىن بىر جاڭگالنىڭ ئىچىدە كىرىپتۇ، ئۇنىڭدىن چىقىپ بىر قورقۇنچلۇق تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدىلا بىر يەردىن قىپقىزىل ئوت كۆتۈرۈلۈپ، كېيىن شۇ ئوت چىققان يەردىن بىر نەرسە ئۇنى دەم تارتىپتۇ. بالا بوراندا ئۇچقان قامغاقتەك دومىلاپ بىر غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئېسىنى يىغىپ شۇنداق قارىسا، ئالدىدا بېشى داش قازاندەك، تومۇلۇقى قېرى توغراقتەك، ئۇزۇنلۇقى قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان بىر ئەجدىھا تۇرغۇدەك. ئەجدىھا شۇ زامات قوزغىلىپ، تاغ باغرىدىكى ئۆيدەك بىر تاشنى يۆتكىگەنىكەن، ئۇ يەردىن بىر غار ئېچىلىپتۇ، ئەجدىھا بالىنى ھەيدەپ غارنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپتۇ. بالا كىرىپ قارىسا، غارنىڭ ئىچى تۈرلۈك جان - جانىۋار ۋە ئادەملەر بىلەن تولغان. ئەسلىدە بۇلار ئەجدىھانىڭ يەيدىغان ئوزۇقلىرى ئىكەن. ئەجدىھا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم

ئۇۋىغا چىقىپ، يۈزلەپ جان - جانىۋارلارنى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەملەرنى دەم تارتىپ مۇشۇ يەرگە ئەكىرىدىكەن، قورسىقى ئاچقاندا بولسا، بىر چەتتىن كاۋاپ قىلىپ يەيدىكەن. بالا بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا خەنجىرى بارئىكەن. ئۇ خەنجەر بىلەن غارنىڭ بىر چېتىنى تېشىشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا ئەجدىھا غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئون غۇلاچ كېلىدىغان تۆمۈر زىخنى غارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئىلىنغاننى زىخقا سانجىپ كاۋاپ قىلىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. بالا ئادەملەر بىلەن بىللە غارنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىغا بىرىۋاپتۇ. ئەجدىھا بەش - ئالتە قېتىم شۇنداق قىلىپ كاۋاپقا تويغاندىن كېيىن غارنىڭ ئاغزىنى ھېلىقى يوغان تاش بىلەن يېپىپ قويۇپ، ئۆزى شۇ تاشقا بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەجدىھا بىر ئۇخلىغاندا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدىكەن. بالا ئەجدىھانىڭ ئۇخلىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، غارنى تېشىشنى داۋام قىپتۇ. ئىككى كېچە - كۈندۈز دېگەندە ئاران ئادەم پاتقۇدەك تۆشۈك تېشىپ سىرتقا چىقىپ قارىسا، ئەجدىھا مەلەق ئۇيقۇغا كەتكەن، بىر تەرەپكە قارىسا، ئەجدىھانىڭ كاۋاپ پىشۇرىدىغان زىخى ئوتتا قىپقىزىل بولۇپ تاۋلىنىپ تۇرۇپتۇ. بالا چەبدەسلىك بىلەن ھېلىقى زىخنىڭ سېپىدىن تۇتۇپ ئوتتىن ئېلىپ ئەجدىھانىڭ مېڭىسىگە تىقىۋېتىپتۇ، ئەجدىھانىڭ مېڭىسى ۋاژ - ۋۇژ قىلىپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ئەجدىھا جان ئاچچىقىدا بىر تولغىنىپتۇ - دە، ھايال قىلماي ئۆلۈپتۇ. بالا ئاندىن غار ئىچىدىكى ئادەملەرنى ۋە جان - جانىۋارلارنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ.

بالا يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا، ئالدىغا ئۈچ قاراقچى ئۇچراپتۇ. ئۇلار بىر پادىشاھنىڭ كۆمەقاپتىن ئالدۇرۇپ

كېلىۋاتقان ئۈچ ئېسىل نەرسىسىنى بۇلىغانىكەن. ئۇنىڭ بىرى ئۇچىدىغان گىلەم، يەنە بىرى مىنسە دۇلدۇل، دەرياغا قويسا كۆۋرۈك بولىدىغان ھاسا، يەنە بىرى تۇماق، كىمكى ئۇنى كى-يىۋالسا ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىكەن. ئۈچ قاراقچى بۇ نەرسى-لەرنى بۆلۈشەلمەي، دەتالاشتا تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قال-غان بالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى نەرسىلەرنى بۆلۈپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بالا رازى بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىرىڭلار ماڭا ئوقيايىڭلارنى بېرىڭلار، مەن ئۈچ تە-رەپكە قارىتىپ ئوق ئۈزىمەن، ھەربىرىڭلار بىرىنى تېپىپ كېلىسىلەر. كىم بۇرۇن تېپىپ كەلسە، گىلەمنى شۇ ئالىدۇ. ئىككىنچى قېتىم تېپىپ كەلگىنى ھاسىنى، ئۈچىنچى قېتىم تېپىپ كەلگىنى تۇماقنى ئالسۇن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ قاراقچىلار.

بالا ئوقيانى ئېلىپ ئۈچ تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئۈچ قاراقچى ئوققا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. بالا شۇ زامات ھېلىقى تۇماقنى بېشىغا كىيىپ، ھاسىنى قولغا ئېلىپ، گى-لەمگە چۈشۈپ: «ئۇچ گىلەم» دەپتۇ. گىلەم ئاسمانغا كۆتۈرۈ-لۈپ، بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۈچ قاراقچى لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.

بالا ئۇچۇپ بىر يەرگە كېلىپ تۆۋەنگە قارىغۇدەك بولسا، چىرايلىق بىر باغ كۆرۈنۈپتۇ. بالىنىڭ مۇشۇ باغدا ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالغۇسى كەپتۇ ـ دە: «چۈش گىلەم!» دەپتۇ، گىلەم باغ ئىچىدىكى بىر كۆكۈلمەيدان — چىمەنزارلىققا چۈشۈپتۇ.

بۇ باغ مۇشۇ يۇرتتىكى پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ كۆڭۈل ئا-چىدىغان جايى ئىكەن. شۇ كۈنى باغقا پادىشاھنىڭ قىزى سەي-لىگە چىققانىكەن. بالىنىڭ گىلەم بىلەن بۇ يەرگە ئۇچۇپ

چۈشۈشى مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرىنى مېۋە ئۈزۈپ كېلىشكە بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ھېلىقى چىمەنزارلىققا كېلىپ تۇرۇشقا توغرا كەپتۇ. مەلىكە بۇ گىلەمنىڭ كارامىتىگە ھەيران بوپتۇ. ئىشقىلىپ، مۇشۇ گىلەمنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ - دە، دەررۇ ئۆزىنى بالىغا ئاشىق قىلىپ كۆرسىتىپتۇ، تۈرلۈك شېرىن سۆزلەر بىلەن بالىنى ئالداشقا باشلاپتۇ. ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس مەلىكىنىڭ تۈرلۈك شېرىن - شېكەر سۆزلىرىگە ئىشەنگەن بالا ئۇنى ئۆز يارى قىلىش قارارىغا كەپتۇ. بالىنى ئالدىيالىغىنىغا خۇشال بولغان مەلىكە بۇ گىلەمنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ، گىلەمنى بۇ يەردىلا ئېلىۋالغىلى بولماس، بالا بىلەن گىلەمگە ئولتۇرۇپ بىر چۆللۈككە بارىلى، شۇ يەردە بالىنى قالدۇرۇپ، ئۆزۈم گىلەمگە ئولتۇراي - دە، ئۇچۇپ ئۆيۈمگە راۋان بولاي، دەپ ئويلاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئىككىمىز بىللە ئۇچۇپ چىقىپ، چەت - ياقىلارنى سەيلە قىلىپ كېلىلى، — دەپتۇ قىز.

مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى ھىيلىنى ئۇقمىغان بالا:

— بوپتۇ، ئولتۇرۇڭ، سىزنى ئوينىتىپ كېلەي، — دەپ مەلىكىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇلار ئۇچۇپ بىردەمدىلا بىر چۆل - جەزىرىگە بېرىپ قاپتۇ. بالا ئاۋۋال گىلەمدىن چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىستىۋاراغا ئولتۇرۇپ قالغىنىدىن پايدىلىنىپ، مەلىكە «ئۇچ گىلەم!» دەپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بالا دەررۇ ھېلىقى تۇمىقىنى كىيىپ، ھاسىنى دۈلدۈل قىلىپ مىنىپ ئارقىدىن قوغلاپتۇ. قىزمۇ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ گىلەمدىن چۈشەي دېيىشىگە، بالا يېتىپ

كېلىپ سەكرەپ گىلەمگە چىقىپتۇ ــ دە: «ئۇچ گىلەم !» دەپ-
تىكەن، گىلەم يەنە كۆتۈرۈلۈپتۇ. چوشۇشكە ئۇمتۇلۇپ تۇرغان
قىز يەرگە تىك موللاق چۈشۈپتۇ. بالا ئۇچقان پېتى ئاكىسىنى
ئىزدەپ، ئاخىر ئۇ تۇرغان يۇرتقا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ شە-
ھەرگە كەلگەن كۈنى ئاكىسىنىڭ يېڭى پادىشاھ بولغان ۋاقتى-
غا توغرا كەپتۇ. ئاكىسىنىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردەك بىرقانچىسىنىڭ ئۇستىدىكى پا-
دىشاھلىق ئىكەن. ئاكىسى ئۇكىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ــ
ئەھۋال سورىشىپ، شۇ يەردە ئۇنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر
قىلىپ تەيىنلەپتۇ.
ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، ئاكا ــ ئۇكا ئىككىسى
ئۆز ئۆيىنى ئەسلىشىپتۇ. قارا كۆڭۈل ئانىسىنىڭ نېمە قى-
لىۋاتقانلىقىنى، ساددا دادىسىنىڭ نېمە كۈنلەرنى كەچۈرۈۋات-
قانلىقىنى ئويلاپ، ئاخىر ئۆزلىرى بىر بېرىپ كېلىش قارارى-
غا كەپتۇ.
ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدىن گەپ ئاڭلايلۇق:
ئانىسى ھېلىقى قول ئاپىرىپ بەرگەن ئىككى كۈچۈكنىڭ
يۈرىكىنى بايۇەچچىگە بېرىپتۇ. خوتۇن قولنى ئازاد قىلىۋې-
تىپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى
بايۇەچچە بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ھېلىقى يېگەن يۈرەك
ئادەمنىڭ ئەمەس، ئىتنىڭ يۈرىكى ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ.
ئۇ تىت ــ تىت بولۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك يەرگە
كەپتۇ. ئۆزىنىڭ يامان ھەۋىسىدىن ياخشىلىق تاپالمىغان خو-
تۇنمۇ سەرسانلىقتا قاپتۇ.
كۈنلەردىن بىر كۈنى ئېرى ھەرەمدىن قايتىپ كەپتۇ.
خوتۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا يىغلاپ چىقىپ:
— سىلى كەتكەندىن بېرى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،

ئىككى بالام بىلەن گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ ئۆلۈپ كەتتى، — دەپ هازا ئېچىپتۇ. ئېرىمۇ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر: «قانداق قىلىمىز، خۇدادىن كەلگەن ئىشقا نېمە چارە، تەقدىر-گە تەن بەرگۈلۈك» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ هويلىسىغا بىر گىلەم ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن پادىشاھ-لىق كىيىملىرىنى كىيگەن ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئوغلى چۈشۈپ كېلىۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرۈپ، بوۋاي:

— ۋاي باللىرىم! — دەپ قۇچاقلاپ يىغلاپ كۆرۈشۈپ-تۇ. ئانىسى نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ.

باللار ئاتىسىغا بولغان ئەھۋاللارنى، ئانىسىنىڭ قارا كۆڭۈللۈك بىلەن قىلغان ئىشلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، بوۋاي ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي خوتۇنىنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ.

باللار ئاتىسىنى پادىشاھلىققا تەكلىپ قىلغانىكەن، بوۋاي:

— بۇ ئىش سىلەرگە لايىق. مەن قېرى ئادەمنىڭ قولىدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ، —



دەپ پادىشاھ بولغىلى زادى ئۇنىماپتۇ. باللار ئاخىر ئاتىسىنى ئېلىپ قايتىپ-تۇ. هېلىقى بايۋەچچىنى ئۆمۈرلۈك زىندانغا تاشلاپ، ئۆزلىرىنى ئۆ-لۈمدىن ئازاد قىلىۋەتكەن هېلىقى قۇلنى سول قول ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

# ئۇشتىگەرنىڭ چارىسى

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئارىسىدا بىر ئۇشتىگەر ياشىغانىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەكەلگەن ماتاسىنى ئۇشتە قىلىپ (سىلىقلاپ) بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن جان باقىدىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىر ئۆچكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سۇتىدە چاي سۇتلەپ ئىچىدىكەن، قايمىقىنى تولكە ئوغرىلاپ ئىچىپ كېتىدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇشتىگەرنىڭ خوتۇنى ئېرىگە:

— ئۆيدە قالغۇدەك ھېچنېمە قالمىدى، مەن قالدى-قاتتى ئۇننى يىغىشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرسام، سىلى جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن ئەكەلسىلىمۇ بوپتىكەن، — دەپتۇ. ئۇشتىگەر:

— ماقۇل، — دەپتۇ-دە، بىر چىنە قېتىقنى ئېلىپ، ئۇستىگە بىر زاغرىنى يېپىپ، ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپ، كەكىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ: «جاڭگال دېگەن نەدىسەن؟» دەپ يولغا چۈشۈپتۇ. جاڭگالغا يېقىن قالغاندا، بىر چىغنىڭ تۈۋىدىن بىر جۈپ تورغاي ئۇچۇپ چىقىپتۇ، ئۇشتىگەر ئېڭىشىپ قارىسا تورغاينىڭ ئۇۋىسى، ئۇنىڭدا بىرنەچچە تورغاي تۇخۇمى تۇرغۇدەك. كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلىكتىن تۇخۇمدىن ئىككىنى ئېلىپ قوينىغا سېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. چاشگاھ

ۋاقتى بىلەن ئوتۇن ئالىدىغان جاڭگالغا بېرىپتۇ. بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن يەرنى كولاپ قېتىق بىلەن نانىنى سوغۇقراق تۇرسۇن دەپ شۇ يەرگە قويۇپ، ئۇستىگە شاخ ـ شۇمبا بىلەن بەلگە قىپتۇ، «بۇ يەرنى تاپالماي قالماي» دەپ ئارغامچىنىمۇ تاشلاپ، ئۇچىنى سۆرىتىپ قويۇپ، جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ مې-ڭىپتۇ ۋە قۇرۇق دەرەخلەرنى تېپىپ كەسلەشكە باشلاپتۇ. نەق شۇ چاغدا ئۇشتىگەرنىڭ ئالدىدىن بېشى بولۇتتا، ئۆزى يوغان ۋە كۆرۈمسىز، سەت بىرنەرسە چىقىپ كېلىپ:

— سەن كىم؟ بۇ يەردە نېمە ئىزدەپ ئۆمىلەپ يۇرسەن؟ — دەپ ھەيۋە بىلەن سوراپتۇ.

ئۇشتىگەر قارىسا، بىر بەھەيۋەت دىۋە. ئۇ ئۆزىنى تونۇ-تىپتۇ:

ئېتىم مېنىڭ ئەلەم نۇر،
كەسپىم بىلسەڭ ئۇشتىگەر،
داڭقىم ئالەمگە مەشھۇر.
ئىشىتسە مېنى دىۋىلەر،
ئۇخلىيالماس راھەتتە.
كۆھىقاپمۇ قوزغىلار
قالمايلى دەپ غەپلەتتە.
ئەمما مەنمۇ بوش ئەمەس،
جاڭگاللارنى كېزىمەن.
ئاختۇرۇپ توقايلارنى،
دىۋىلەرنى ئىزدەيمەن.
چۈنكى مېنىڭ ئوزۇقۇم
دىۋىلەرنىڭ گۆشىدۇر.
ناشتىلىقىم ئالۋاستى،
ئىنسۇجىنىنىڭ تۆشىدۇر.



دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دىۋىنىڭ يۈرىكى جى-غىلداپ، كۆزلىرى چەكچىيىپتۇ ۋە ئۆز ئايىغى بىلەن رەقىبى-نىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. دىۋىنىڭ ئا-رىسالدى بولۇپ قال-غانلىقىنى كۆرگەن ئۇشتىگەر:

— سەنچۇ، بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ دىۋە بوش كەلمەسلىككە تىرىشىپ، — دىۋىلەرنىڭ باتۇرىمەن. ئۆزۈندىن بېرى ئادەم گۆشى يېيىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، مۇشۇ ئارزۇ يولىدا تالاي دەشتلەرنى كەز-دىم، بىراق ئىشىم ھېچ ئوڭدىن كەلمىگەنىدى، بۈگۈن مۇشۇ جاڭگالنى بىر ئۇۋلاپ باقاي دېگەن نىيەتتە بۇ يەرگە كېلىپ سېنى كۆردۈم.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئۇشتىگەر، — كەل، ئىككى-مىز كۈچ سىنىشىپ باقايلى، سەن يەڭسەڭ، مېنى يە، مەن يەڭسەم، سېنى يەي!

دىۋە بۇ تەكلىپكە كۆنۈپتۇ ۋە ئالدىدا چۈمۈلىدەك ئۆمىلەپ يۈرگەن بۇ ئادەمنى قانداق قىلىپ يەڭسەم بولىدىكىن، دېگەن خىيالدا قاپتۇ.

— مەن بىلەن كۈچ سىنىشىشقا رازى بولدۇڭ - ھە؟ —

دەپ قايتا سوراپتۇ ئۇشتىگەر.

— ھە... ئە... — دەپتۇ دىۋە دۇدۇقلاپراق.

— چىلىشايلى دىسەك، سىنىڭ بويۇڭ ئىگىز، مىنىڭ بويۇم پەس، قاملاشمىغۇدەك. ئەگەر سەن رازى بولساڭ، ئىككىمىزنىڭ قايسىمىز يەرنىڭ مىگىسىنى چۇۋۇپ، توغراقتىن ياغ چىقىرالىساق، شۇنى باتۇر سانايلى، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاننى بىلگىنىمىزنى قىلايلى، — دەپتۇ ئۇشتىگەر. دىۋە بۇ شەرتكە كۆنۈپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، نۆۋەت سىنىڭكى، قىنى، يەرنىڭ مىگىسىنى چۇۋۇپ، ئاۋۇ توغراقتىن ياغ چىقىرىپ باقە ! — دەپتۇ ئۇشتىگەر.

دىۋە غەزەپ بىلەن تۇگۇلۇپ يەرنى تەپكەنىكەن، يەردىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كىتىپتۇ، بىراق يەرنىڭ مىگىسى چۇۋۇلماپتۇ. ئۆز ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن دىۋە خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇشتىگەر:

— ھىلىھەم نۆۋەت سىنىڭ، ئەگەر سەن ئاۋۇ توغراقتىن ياغ چىقىرالىساڭ، يولۇڭغا كىتىۋەر، بولمىسا مەن كۇچۇمنى كۆرسىتىپ، بىلگىنىمنى قىلىمەن، — دەپتۇ.

دىۋە ئۇشتىگەر كۆرسەتكەن توغراق غولىنى قامالاپ، پۈتۈن كۇچىنى يىغىپ تۇرۇپ سىققانىكەن، توغراقنىڭ قوۋزاقلىرى ئاجراپ قولىغا چىقىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ يىغى كۆرۈنمەپتۇ.

— ئەمدى سەن قاراپ تۇر، مەن كۇچۇمنى كۆرسىتەي، — دەپتۇ ئۇشتىگەر.

ئۇشتىگەر قىتىقنى كۆمۈپ قويغان يەرنىڭ ئۇستىگە كىلىپ، يەرنى بىر تەپكەنىكەن، قىتىق توپىغا مىلىنىپ چاچراپ چىقىپتۇ. كىيىن ھىلىقى دىۋە سۇندۇرۇۋەتكەن توغراقنىڭ

قېشىغا بېرىپ، قويىنىدىن تورغاينىڭ تۇخۇمىنى ئېلىپ، دىۋە-گە كۆرسەتمەي ئىككى ئالقىنىغا قويۇپ توغراقنى سىققانـ-كەن، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن تۇخۇمنىڭ سېرىقى بىلەن ئېقى ئېقىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دىۋە ھاڭقېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇشتىگەردىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. دىۋىنىڭ ئەندىشىدە قالغانلىقىنى سەز-گەن ئۇشتىگەر:

— ھەي دىۋە، ئېيتىپ باقە، قايسىمىز كۈچلۈك ئىكەن-مىز؟ ! — دەپتۇ.

— سىز ! — دەپتۇ دىۋە، كېيىن، — مەن سىزگە كۆپ بىئەدەپلىك قىپتىمەن، ئەگەر مالال كەلمىسە، شۇ بىئەدەپلىد-كىمنى كەچۈرسىڭىز، ئىككىمىز دوست بولساق، بۈگۈن مې-نىڭ مېھمىنىم بولۇپ، ئۆيۈمگە بىللە بارسىڭىز.

— خوپ ! — دەپتۇ ئۇشتىگەر، — مەن بۇ چاغقىچە ھېچكىمنىڭ گېپىنى يەردە قويغان ئەمەس، سېنىڭ خالىغى-نىڭچە بولسۇن !

ئۇشتىگەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دىۋە خۇشاللىقتىن ئۆ-زىنى ئاران توختىتىپ، مېھمىنىنى باشلاپ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە ئۇشتىگەرنى تۈرلۈك تائام ۋە مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىپ-تۇ. ئۇشتىگەر ئالدىغا تىزىلغان تائام ۋە مېۋىلەر ئىچىدىن كۆزىگە چىرايلىق ۋە ئاجايىپ كۆرۈنگەنلىرىنى ئېلىپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئاڭغىچە كۈن پېتىپ زاۋال بوپتۇ. دىۋە ئۇشتىگەرنىڭ ناھايىتى ئاز تائام يېگەنلىكىگە ھەيران قالغان بولسىمۇ، سوراشقا پېتىنالماي، ساراي ئۆيىنىڭ ئوتتۇ-رىسىغا ئورۇن سېلىپ ئۇشتىگەرنى ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇشتىگەر كىرىپ قارىسا، دىۋىنىڭ سالغان ئورنى تۆڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىدا ئىمىش. ھە، بۇ ھارامزادە مېنى كېچىچە

ئۆلتۇرۇشنى پەملەپتۇ دەپ، چىراغنىڭ يورۇقىدا تۆت تەرەپكە
قارىسا، ھەر يوغان تەكچىلەر تۇرغۇدەك. ئەگەر بىرەر ئىش
بولسا تەكچىگە چىقىۋېلىشنى ئويلاپ، ئورۇنغا كىرىپ يالغاز-
دىن ئۇخلىغان بولۇپ پۇشۇلداپتۇ. خېلىغىچە ئىشىكنىڭ يو-
چۇقىدىن ماراپ تۇرغان دىۋە ئۇشتىگەرنىڭ پۇشۇلدىشىنى
ئاڭلاپ تالاغا مىڭىپتۇ. ئۇشتىگەر قولاق سېلىپ ياتسا، بىر
چاغدا سارايىنىڭ ئۆگزىسى غارسىلداشقا باشلاپتۇ. ئۇشتىگەر
دەرۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەكچىگە چىقىۋاپتۇ. دىۋە تۆڭلۈكنىڭ
ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۇشتىگەرنىڭ ياتقان يېرىگە تاش تاشلاپتۇ.
بۇ ئىش تاڭ ئاتقۇچە تەكرارلىنىپتۇ. تاڭ ئېتىپ، كۈن قى-
زىرىشقا باشلىغاندىلا دىۋە تاش ئېتىشنى توختىتىپ، ئۆگزى-
دىن چۈشۈپتۇ. بۇنى سەزگەن ئۇشتىگەر دەرھال ئورۇنغا كى-
رىپ يېتىۋاپتۇ. دىۋە
ئىشىكنىڭ ئالدىدا
بىردەم تۇرۇپ تىڭ-
شىسا، ئۇشتىگەرنىڭ
خورىكى ئاڭلىنىۋات-
قۇدەك. ئىلگىرى
تاشلىغان تاشلىرىغا
كېيىنكى تاشلىغان
تاشلىرى تېگىپ
قاڭقىپ يوتقاننىڭ
ئۈستىدە بىر تالمۇ
تاشنىڭ قالمىغانلى-
قىدىن خەۋەرسىز
قالغان دىۋە سارايىنىڭ
ئىشىكىنى ئېچىپ



قارىسا، ئۇشتىگەر يوتقاننىڭ ئىچىدە ئاۋۋال ئاخشامقىدەك پۇشۇلداپ ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن دىۋە بۇ ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن، ھەرنېمە بولسا بىر ئەھۋال سوراپ باقاي دەپ ئويلاپ:

— ھەي بۇرادەر، تاڭ ئاتتى، ئۇخلاۋېرەمسىز؟ — دەپتۇ. ئۇشتىگەر بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ:

— كېچىدىن بۇرگىلىرىڭ يوتقاننىڭ ئۇستىدە جەڭ قىلىپ ئۇخلاتمىدى. ئەمدى كۆزۈم ئۇيقۇغا بېرىپتىكەن، سەن ۋارقىرىغىلى تۇردۇڭمۇ؟! — دەپتۇ. ئۇشتىگەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دىۋە مەن تاشلىغان تاشلارغا ئۆلمەي، ئۇنى تېخى بۇرگىگە ئوخشىتىۋاتىدۇ، دېمەك، بۇ ھەقىقىي باتۇرنىڭ ئۆزى ئىكەن، بۇنىڭ بىلەن مەن زادى تەڭ كېلەلمىگۇدەكمەن دەپ، قايتىپ چىقىپ، ئۇشتىگەرنىڭ ئەتىگەنلىك چېيى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپتۇ. چايمۇ ئىچىلىپتۇ. ئۇشتىگەر خوشلىشىپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، دىۋە بىر ساندۇقتا ئالتۇن قاچىلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— ئەي پالۋان، بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغىتىم، ئالغاچ كېتىڭ! — دەپتۇ.

ئۇشتىگەر قارىسا، يوغان بىر ساندۇق. ئۇنى كۆتۈرۈش ئەمەس، ئورنىدىن يۆتكەشكىمۇ خېلى كۈچ كېرەك. «بۇ يەردىمۇ بىر ھىيلە ئىشلىتەي» دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىۋىگە:

— بىزنىڭ رەسىم - قائىدىمىزدە، بىرەر كىشى دوستلىرىغا يوللۇق تۇتسا، ئۇنى ئۆزى ئاپىرىشىپ بېرىدۇ. ئەگەر سەنمۇ بۇنى كۆڭۈل - كۆكسۈڭدىن چىقىرىپ سوۋغات قىلغىنىكەنسەن، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەرگىن، بولمىسا، مەن ئەكەتمەيمەن، — دەپتۇ.

دىۋە بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ، ئۇشتىگەر بىلەن بىللە

ساندۇقنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ يولغا چۈشۈپتۇ. بۇلار ئاز ماڭ-دىمۇ - جىق ماڭدىمۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ئىشقىلىپ ئۆشتىگەرنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەپتۇ. بۇ چاغدا ئۆشتىگەرنىڭ خوتۇنى ئۆگزىگە چىقىپ ئېرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇرغا-نىكەن. بۇنى كۆرگەن ئۆشتىگەر دىۋىگە قاراپ:

— ئەي بۇرادەر، كۆردۈڭمۇ، مېنىڭ خوتۇنۇم ئۆگزىگە چىد-قىپ يولۇمغا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئالدىراق بېرىپ سېنىڭ بىلەن ئاغىنە بولغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ.

دىۋە بۇ سۆزگە ماقۇل بولۇپ، ساندۇقنى يەرگە قويۇپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئۆشتىگەر ئۆيىگە كېلىپ:

— خوتۇن، چاققان بول، ئۆيگە كىر، قازان - قومۇچۇڭ-نى تاراقشىتىپ تۇر. مەن ئاۋۇ دىۋىنى باشلاپ كىرگەندە، سەن ماڭا: «هوي، مېهمانغا ئېتىدىغان ئاشقا قايسى دىۋىنىڭ گۆ-شىنى توغرايمەن؟» دېگىن، — دەپتۇ. خوتۇنى بۇ گەپكە هەيران بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭ تېگىدە بىرەر سىر بولسا كېرەك دەپ، ماقۇل بوپتۇ.

ئۆشتىگەر دىۋىنى باشلاپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاپ-تۇ. دىۋىنى ئۆيگە باشلاي دېسە، ئۇنىڭ پاتمايدىغانلىقىنى بى-لىپ، ئىشىك ئالدىغىلا سورۇن تۈزۈپتۇ. بۇلار ئەمدى ئولتۇر-غانىكەن، ئۆي ئىچىدىن ئۆشتىگەرنىڭ خوتۇنى:

— هوي ئادەم، مېهمانغا چوڭ دىۋىنىڭ گۆشىنى توغراي-مۇ، كىچىكىنىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۆشتىگەر جاۋاب بەرگۈچە، دىۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قې-چىپتۇ. دىۋىنى قاچۇرغان ئۆشتىگەر خوتۇنىغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپ، ساندۇقتىكى ئالتۇننى ئۆيىگە توشۇشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى سۆزنى تۈلكىدىن ئاڭلايلى:

ئۈشتىگەرنىڭ ئۆچكىسىنىڭ سۈتىدىن سۇزۇۋېلىنغان قايـ-
ماقنى ئىچىپ ئۆگىنىپ قالغان تۈلكە تىلىنى بىر غىېرىچ
چىقىرىپ كېلىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۈشتىگەرنىڭ ئۆيىدـ-
ـدىن قاچقان دىۋە ئۇچراپتۇ. دىۋىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاـ-
رىماي قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۈلكە:

— ھەي دىۋە، نېمىدىن شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭ؟ —
دەپتۇ. دىۋە تۈلكىگە ئۈشتىگەرنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپـ-
ـتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۈلكە:

— ھەي ئەخمەق، «ئېگىز ئادەم ئەخمەق كېلىدۇ» دېگەن
راستكەن. بويۇڭغا قارىسا، بۇلۇتقا تاقىشىدۇ، ئەمما مېنىڭچىدـ-
ـلىكمۇ ئەقلىڭ يوق ئىكەن. مەن كۇندە بېرىپ ئۇنىڭ ئۆچـ-
ـكىسىنىڭ سۈتىنىڭ قايمىقىنى قاقشىتىپ تۇرۇپ ئىچىپ
كەلگەن يەردە، سەن قاچساڭ قانداق بولغىنى؟ يۈر، مەن سېنى
باشلاپ بېرىپ ئۈشتىگەردىن ھەممە ئەلىمىڭنى ئېلىپ بېرەي،
خالىساڭ ئالدىڭغىمۇ سېلىپ بېرەي! — دەپتۇ.

— بۇ گەپنى سەن راستتىن ئېيتىۋاتامسەن؟ — دەپتۇ
دىۋە.

— ھەئە، — دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ. دىۋە
ئويلاپ، تۈلكە دېگەن ھارامزادە بولىدىغان، بۇ يوغان گەپ قىلـ-
ـلىپ ئاپىرىپ مېنى بىر بالاغا تىقمىسۇن يەنە دېگەن يەرگە
كەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دىۋە، — كەل، قۇيرۇقۇڭغا
ماۋۇ ئارغامچىنى باغلاپ شۇنى تۇتۇپ ماڭاي، ئەگەر مېنى
ئالدايدىغان بولساڭ، بىلىپ قوي، قۇيرۇقۇڭ مەندە، ئۆزۈم
بىلگەننى قىلىمەن.

تۈلكە بۇ شەرتكە كۆنۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى
يولغا چۈشۈپتۇ.

ئالتۇننى ئۆيگە توشۇپ بولغان ئۇشتىگەر ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالغىنىدا، كۆزىگە يېتىلىشىپ كېلىۋاتقان تۈلكە بىلەن دۇۋە چېلىقىپتۇ. ئۇشتىگەرنى غەم بېسىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، كۆڭلىنى توختىتىپ قارىسا، تۈلكە يېقىنلا كېلىپ قالغانمىش.

— ھەي ھارامزادە تۈلكە، — دەپتۇ ئۇشتىگەر تۈلكىگە خىتاب قىلىپ، — مەندىن بىر دۇۋىگە پۇل ئالغىنىڭغا ھەپتە بولدى، ئۈچ كۈندە كېلىمەن دەپ كېلىشىڭ بۇگۈنمۇ؟ بۇمۇ مەيلى، يەنە كېلىپ مېنىڭ ئاغىنەمنى ئالداپ كەلگىنىڭ ئۇ. چۇن مەن سېنى قانداق قىيناپ ئۆلتۈرسەم بولىدۇ. قېنى، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېيتىپ باقە؟!

ئۇشتىگەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دۇۋە تۈلكە مېنى سات. قىلى ئەكەلگەنىكەن، دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، تۈلكىنى سۆرىگەن پېتى باياۋانغا قېچىپتۇ ۋە كېتىپ بېرىپ تۈلكىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە بىر ئۇرۇپتىكەن، تۈلكىنىڭ غىققىدە جېنى چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇشتىگەر تۈلكىنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە خۇشال ياشاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇنىڭدىن بۇيان دۇۋە ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان بولغانمىش.

# تېرىك - تېرىك كەم ئوغاق

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر تۆمۈرچىنىڭ قىرىق ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭلىرى بازغان سوققۇدەك، كە-چىكلىرى كۆرۈك باسقۇدەك بوپتۇ. ئارىدىن يەنە ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈرچى ئۇستا ئوغۇللىرىنى ئۆي-لەپ قويۇش ئارزۇسىنى قىپتۇ. بىر كۈنى ئۇستا ئۆيدە خوتۇ-نى بىلەن ئولتۇرۇپ: «قىرىق قېتىم توي قىلغۇدەك ماجالى-مىز يوق، بىرلا قېتىم توي قىلايلى. قىرىقىغا قىرىق يەردىن قىز ئېلىپ بەرسەك، قىرىق كېلىن پېتىشمايدۇ، شۇڭا قىرىق قىزى بار كىشى بىلەن قۇدا بولايلى» دېگەن مەسلىھەتنى قىپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى ئوغۇللىرىغا ئېيتقانىكەن، ئۇلارمۇ رازى بوپتۇ. دادىسى:

— ئەمىسە، ئوغۇللىرىم، قىرىق قىزى بار كىشىنى تې-پىڭلار ! — دەپ ئۇلارنى پاكىز كىيىندۈرۈپ، ئاز - تولا خىراجەت بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئوغۇللار قىرىق قىزى بار ئۆينى ئىزدەپ مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ، مەھەللە ئارىلاپتۇ، شەھەر ئايلىنىپتۇ، لېكىن تاپال-ماپتۇ، تاپالمىسىمۇ يەنە ئىزدەپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى شەھەر-نىڭ چېتىدە كېتىۋېتىپ، ئادەمزات تۇرمايدىغان دالىنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا يوغان بىر ھويلىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار: «ئاشۇ ھويلىدىن

سوراپ باقايلى، ئىزدىگىنىمىز تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ بېرىپ دەرۋازىنى ئۇرغانىكەن، چاچلىرى پاخمىلىشىپ كەتكەن، ئورۇق، پالكۆز بىر موماي چىقىپتۇ.

— ئانا، بىز قىرىق ئوغۇل ئىدۇق، قىرىق قىزى بار كىشىنى ئىزدەپ كەلدۇق، — دەپتۇ ئوغۇللاردىن بىرى.

— ئۆيگە كىرىڭلار، بالىلىرىم. مانا مېنىڭ قىرىق قىزىم بار، — دەپتۇ موماي بۇلارنى ئۆيگە باشلاپ.

موماي ئوغۇللاردىن ئۇنى - بۇنى سوراپ، قورۇق كەلمەنگەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ - دە، «ئۆز پۇتى بىلەن كەلگەن بۇ ئامەت»نى قولدىن چىقارماسلىقنىڭ ئامالىنى ئويلاپتۇ، قىرىق ئوغۇلغا قىرىق قىزنى بېرىشكە رازى بوپتۇ. ئوغۇللار خۇشال بولۇشۇپ، قايتىش ئۇچۇن ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا موماي كەتكىلى قويماپتۇ.

— قونۇپ قېلىڭلار، بالىلىرىم، بۈگۈن كېچە مېنىڭكىدە مېھمان بولۇپ، قىزلىرىمنى ئوبدان كۆرۈڭلار، تونۇشۇڭلار! — دەپ قوندۇرۇپ قاپتۇ. سېمىز قويدىن بىرنى سويۇپ مېھمان قىپتۇ. تاماقتىن كېيىن موماي ئوغۇللار ئولتۇرغان چوڭ ئۆيگە قىرىق قىزنى باشلاپ كىرىپتۇ. ئوغۇل - قىزلار ئىككى رەت بولۇپ قاتار ئولتۇرۇشۇپ، بىر - بىرلىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىپتۇ. شۇ چاغدا ئوغۇللارنىڭ ئارىسىدىكى چېچەن سادىق بەزى قىزلارنىڭ چىرايى قىز بالىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئېڭەكلىرى كۆكىرىپ تۇرغانلىقىنى، ئولتۇرۇپ - قوپۇشلىرى ئەر كىشىگە ئوخشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ.

موماي بالىلار بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

— بالىلىرىم، يول مېڭىپ ھارغانسىلەر، ئەمدى ئارام

ئېلىپ ئۇخلاڭلار ! — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. موماي ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ، قىزلىرىغا:

— سىلەر ئاق كىگىزنى يېپىنىپ يېتىڭلار، ئوغۇللارغا قارا كىگىزنى يېپىپ قويۇڭلار ! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى باياتىن بېرى ھوشيار بولۇپ يۈرگەن سادىق ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ ئاق كىگىز بىلەن قارا كىگىزنىڭ سىرىنى ھېچ چۈشىنەلمەپتۇ، ئاخىر بۇ خوتۇن بىر شۇملۇقنى ئويلاۋاتقان بولسا كېرەك دېگەن يەرگە كەپتۇ.

قىزلار ئىككى رەت قىلىپ ئورۇن سېلىپ، ئوغۇللارغا قارا كىگىز يېپىپ قويۇپتۇ، ئۆزلىرى ئاق كىگىز يېپىنىپ يېتىپتۇ.



بۇ ئەسلىدە شوم نىيەتلىك، ياۋۇز موماي ئىكەن. ئۇنىڭ «مانا مېنىڭ قىزلىرىم» دەپ ئۆيگە باشلاپ كىرگەن بالىلىرىنىڭ ھەممىسى قىز بولماستىن، تەگدىن تولىسى ئوغۇل ئىكەن. موماي قىزلىرىنى ئەرگە بەرمەي، ئوغۇللىرىنى ئۆيلىمەي، ئۆزىنىڭ جەددالىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىۋاتقانىكەن. ھەر قېتىم ئادەم ئۆلتۈرگىنىدە قىلىچىنى قانغا مىلەپ يالايدىكەن، «سىلەرمۇ يالاڭلار، يۈرىكىڭلار پۈتۈن بولىدۇ» دەپ بالىلىرىغىمۇ يالىتىدىكەن.

موماي ئاشخانىغا كىرىپ قىلىچىنى بىلەشكە كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ قان يالاشقا نەپسى تاقىلداپ كېتىپتۇ، بىراق مۈشۈنداق ئامەت كەلگەن كېچىدە ئۆچكىلىرىنىڭ مەرىشى، ئىتلىرىنىڭ ھاۋشىشى، مۈشۈكلىرىنىڭ مىياۋلىشى مومايىنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرماپتۇ. ياۋۇز موماي ئەل ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقىتتا بالىلار ياتقان ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قىلىچىنى تىرىڭلىتىپ:

— تىرىڭ - تىرىڭ، كىم ئويغاق؟ — دەپ سوراپتۇ.

سادىق ھودۇقماستىن:

— سەگەك سادىق — مەن ئويغاق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟

— قىرىق ئۆچكەڭ مەرەپ ئۇخلاتمىدى.

موماي بېرىپ قىرىق ئۆچكىسىنى چېپىۋېتىپتۇ، قايتىپ كېلىپ ئاشخانىنىڭ بوسۇغىسىدا كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

سادىق قېرىنداشلىرىنى ئاستا ئويغىتىپ: «مومايىنىڭ پەيلى بۇزۇق، سەگەك ياتايلى !» دەپ شىۋىرلاپ قويۇپتۇ. موماي يەنە ئىشىك تۈۋىگە كەپتۇ:

— تىرىڭ - تىرىڭ، كىم ئويغاق؟
— زېرەك سادىق — مەن ئويغاق.

— نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟
— قىرىق ئىتىڭ ھاۋشىپ ئۇخلاتمىدى.

موماي جىلە بولۇپ بىرىپ قىرىق ئىتىنىمۇ چىبىپىپ تاشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوغۇللار تۈگۈلۈككە ئارغامچا سېلىپ، بىر - بىردىن يامىشىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا موماي يەنە ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بوپتۇ.

— تىرىڭ - تىرىڭ، كىم ئويغاق؟
— چىچەن سادىق — مەن ئويغاق.
— نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟
— قىرىق مۇشۇكۇڭ مىياۋلاپ ئۇخلاتمىدى.

موماي ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولۇپ، قىرىق مۇشۇكنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز كۆڭلىدە شۇنداق دەپتۇ: «توختا، سادىق، سېنىڭ چىچەنلىكىڭنىمۇ كۆرەرمەن، سەنمۇ موماڭنىڭ كىملىكىنى بىلەرسەن !...»

ئوغۇللار تۈگۈلۈكتىن چىقىپ - چىقىپ بىرىنەچچىسى قاپتۇ، ئۇلار قىزلارنىڭ ئۈستىدىكى ئاق كىگىزنى تۈيدۈرماي يىغىۋېلىپ، قارا كىگىزنى يېپىپ قويۇپتۇ - دە، سادىققا قاراپ:

— يۈر، چىقىپ كېتىمىز، — دەپتۇ. سادىق:
— ئاق كىگىز بىلەن قارا كىگىزدە نېمە سىر باركىن، شۇنى كۆرۈپ چىقىپ كېتەي، — دەپ ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇلار سادىقنىڭ زېرەك ۋە چاققانلىقىغا ئىشىنىپ ماقۇل دەپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭمۇ كۆرگۈسى كېلىپ، تۈگۈلۈكتىن ماراپ يېتىشىپتۇ.

سادىق ئاق كىگىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ، يالغاندىن خورەك

تارتىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا موماي بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ يەنە ئىشىك تۈۋىگە كەپتۇ:

— تىرىڭ - تىرىڭ، كىم ئويغاق؟

سادىق ئۇندىمەپتۇ. موماي كۆڭلىنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم سوراپتۇ:

— تىرىڭ - تىرىڭ، كىم ئويغاق؟

ئۆينىڭ ئىچىدىن خورەكتىن باشقا تاۋۇش چىقمىغاندىن كېيىن موماي ئىشىكنى «غىچ» قىلىپ ئېچىپتۇ - دە، قىلىچنى پارقىرىتىپ كىرىپتۇ. قارا كىگىز يېپىنغانلارنىڭ بېشىغا بېرىپ، ئۇلارنى جان - جەھلى بىلەن شارتىلدىتىپ چېپىشقا باشلاپتۇ. قىلىچنى ھەر بىر ئۇرۇپ، بىر قېتىم يالاپتۇ. كىگىزنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا قىلىچنى بار كۈچى بىلەن بىر ئۇرۇپتۇ - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن مۇنداق دەپتۇ:



قۇتۇلدۇم سەن سادىقتىن،
ئەمدى چىقتىم هاردۇقتىن.

شۇ چاغدا سادىق ئاق كىگىزدىن بېشىنى چىقىرىپ:

قۇتۇلمىدىڭ سادىقتىن،
چىقالمىدىڭ هاردۇقتىن.
بار - يوقۇڭدىن ئايرىلدىڭ،
شۇمبۇيىدەك قايرىلدىڭ.

دەپتۇ. موماي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى سېزىپتۇ. ئۆمرىدە مۇنداق يېڭىلىپ باقمىغان موماي دەرد - ئەلەمگە چىدىيالماستىن، كالىدەك ھۆركىرەپ بېرىپ سادىقتا ئۆزىنى تاشلاپتۇ، سادىقنىڭ بىر قولى بىلەن بىر قۇلىقىدىن مەھكەم تۇتۇپ ھويلىغا ئاچىقىپ، قوشاق قېتىپ زارلاپتۇ:

قىرىق سەركە ئۆچكەمدىن
ئايرىپ قويغان سادىق تاز.
قىرىق تايغان ئىتىمغا
زامىن بولغان سادىق تاز.
قىرىق مۆمىن مۇشۇكۇمدىن،
ئادا قىلغان سادىق تاز.
قىرىق شاگىرت - بالامدىن
جۇدا قىلغان سادىق تاز.

ياۋۇز موماي سادىقتىن كېلىشتۇرۇپ ئۆچىنى ئالماقچى بولۇپ، ئۇنى قازناققا سولاپ قويۇپتۇ. موماي ئەمدى ئۆچۈمنى قانداق ئالسام بولار دەپ ئويلاۋاتسا، سادىق قازناقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

— جەددال ئانا، قازناقنىڭ تۈڭلۈكىدىن پاتىدىغاندەك تۈ-رمەن، چىقىپ كەتسەم مەيلىمۇ؟ — دەپتۇ.

موماي «ۋاي جۇۋاينىمەك تاز» دەپ، دەرھال قازناقتىن ئاچىقىپتۇ. ئاچىقىپلا تۈلۈمغا سېلىپ تورۇسقا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئاندىن قامچا سېپىدەك بىر تاياق بىلەن ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. تاياق سادىقنىڭ جېنىدىن ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، «ۋايجان» دېسە مومايىنىڭ كۆڭلى خۇش بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بىر ھىيلە ئويلاپتۇ - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. موماي ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي تاز، «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» دېگەندەك، مەن ئۇرسام، سەن كۈلۈۋاتىسەنغۇ؟

— سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭغا كۈلۈۋاتىمەن. مېنىڭ كۈلگىنىم تاياقنىڭ ئۆتمىگىنى، جىم تۇرغىنىم جېنىمدىن ئۆتكىنى. دەردىم چىققۇدەك ئۇرىمەن دېسەڭ، جاڭگالدىن تېۋىلغا كېسىپ كېلىپ شۇنىڭ بىلەن ئۇر، بولمىسا كۈلگىنىم كۈلگەن، — دەپتۇ سادىق.

موماي ئويلاپ، دەرۋەقە تېۋىلغا تايىقى مۆڭكۈگەك ئۆكۈزنى يىكتەك تۈزەيدۇ، دەپتۇ كۆڭلىدە. ئۇ ئىشىكنى مەھكەم قۇلۇپلاپ، كەكسىنى ئېلىپ جاڭگالغا كېتىپتۇ. موماي كەتكەندىن كېيىن، سادىقنىڭ ئەپچىل بىر ئىنىسى قازناقنىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشۈپ تۈلۈمنى يېشىۋېتىپتۇ. بۇ ئىككىسى يەنە تۈڭلۈك بىلەن ھويلىغا چىقىپ، يوغان بىر قاپاقنى ھەرە بىلەن تولدۇرۇپتۇ. چېپىپ تاشلانغان ئۆچكىدىن بىرنى ئەكىرىپ تۈلۈمغا ساپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاپاقنى سېلىپ، تۈلۈمنى ئاۋۋالقىدەك ئېسىپ قويۇپتۇ، ئاندىن بۇلار ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدى تۈگەنچى گەپنى مومايىنىڭ ھالىدىن ئاڭلايلى:

موماي تېۋىلغىنى كېسىپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەپتۇ، ئۆيگە كىرىپ تۇلۇمغا قارىسا ئۆز جايىدا ئېسىقلىق تۇرغان، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكنى تاقاپ-تۇ ـ دە، تۇلۇمنى ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. تۇلۇمدىن ھېچبىر ئاۋاز چىقمىغاندىن كېيىن، تاياق سادىقىنىڭ جېنىدىن ئۆتمەيۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ، يەنىمۇ بەكرەك ئۇرۇپتۇ. تۇلۇم-نىڭ ئىچىدىكى قاپاق سۇنۇپتۇ، تۇلۇم يىرتىلىپتۇ، ھەرىلەر غۇژۇلداپ چىقىپ موماينىڭ باش ـ كۆزىنى ۋاژىلدىتىپ چې-قىپتۇ. يالماۋۇز موماي داد ـ پەرياد ئوقۇپ ئۆزىنى تۆت تامغا ئۇرۇپتۇ. ھەرىلەر كۆڭلەكنىڭ ياقا ۋە يەڭلىرىدىن كىرىپ پۈتۈن ئەزايىنى چېقىشقا باشلاپتۇ. موماي ھالىدىن كېتىپ لاسىدە يىقىلىپتۇ، بەدەنلىرى كۆپتەك ئىششىپ، نەپىسى سىقىلىپتۇ، مىڭ تەسلىكتە جېنى چىقىپ، گۆرىگە تىقى-لىپتۇ.

# ئۇرتوقماق

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي ئۆزىنىڭ ئۈچ ـ تۆت يېتىم نەۋرىسىنى بېقىپ، بىر دەريانىڭ بويىدا ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ پەقەت بىر تۇپلا قاغا جىگدىسى بار ئىدىكەن، ئۇلار تولىراق شۇ جىگدە بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. ئەمما، بۇ جىگدىگە قاغىلار ئۆگىنىۋاپتۇ، بىرى كەتسە، بىرى كېلىپ جىگدىگە ئارام بەرمەپتۇ. بوۋاي جىگدىنى قاغىلاردىن ساقلاشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ. ئويلا ـ ئويلا ئاخىر چارە تېپىپتۇ: بىر كەپتەرنىڭ باچكىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى پۇتلىرىغا، كىندىكىگە، بېشىغا سۈۋاپتۇ ـ دە، جىگدىنىڭ ئاستىغا كېلىپ، ئۆلۈپ قالغاندەك بولۇپ يېتىپتۇ. بىر چاغلاردىن كېيىن بىر قاغا جىگدىگە كېلىپ قونۇپ، كېپەك باسقان كانىيىنى سوزۇپ قاقىلداپتۇ، بوۋاينىڭ يۈزىگە جىگدىلەردىن بىرنەچچىنى چوقۇلاپ چۈشۈرۈپ سىناپتۇ، قارىسا جىم، «ھەي، بۇ بىر تاپ ئوخشايدۇ» دەپ پەسكە چۈشۈپتۇ، ئاستا ئالچاڭلاپ كېلىپ، بوۋاينىڭ قورسىقى ئۈستىگە چىقىپ، كىندىكىتىكى قېتىپ قالغان قانلارنى چوقۇپ يەپتۇ، ئاغزىنى تامشىپ شۇنداق قارىسا، راستىنلا خۇدا بەرگەن بىر ئولجا. قاغا ئاۋۋال «ئۆلۈك»نىڭ كۆزىنى چوقۇپ يەي دەپ بىر سەكرەپ بوۋاينىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا قونۇپتۇ. نەدە تۇرسۇن

كۆزىنى چوقۇش... قاغا ئۆز كويىدا قاپتۇ، قارىسا بارماقلىرى بوۋاينىڭ ئاغزىغا قىسىلىپ قاپتۇ. قاغا دەررۇ بىر ھىيلە ئويلاپ: «مۇبارەك بولسۇن تىرىلىپ قالغانلىرىغا، بوۋاي !» دەپتۇ. بوۋاي «ھىم» دەپ ئاغزىنى شۇنداق ئېچىشىغا، قاچماق- چى بولغان قاغا ئەمدى ئۆزىنى بوۋاينىڭ چاڭگىلىدا كۆرۈپتۇ. ئاخىر قاغا:

— باش - كۆزلىرىنىڭ سادىغىسى بولاي، مېنى قويۇپ بەرسىلە ! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— تاس قالدىم كۆزۈمنىمۇ ساڭا سادىغا قىلغىلى. ئەمدى سېنى قويۇپ بېرىش دېگەن نەدىكى گەپ ! — دەپ ئۇنىماپتۇ بوۋاي.

— مەن سىلىنى تۈگىمەس دۇنياغا يەتكۈزۈپ قوياي، — دەپ يەنە يالۋۇرۇپتۇ قاغا.

— مەن چىرايلىق سۆزلەرگە ئالدىنىپ قېرىغاندا مۇشۇ كۈنگە قالغان، ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ساڭا ئالدىنىپ نەگە باراي، — دەپتۇ بوۋاي.

— مەن قاغىلارنىڭ ئەڭ قېرىسى، يېشىم مىڭدىن ئاش- تى. ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ۋەدەمگە شۇنداق بىر ۋاپا قىلىپ ئۆ- تەيكى، ئادەم بالىسى مېنى بىلىپ قالسۇن... — دەپ كوسا ئېڭەكلىرىنى بوۋاينىڭ ئوتتۇدەك بارماقلىرىغا سۈركەپ يىغلاپتۇ قاغا. «قېرى قېرىنىڭ قاياشى» دېگەندەك، بوۋاينىڭ كۆڭلى ئېرىپ، خەير، بۇنىمۇ بىر كۆرۈپ باقاي دەپ، قاغىنى قويۇپ بېرىپتۇ. قاغا ئىنتايىن خۇش بولۇپ، تەزىم قىلىپ:

— قېنى، مېنىڭ ئارقامغا كىرىپ ماڭسىلا، — دەپتۇ.

قاغا بىردەم ئۇ دەرەخكە، بىردەم بۇ دەرەخكە قونۇپ، ئا- خىر بىر جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ يوغان قېرى بىر توغراقىقا كېلىپ قونۇپتۇ. بوۋاي ھاسىسى بىلەن

دوڭغاقلاپ كېلىپ ئەتراپقا شۇنداق قارىسا، مال چارۋا دېگەن مىغىلداپ يايلىغان، قويلارنىڭ ئۈستىدە تورغايلار ئۇۋۇلىغان، سۇلۇق، ئوتلۇق... شۇنداق چىرايلىق بىر جاڭگال. قاغا توغراقنىڭ تۈۋىدىكى كامارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ:

— خوش، بوۋاي، قېنى ئىلتىپات قىلسىلا، — دەپ ئۆ-يىگە تەكلىپ قىپتۇ. بوۋاي:

— بۇ كامارغا مەن قانداق پاتىمەن؟ — دەپتۇ. قاغا:

— قېنى، قەدەملىرىنى قويسىلا، بىر گەپ بولار، — دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي خەير دەپ شۇنداق قەدەم تاشلىد-غاننى بىلىپتۇ، قالغىنىنى بىلمەپتۇ. كۆزلىرىگە ھەر خىل يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ، قۇلاقلىرىغا خىلمۇخىل يېقىملىق ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ، ئالدىغا ئۇنچىلەر چېچىلىپ، قولۇپلار جاراڭلاپ، چوڭ ئىشىكلەر ئېچىلىپتۇ. قارىسا، بوۋاي بىر بوستانلىقتىكى سۇپىغا كېلىپ قاپتۇ. قاغا بوۋاينى سۇپىنىڭ ئۈستىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۆزى سۇپىنىڭ چېتىدىكى پۇتلىرى-غا رەڭمۇرەڭ گۈل-لەر يامىشىپ كەتكەن بىر كۇرسىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ:



— مەن قا-غىلارنىڭ خىزىرى، ئادىتىمىز شۇنداق ئىكەن، سىلىگە يو-لۇقۇپ قالدىم... خەير، ۋەدىگە ۋاپا، قىرراق ! — دەپ-تىكەن، سۇپىنىڭ

ئالدىغا بىر قارا ئېشەك پەيدا بوپتۇ. قاغا:

— مانا بۇ ئېشەك سىلىگە ۋاپالىق سوۋغىسى. سىلى بۇ ئېشەككە شۇنداق مىنگەندە، ئۆزلىرىنى بىر يول ئۇستىدە كۆرىدىلا. شۇ يول بىلەن مېڭىپ، كەچ قالسىلىمۇ ھېچكىمنىڭكىدە قونماي، ئۆيلىرىگە بارسىلا. ئەگەر دۇنيا لازىم بولسا، مۇشۇ ئېشەكنى بىر كۆرپىنىڭ ئۇستىگە چىقىرىپ: «ساڭقالڭ[1]، ئېشىكىم، ساڭقالڭ، ئالتۇن - كۈمۈش ساڭقالڭ !» دېسىلە، سىلىگە ئالتۇن - كۈمۈش ساڭقاپ بېرىدۇ، لېكىن بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمىسىلا، — دەپتۇ.

بوۋاي «خوپ» دەپ ئېشەككە شۇنداق مىنىشىگە، راست دېگەندەك ئۆزىنى يول ئۇستىدە كۆرۈپتۇ. ماڭا - ماڭا كەچ بوپتۇ. ئالدىغا بىر تۈگمەن ئۇچراپتۇ. تۈگمەنچى چىقىپ: «ۋاي قونۇپ كەتسىلە...» دەپ ئۆيگە باشلاپتۇ. ئاخشىمى ياتاردا بوۋاي تۈگمەنچىگە:

— ئېشىكىمگە ئالتۇن - كۈمۈش ساڭقالڭ دېمەي، ئوبدان قاراپ قويسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

تۈگمەنچى كېچىدە ئاستا چىقىپ، ئېشەككە ھېلىقى گەپنى دەپتىكەن، بىرمۇنچە تەڭگە تېزەكلەپ بېرىپتۇ. تۈگمەنچى ئېشەكنى تېگىشىۋېلىپ، چاندۇرماي ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىۋاپتۇ. بوۋاي سەھەر تۇرۇپ، ئېشەكنىڭ ئالماشتۇرۇۋېلىنغانلىقىنى سەزمەي، مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۆيگە بېرىپ، بولغان ۋەقەنى مومىيىغا ۋە نەۋرىلىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىراق - يېقىندىكى تونۇش - بىلىشلىرىدىن زىلچا - گىلەم سوراپ كېلىپ، ئۆيگە ساپتۇ ۋە پادىشاھنىمۇ بۇ كارامەتنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئېشەكنى كۆرپىگە چىقىرىپ، قاغا ئۆگىتىپ

---

[1] ساڭقالڭ — تېزەكلەڭ.

قويغان ھېلىقى سۆزلەرنى دەپتۇ. ئېشەك جىم تۇرۇپتۇ، ئىك-كىنچى قېتىم دەپتۇ، ئېشەك يەنە جىم تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە دەپتۇ، ئېشەك يەنە جىم. ئاخىر كالتەك بىلەن راسا بىرنى ئۇرۇپ، ۋارقىراپ دەپتۇ، ئېشەك تاياقتا چىدىماي بىر ئىنجىقلاپتىكەن، ئالتۇن - كۈمۈشكە تىكىلىپ ئولتۇرغان پادىشاھ تېزەك ئاستىدا قاپتۇ.

پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ: «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ، بىراق ئەتراپىغا قارىسا جاللات يوق، «كىمىڭنى ئەخمەق قىد-لىسەن - ھە !» دەپ بوۋاينى تازا ئۇرۇپ يەرگە چاپلىۋېتىپ كېتىپتۇ.

بىچارە بوۋاي ئەتىسى كۆزىنى ئاچسا، موماي ھەم يىغلاپ، ھەم تاپا - تەنە قىلىپ بېشىدا ئولتۇرغۇدەك. بوۋاي چىشىنى چىشلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشەككە مىنىپ جاڭگالغا قاراپ يول ئاپتۇ. قاغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ئىشلارنى بايان قىپتۇ. قاغا بوۋاينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن «قىرراق» دەپتىكەن، دەررۇ بىر سۇپرا پەيدا بوپتۇ. قاغا:

— مانا بۇ سۇپرىنى ئېلىڭ. قاچانكى غىزا - تاماق لازىم بولسا: «ئېچىل، سۇپرام، ئېچىل ! » دېسىڭىز، دەررۇ ئېچىلىپ، ئۇستىدە خىلمۇخىل تائاملار ھازىر بولىدۇ. يولدا ھېچ يەردە قونماڭ، سۇپرىنىڭ سىرىنىمۇ ھېچكىمگە ئېيتـ-ماڭ، — دەپتۇ. بوۋاي خۇشال بولۇپ، سۇپرىنى ئېلىپ يول-غا راۋان بوپتۇ.

ماڭا - ماڭا كۈن كەچ بوپتۇ، يەنە ھېلىقى تۈگمەنچىد-نىڭكىگە چۈشۈپتۇ. يېتىش ئالدىدا:

— ماۋۇ سۇپرىغا: «ئېچىل، سۇپرام، ئېچىل !» دېمەي، ئوبدان قاراپ قويسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

تۈگمەنچى كېچىدە ئاستا قوپۇپ، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن

گەپنى بىر قىلىپ: «ئېچىل، سۈپرام، ئېچىل !» دېگەنىكەن، سۈپرىدىن خىلمۇخىل غىزالار چىقىپتۇ. تۈگمەنچى باي ئۇ غىزالارنى باللىرى بىلەن ھاپىلا ـ شاپىلا يېيىشىپ، قالغىنىنى جىمىقتۇرۇپ، سۈپرىنىمۇ تېگىشىۋاپتۇ. بوۋاي ئەتىگىنى سۈپرىغا زەن قويمايلا، قولتۇقىغا قىسىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۆيگە كىرە ـ كىرمەيلا مومايغا سۈپرىنىڭ سىرىنى سۆزلەپ، مومايىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۆي راسلىتىپ، پادىشاھقا خەۋەر بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ قېتىم ئۆزى كەلمەي ۋەزىرلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىرلەر سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ قالغان نۆكەرلەرمۇ قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، ئىشىكتە تەلمۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. ھەممە تەييار بولغاندىن كېيىن، بوۋاي: «ئېچىل، سۈپرام، ئېچىل ! » دەپتۇ. ئىككى قېتىم دەپتۇ، ئۈچ قېتىم دەپتۇ، سۈپرىدىن ھېچ سادا چىقماپتۇ. ۋەزىرلەر كايىپ، بوۋاينى ئۇرۇپ دومىلىتىۋېتىپ، ئوردىغا قايتىپتۇ.

موماي يىغلاپ تۇرۇپ بوۋايغا يەنە تاپا ـ تەنە قىپتۇ. بوۋاي قانداق قىلىشىنى بىلمەي، «مەرتەم ـ مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپ يەنە جاڭگالغا يول ساپتۇ، بېرىپ قاغىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ، ۋەقەنى يەنە بايان ئەيلەپتۇ. قاغا:

— خەير، بۇ ئاخىرقىسى بولغاي، قىرراق !... — دەپتۇ. بوۋاينىڭ ئالدىغا بىر تۇلۇم پەيدا بوپتۇ. قاغا:

— مانا بۇ تۇلۇم ئىچىدە بىر توقماق بار. قاچانكى بېشىڭىزغا كۈن چۈشىدىكەن، «ئۇر، توقمىقىم، ئۇر !» دېسىڭىز، ھەرقانداق مۈشكۈل ئىشىڭىز ئاسان بولىدۇ، — دەپ يەنە باشتا ئېيتقان گەپلەرنى جېكىپ، بوۋاينى يولغا ساپتۇ. بوۋاي يەنە ھېلىقى تۈگمەن ئالدىغا كېلىشىگە، تۈگمەنچى چىقىپ:

— ۋاي ئاكا، قونۇپ كەتسىلە ... — دەپ توسۇپتۇ. بوۋاي

«خەير» دەپ ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ، يېتىش ئالدىدا:

— ماۋۇ تۇلۇمنىڭ ئىچىدە بىر توقماق بار، «ئۇر، توق-مىقىم، ئۇر!» دېمەي، ئوبدان قاراپ قويسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ. تۈگمەنچى خوتۇنى بىلەن تۇلۇمنى ئاستا باشقا ئۆيگە ئوغرىلاپ ئاچىقىپ، ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئۇر، توقمىقىم، ئۇر!» دېگەنىكەن، تۇلۇمدىن توقماق چاچراپ چىقىپ، تۈگ-مەنچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى شۇنداق ئۇرغىلى تۇ-رۇپتۇكى، ئاللا - توۋىنىڭ دەستىدىن جاھاندا تۇرۇپ بولغىلى بولماپتۇ. بوۋاي يۈگۈرۈپ چىقسا، ئىش باشقىچە... بوۋاي توقماققا تېخىمۇ چىڭراق بۇيرۇق بېرىپتۇ. تۈگمەنچى: «ۋاي، ئېشەكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرەي» دەپ ئېشەكنى تېپىپ كەپتۇ. توقماق توختىماي خوتۇنىنى سىلىۋېرىپتۇ. تۈگمەنچىنىڭ خو-تۇنى مىڭ بىر توۋا ئوقۇپ، سۈپرىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. توقماق يەنە توختىماپتۇ. ئۇلار: «بالىمىزدىن بالىمىزغا پەندى-يات، يۈز مىڭ توۋا، توقماقنى توختىتىڭ، بوۋا» دەپ نالە قىپتۇ. بوۋاي:

— تۇر، توقمىقىم، تۇر! — دەپتۇ. توقماق توختاپتۇ. بوۋاي ھەممە نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى ئېشىكىگە مىنىپ، ناخشىسىنى دۆڭ ئېيتىپ يولغا راۋان بوپتۇ:

تەلەي كەلسە بېشىمغا،
يارىم كېلەر قېشىمغا.
توقماق يەيدۇ ئالدامچى،
توپا سالسا ئېشىمغا...

بوۋاي ئۆيگە كېلىپ موماينى قايىل قىلىپ، تونۇش - بىلىشلەرنى قىچقارتىپ يەنە پادىشاھقا يۈگۈرۈپتۇ. پادىشاھ،

نىمە بالاغا قالدىم، بۇ ئەخمەق گاداي بىلەن دەپ، قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئارقىدىن پادىشاھنىڭ تەمەگە ئۆگىنىپ قالغان كۆڭلى بىسلماي، يەنە: «بېرىپ بېقىڭلار !» دەپ بىرنەچچە ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپتۇ.

بوۋاي غىزادىن كېيىن ئېشەكنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ياساۋۇللاردىن پادىشاھقا نۇرغۇن ئالتۇن - كۆمۈشلەرنى سوۋغات قىپتۇ.

پادىشاھ سوۋغاتلارغا قانائەت قىلماي، نىيىتىنى بۇزۇپتۇ، بوۋاينىڭ ئۆيىنى قۇشقاچنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزغاندەك بۇزدۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى خەزىنىگە ئالماق بوپتۇ. بۇنى ئوردىدىكى باغۋەن قېرى ئاڭلاپ قېلىپ، بوۋايغا خەۋەر قىپتۇ. بوۋاي ئۆگزىگە چىقىپ تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. قارىسا، راست دېگەندەك بىرمۇنچە لەشكەرلەر كېلىۋاتقۇدەك. لەشكەرلەر يېقىنراق كەلگەندە، بوۋاي توۋلاپتۇ:

— ھەي لەشكەرلەر، ئارقاڭلارغا قايتىڭلار. ئالتۇن كېرەك بولسا ئەۋەتىپ تۇراي، بىزنى ئارامخۇدا كۈن كۆرگىلى قويۇڭلار، — دەپتۇ. لەشكەرلەر ئۇنىماي باستۇرۇپ كەپتۇ. بوۋاي «خەير» دەپ توقماققا ئەمر بېرىپتۇ: «ئۇر، توقمىقىم، ئۇر !»

توقماق لەشكەرلەرنى شۇنداق سالغىلى تۇرۇپتۇكى، جاھان تويا - چاڭغا ئايلىنىپ، ئاران ئۈچ كىشى قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ، ھەممە لەشكەرلىرىنى چىقىرىپتۇ. توقماقمۇ ھەممە كۈچىنى چىقىرىپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. خەلق توقماقنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ. لەشكەرلەر ساينىڭ تېشىدەك قىرىلىپتۇ. ئوردا ئېلىنىپ، جەڭ تامام بوپتۇ، ئەل ئامان قاپتۇ.

خەلق ئۆز ئىچىدىن ئادىل بىر كىشىنى تېپىپ، پادىشاھ سايلاپتۇ. بوۋاي بىلەن مومايمۇ مۇرادىغا يېتىپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# سېخىي بىلەن بېخىل

بۇرۇنقى بۇرۇنسىدا، ھەركىمنىڭ ئىشكى ھويلىسىدا، لەخمىنى چويلىسىدا، ئۆگزىسى تورۇستا، ئۇچقى مورىسىدا، ئېگىز ئېرىقنىڭ ئېنىچە، چوڭقۇر ئېرىقنىڭ يېنىچە، ئېشەك-لىرىنى ھاڭگىلىتىپ، پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ يول ماڭىدىغان زامانلارنىڭ بىرىدە، بۇ شەھەردە ئەمەس بۆلەك شەھەردە ئىككى ئاغىنە بولغانىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى بىر كۈن كۆرمىسە تۇرالمايدىغان، بىر نان تاپسا پۇچۇقتىن بىللە يەيدىغان، ھېچ-قانداق ئىشتا سېنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەيدىغان قىيامەتلىك جان دوست - ئاغىنىلەردىن ئىكەن. كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنى بېخىل، بىرىنى سېخىي دەپ ئاتىشىدىكەن.

ئايلاردىن ئاي ئۆتۈپ، يىللاردىن يىل ئۆتۈپ، ئۇلار بىر كۈنى باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە يولدا يېيىش ئۈچۈن ھەر ئىككىسى بىر خۇرجۇندىن سەپەر توقىچى ۋە بىر قاپاقتىن سۇ ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىپ بىرىنچى كۈنىلا بېخىل سېخىيغا:

— بۇ يەردىن بىز بارىدىغان شەھەرنىڭ ئارىلىقى بىر ئايلىق چۆل. ھەر ئىككىمىز خۇرجۇن، قاپاقنى كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولمايلى، ئاۋۋال سېنىڭ خۇرجۇن، قاپىقىڭنى بىكارلاي-لى، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭكىنى يەپ - ئىچەيلى، — دەپتۇ.

سېخىي بولسا دوستىنىڭ گېپىگە:
— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بېخىل سېخىينىڭ نېنىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ چۆل يېرىم بولغاندا، سېخىينىڭ نان، سۈيى تۈگەپ، بېخىلنىڭكىنى يېيىشكە نۆۋەت كەپتۇ، ئەمما بېخىل دوستىنى بىر قېتىممۇ نان يەيلى دېمەپتۇ. سېخىي بولسا، دوستىدىن بۇگۈن نان يەيلى دېمىسە، ئەتە دەر، دەپ تەمە قىلىپ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىق ئازابىنى تارتىپ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بېخىلنىڭ ئۆزىمۇ دوستى بار يەردە ئاغزىغا بىر چىشلەم نان سالماپتۇ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەپتۇ. تەرەت سۇندۇرۇشنى باھانە قىلىپ چۆلدىكى يۇلغۇن، توغراق ۋە قۇم دۆۋىلىرىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، ئاچلىقتىن ماغدۇرىدىن كەتكەن دوستىنى ئىتتىك مېڭىشقا ئالدىرىتىپ، يېتىشەلمىسە، ئارقىسىدا تاشلاپ قويۇپ بىر - ئىككى ئۇن يېتىم ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، دوستى يېتىپ كېلىپ بولغۇچە ئارام ئېلىپ ئولتۇ-



رۇۋالىدىكەن، دوستى يېتىپ كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ماڭىدىكەن. شۇنداق قىلىپ تۆتىنچى كۈنى بولغاندا سېخىينىڭ قورسىقى ئېچىپ، كۆزلىرى تارتىشىپ، جېنى بىر تومۇردا قاپتۇ. ئۇ دوستىغا قاراپ:

— دوستۇم، ياراتقان خۇدانىڭ ھەققىدە بىر نان بەرسەڭ، — دەپتۇ. بېخىل:

— دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر نان بەرسەم بېرەي، بىر نان بەرسەم، سەن ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. سېخىي:

— نېمە لازىم بولسا، شۇنى بېرەي، — دەپتۇ. بېخىل:

— ئوڭ كۆزۈڭنى ئويۇپ بەر، ئاۋۋال كۆزۈڭنى بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ناننى بېرىمەن، — دەپتۇ. سېخىي بولسا:

— قېنى ئويۇۋال، — دەپتۇ. بېخىل دوستىنىڭ ئوڭ كۆزىنى ئويۇۋالغاندىن كېيىن بىر نان، بىر يۇتۇم سۇ بېرىپ-تۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بېخىل دوستىنىڭ سول كۆزىنى ئويۇۋېلىپ يەنە بىر نان، بىر يۇتۇم سۇ بېرىپ-تۇ ۋە ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ يول يۈرۈشتىن مەھرۇم بولغان دوستىنى چۆلدە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان سېخىي سىلاشتۇرۇپ - مۆدۈ-رۈپ يۈرۈپ بولسىمۇ يول يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە چۆلدىكى بىر تۈپ چوڭ توغراقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاپتۇ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن توغراققا چىقىپ، ئۇنىڭ ئاچىمىقىدا تۈنىمەكچى بوپتۇ. ئۇ توغراققا چىقىپ ئاچىمىقىغا جايلىشىۋېلىپ ئارام ئالاي دەپ تۇرغاندا، چۆلدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن شىر، يولۋاس، ئېيىق، بۆرە، تۈلكە قاتارلىقلارنىڭ ۋارقىرىشىپ نەرە تارتىپ توغراق تۈۋىگە كېلىشىۋاتقانلىق شەپىسىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ يوغان

توغراقنىڭ تۆۋى نەچچە يىللاردىن بۇيان مۇشۇ ھايۋانلارنىڭ بىر يىلدا بىر قېتىم جەم بولۇپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى دېيىشىدىغان يىغىلىش ئورنى ئىكەن. ھايۋانلار يىغىلىپ بولغاندا، يولۋاس:

— قېنى، بىر يىلدىن بۇيانقى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىڭىزنى دېيىشىپ باقايلى، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ، — گەپنى ئاۋۋال مەن باشلاي. مۇشۇ توغراقتا بىر خىسلەت بار، ئەگەر كىمكى مۇشۇ توغراقنىڭ غازىڭىدىن بىر سىقىمنى بىلىگە تۇگۈۋالسا، بىر يىلغا قالماي بىر يۇرتقا پادىشاھ بولىدۇ.

يولۋاسنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن، شىر:

— مۇشۇ توغراقتىن كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يىگىرمە قەدەم ماڭغاندا بىر بۇلاق ئۇچرايدۇ، ئەگەر كىمكى شۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىچسە ياكى ئۇنىڭغا چۆمۈلسە، ھەرقانچە سافايىمىغان پالەچ ـ لەقۋا، ئاقساق ـ چولاق، تۆكۈر ـ مايماق، تاز ـ قوماق، پېسە ـ ئاۋلاق، قارىغۇ ـ جىرتاق، توكۇر ـ قىچىشقاق، جۇزام ـ سىزلام قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ھەممىسىدىن سەللىمازا ساقىيىدۇ، — دەپتۇ. ئېيىققا نۆۋەت كەلگەندە، ئۇ:

— كۈنچىقىش تەرەپتىكى تاغدىن ئۆتۈپ بىر ھەپتە ماڭسا، بىر كاتتا شەھەرگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ كۆن دېسە كۆزى بار، ئاي دېسە يۈزى بار بىر قىزى بار، ئەمما بۇ قىز تۇغما پالەچ ھەم ئەما. پادىشاھ كېچە ـ كۈندۈز مۇشۇ قىزىنىڭ دەرد ـ پىراقىدا بولۇپ، كىمكى داۋالاپ ساقايتالىسا پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن دېگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن ھەكىملەر قىزنىڭ كېسىلىگە ئىلاج قىلالمىدى. ئەگەر شىرنىڭ گېپى بويىچە بىرەر ئادەمزات خىسلەتلىك بۇلاقنى تېپىپ،

سۇيىنى شۇ قىزغا ئىچۈرسە قىزنىڭ كېسىلىنى ساقايتالايدۇ،
— دەپتۇ. باياتىن بېرى باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نۆۋەت
كۈتۈپ ئولتۇرغان بۆرە:
— كۈنچىقىشتىكى تاغدىن ئۆتۈپ ئۈچ كۈن ماڭغاندىن
كېيىن ئوت، سۈيى مول بىر يايلاق ئۇچرايدۇ. بۇ يايلاقتا بىر
باي ھەر يىلى مىڭدىن ئارتۇق قوي باقىدۇ. مەن باينىڭ يۈز-
دىن ئارتۇق قويىنى يەپ كېتىمەن، باي مېنى يارام ئارغى-
ماقلار بىلەن قوغلاپمۇ تۇتالمايدۇ. باينىڭ ئېغىلىدا بىر كۆ-
رۈمسىز، كالتە قۇيرۇق ئات بار، ئەگەر مېنى ئاشۇ ئاتقا مى-
نىپ قوغلىسا چوقۇم تۇتۇۋالالايدۇ. بۇ سىرنى بىرەر ئادەمزات
ئاڭلاپ قېلىپ بايغا مېنى تۇتۇپ بېرىدىغان بولسا، بايدىن
نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام ئالىدۇ، — دەپتۇ. ئاڭغىچە
تاڭ ئېتىشقا ئاز قاپتۇ. مەن گېپىمنى دەۋالاي دەپ، گېپىنى
باشلاپتۇ تۈلكە:



— مۇشۇ توغراقنى
ئۇدۇللاپ كۈنپېتىش تە-
رەپكە ئون يېتىم ماڭ-
غاندا، بىر قۇم دۆۋىسى
ئۇچرايدۇ، شۇ يەردە
ئاغمىخانلارنىڭ ئۇۋىسى
بار. ئاغمىخانلار ھەر كۇ-
نى چۈشتە ئۆز ئۇۋىلى-
رىدىن تەڭگە - تىللالى-
رىنى ئاچىقىپ ئاپتاپقا
سېلىپ، ئاسمانغا ئېتىپ
ئوينىشىدۇ. ئەگەر بىرەر
ئادەمزات دەل چۈش

ۋاقتىدا شۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئاغ-مىخانلار تىللالىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ ئويناشقىلى تۇرغاندا: «هويت !» دەپ تەلپىكىنى ئاسمانغا بىر ئاتىدىغان بولسا، ئاغ-مىخانلار قورقۇنچىدا ئۇۋىسىغا قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ، ئۇ ئادەم نۇرغۇن ئالتۇن - تىللاغا ئېرىشىپ باي بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ-تۇ. تۈلكىنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن يولۋاس يۇقىرىقى مەخپىيەتلىكلەرنى چىڭ ساقلاشنى، بىرەر ئىنسان بالىسىغا بىلدۈرۈپ قويماسلىقنى قاتتىق تاپىلاپتۇ. يىرتقۇچ هايۋانلار كېلەر يىلى دەل مۇشۇنداق پەيتتە يەنە مۇشۇ توغراق تۈۋىگە يىغىلىش ھەققىدە ۋەدە بېرىپ تارقىلىشىپتۇ.

سېخىي يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ تارقىلىپ كەتكەن شەپىسى-نى ئاڭلاپ توغراق ئۈستىدىن ئاستا چۈشۈپ، يولۋاستىن ئاڭ-لىۋالغان گەپ بويىچە توغراقنىڭ پەسكە ساڭگىلىغان شاخلى-رىدىن بىر سىقىم غازاڭ سىيرىپ بەلۋىغىغا تۈگۈۋاپتۇ ۋە بىر تال شاخنى سۇندۇرۇپ بىر هاسا ياسىۋاپتۇ. ئاندىن كې-يىن هاسىنى توكۇلدىتىپ، شىرنىڭ دېگىنى بويىچە خاسىيەت-لىك بۇلاقنى ئىزدەپ كۈنچىقىش تەرەپكە ساناپ يىگىرمە قە-دەم ماڭغانىكەن، تۇيۇقسىز شالاق - شۇلۇق قىلىپ مۇزدەك سوغۇق سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئەندىكىپ تىترەپ كېتىپتۇ ۋە باش - كۆزىنى شۇنداق بىر سىلىغانىكەن، خۇددى كۈن چىق-قاندەك پارقىراپ كۆزى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. خۇشلۇقتا بۇلاق-نىڭ كۆزىدە تۇرۇپ قانغۇچە سۇ ئىچىپ، بەدەنلىرىنى يۇيۇپ، سۇدىن چىقىپ قولىغا هاسىنى ئېلىپ، كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىپ ئاغمىخانلارنىڭ ئۇۋىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى بىردەم كۆرۈپتۇ ۋە تەلپىكىنى ئېتىپ ئۇلارنى ئۈركۈتۈپ، ئالتۇن، تىللالارنى قويىنىغا سېپتۇ. ئاندىن كەينىگە يېنىپ كۈنچىقىشتىكى تاغدىن ئۆتۈپ، مىڭ قويى بار باينىڭ

يايلىقىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە كالتە قۇيرۇق ئاتقا مىنىپ بۆرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، بايدىن نۇرغۇن پۇل ئىنئام ئاپتۇ. سېخىي داۋاملىق كۆنچىقىشقا قاراپ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر ھەپتە بولدى دېگەندە كاتتا بىر شەھىرى ئەزىمگە يېتىپ كېلىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇ بۇ سارايدا يېتىپ - قوپۇپ بىرقانچە كۈن دەم ئېلىپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ كۆڭۈل - قارنىنى ئېچىپتۇ. بىر كۈنى ئېيىق دەپ بەرگەن پادىشاھنىڭ ھېلىقى كېسەل قىزى ئېسىگە كەپتۇ ۋە سارايۋەنگە:

— مەن ئەسلىي ئۇستا تېۋىپ ئىدىم، بۇ شەھەرگە بۇ ۋاختىچە باشقا تېۋىپلار داۋالاپ ساقايتالمىغان كونا كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقىلى كەلدىم. ئەتىدىن باشلاپ داۋالىماقچى بولغانلار مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، — دەپتۇ. سارايۋەن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىغا كىرىپ - چىقىپ، ھەممە ئادەمگە ئاڭلىتىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ خەۋەر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. قىزىم ئەمدى ساقايمايدۇ دەپ، ئۈمىد ئۈزگەن پادىشاھ خۇشاللىقىدا خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرگە سۆيۈنچە بېرىپتۇ. پادىشاھ سالايى - سۆپەت، كېبىر - تەكەببۇرلۇقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ۋەزىر - ئەمىرلىرىنى كەينىگە سېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا سالامغا بارماقچى بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرلەر:

— سەلتەنەتلىك شاھىم، سىلى بىر دۆلەتنىڭ قاياشى، قاراپ تۇرۇپ بىر كەمبەغەل تېۋىپنىڭ ئالدىغا ئوردا ئەھلىنى ئەگەشتۈرۈپ سالامغا بارسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئابرۇيلىرى تۆكۈلمەمدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنى بۇيرۇق بىلەن ئوردىغا چاقىرتايلى، — دېيىشىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— كىمنىڭ كىمگە ھاجىتى چۈشسە، ھاجەتمەن چوقۇم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشى كېرەك. بۇنىڭدا شاھ، گاداي دەپ

ئايرىلمايدۇ. ھازىر مېنىڭ شۇ كىشىگە ھاجىتىم چۈشتى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمەن، ــ دەپتۇ ـ دە، ۋەزىرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سارايغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۆز قىزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئەگەر داۋالاپ ساقايتالىسا قىزىنى نىكاھلاپ بېرىدىغانلىقىنى ھەم دۆلەتنىڭ پادىشاھلىقىنى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ بىر نامە يېزىپ، ئالتۇن مۆھرىنى بېسىپ بېرىپتۇ. سېخىي پادىشاھنىڭ قىزىنى سارايغا ئەكەلدۈرۈپ، ئايرىم بىر ئېغىز ئۆيىنى جابدۇپ داۋالاشقا تۇتۇش قىپتۇ. ئۇ دەردكە داۋا، رەنجىگە شىپا بولىدىغان خاسىيەتلىك بۇلاقتىن سۇ توشقۇزۇپ ئېلىۋالغانىكەن، قىزغا بۇ سۇنى ئىچۈرۈپتۇ ۋە بەدەنلىرىنى يۇيۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزى كۆرمەس، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، تىلى سۆزلىمەس، تېرىسى سەزمەس بۇ قىز ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك پارقىراپ، بارلىق كېسەللىرىدىن سەللىمازا ساقىيىپ، دادىسى بىلەن يۈز كۆرۈشكىلى ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. قىزىنى كۆرۈپ خۇشلۇقتىن پادىشاھنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز كاتتا توي ـ مەرىكە قىلىپ، قىزىنى سېخىيغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ ۋە پادىشاھلىقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

ئەمدى بىر كەلىمە گەپنى بېخىلدىن ئاڭلايلى:

كۈنلەردىن بىر كۈنى بېخىل سېخىينىڭ بىر شەھەرگە پادىشاھ بولۇپ يۇرت سوراپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيرانۇھەس قېلىپ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمەستىن شۇ شەھەرگە بېرىپ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ. بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سېخىينىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بىر سارايغا چۈشۈپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ سېخىينىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاشقا



باشلاپتۇ، كۆپ سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق بېخىل بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى دەل ئۆزى ئىككى نان ئۈچۈن ئىككى كۆزىنى ئويۇۋېلىپ چۆلدە تاشلاپ قويۇپ كەتكەن دوستى سېخىي ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە قانداق قىلىپ پادىشاھ بولغانلىقى، كۆزىنىڭ قانداق ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى تېخىمۇ بىلگۈسى كەپتۇ. مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇ بىر كۈنى ھەشەمەتلىك شاھ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. قىرىق دەرۋازىغا قويۇلغان جېسەكچىلەرنىڭ قاتمۇقات تەكشۈرۈشلىرىدىن مىڭ تەستە ئۆتۈپ، ئاران دېگەندە پادىشاھ سارىيىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، دوستى سېخىي بېشىغا شاھلىق ئالتۇن تاجنى كىيىپ، سەلتەنەتلىك ئالتۇن كۇرسىدا ھەشەمەت بىلەن ھەر خىل چىگىش ئىشلارغا ئەمرىمەرۇپ قىلىپ ئولتۇرغۇدەك، تەخت ئاستىدا بىرقانچە يۈزلىگەن ۋەزىر - ئەمىرلەر، ئوردا ئەركانلىرى قول باغلاپ: «خوش - خوش، شۇنداق قىلىلى» دېيىشىپ، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرغۇدەك. بۇلارنى كۆرۈپ بېخىلنىڭ پۇت - قولىغا تىترەك ئولىشىپ، يۈرىكى سېلىشقا باشلاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىغا مىڭ پۇشايمانلارنى قىپتۇ. بېخىل ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر سېخىينىڭ مەرد، تۈز، ئاق كۆڭۈللۈكىنى ئېسىگە ئېلىپ، پادىشاھ مەندىن ئۆچىنى ئېلىپ كاللامنى ئالارمۇ ياكى ئۆمۈرلۈك زىندانغا سېلىۋېتەرمۇ،

دېگەن غەم - قورقۇنچلاردىن خالاس بوپتۇ. دەرد ئېيتىش نۆۋىتى دادخاھلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ تۇرغان بېخىلغا كەلگەندە، ئۇ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا سىلىنغان يىپەك گىلەم ئۈستىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ پادىشاھنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ:

— داد، پادىشاھىئالەم، خام سۈت ئىچىپ چوڭ بولغان ئىنسان شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن نى ئەسكى كويلاردا بولۇپ گۇناھ، سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدىكەنمىز. ئادەم كىچىكىدە تۈز كۆڭۈل - ئاق نىيەت بولىدىكەن، چوڭ بولغانسېرى نىيىتى بۇزۇلۇشقا باشلايدىكەن. ئىككىمىز كىچىكىمىزدە قىيامەتلىك جان دوستلاردىن ئىدۇق، لېكىن بىر قېتىملىق سەپەر ئۈستىدە نەپسىمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزلىرىگە، دوستلۇقىمىزغا خىيانەت قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىقتىم. بۈگۈن ئالدىلىرىدا تۇرۇپتىمەن، مېنىڭ ئەسكىلىكىم ئۈچۈن مېنى مىڭ قېتىم جادۇ بىلەن توغراپ قاقتەك - قۇلاقتەك قىلىۋەتسىلىمۇ ئۇۋال بولمايدۇ، — دەپ ئۇن سېلىپ ھۆر - ھۆر يىغلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەيران قېلىشىپتۇ. دوستىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى تۇتۇپ كېتىپ، پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى ئارام ئېلىشقا قويۇپ بېرىپ، شاھلىق تەختىدىن چۈشۈپ دوستى بېخىلنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئالىي مېھمانخانىسىغا باشلاپ، تۈرلۈك - تۈمەن نازۇنېمەت، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ئوبدان مېھمان قىپتۇ ۋە بىرقانچە كۈن ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ، ياخشى سەرپاي، پۇل - پۈچەك ھەدىيە قىپتۇ.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، پادىشاھ:

— دۇنيادا ئازمايدىغان ئىنسان يوق، بىر قېتىم يامان

ئىش قىلىپ قايتا سادىر قىلمىسا، ئۇنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، ھەممىدىن نىيەت ئەلادۇر. ماڭا قىلغان بارلىق يامانلىقلىرىڭنى كەچۈردۈم، دوستلۇقىمىز بۇرۇنقىدەك داۋاملىشسۇن، — دەپ ئۆزىنىڭ سېخىي، مەرد، ئاق كۆڭۈللۈكىنى يەنە بىر مەرتە نا- مايان قىپتۇ ۋە دوستى بېخىل كۆزىنى ئويۇۋالغاندىن كېيىن قانداق قىلىپ قېرى توغراق تۈۋىگە كېلىپ قالغانلىقىنى، توغراقنىڭ ئاچىمىقىدا تۇرۇپ ھايۋانلارنىڭ گېپىنى قانداق ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ، ئاخىر ئۆزى- نىڭ بەخت خەزىنىسىگە ئېرىشىپ پادشاھ بولغانلىق سەرگۈ- زەشتلىرىنى بىر - بىرلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاۋېتىپ بېخىلنىڭ سېخىيغا بولغان ھەسەتخورلۇقى مىڭ گەز ئۆرلەپ، قورسىقىغا جىن كىرىپ، ئىككى دوست بىللە سەپەرگە چىققان ھېلىقى يولدا ئۆزى يالغۇز يەنە بىر قېتىم مېڭىپ ھېلىقى توغراقنى تېپىپ، ھايۋانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ دوستى سېخىينى پادشاھلىق- تىن ئۆرۈۋېتىپ ئۇنى زىندانغا سېلىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىغا پادشاھ بولۇش، چىرايلىق مەلىكىنىمۇ تارتىۋېلىش يامان نى- يىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. پادشاھنىڭ سەرگۈزەشتى تۈگەش بىلەن بېخىلنىڭ كەتكۈسى كېلىپ تۇرالماي، كېتىشكە ئىجا- زەت سوراپتۇ. پادشاھ:

— دوستۇم، يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بېخىل:

— مەنمۇ چۆلدىكى توغراقنى تېپىپ، شىر، يولۋاسلارنىڭ مەخپىيەتلىرىنى ئاڭلىۋېلىپ ئۆزلىرى ماڭغان يولدا ماڭماق- چىمەن، — دەپتۇ. پادشاھ:

— دوستۇم، مەن ساڭا ئۆمرۈڭ بويى ئىشلىتىپ بولال-

ـمغۇدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرەي، خالىساڭ يېنىمدا ئوڭ
قول ۋەزىر بولۇپ قال، لېكىن بۇ يولغا ماڭما، چۈنكى ئۇ
ھايۋانلار ناھايىتى سەزگۈر. ئۇلار مەخپىيىتىنىڭ ئاشكارىلىن-
نىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇ يەرگە يېقىنلاشقان ئىن-
ساننى تىرىك قويمايدۇ، — دەپتۇ. لېكىن، بېخىلنىڭ كۆڭلى-
دىكى يامان نىيىتى ئۇنى تىنچ قويماپتۇ، ھەرقانداق قىلىپمۇ
ئۇ نىيەتتىن يانالماپتۇ. دوستى سېخىينىڭ نەسىھەتىنى بول-
سا، مەندىن قىزغىنىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىپ، ئۆز گېپىدە چىڭ
تۇرۇۋاپتۇ. دوستىغا نەسىھەت كار قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن
پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر دانە يارام ئارغىماق، ئاش ـ ئوزۇقلارنى
بېرىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بېخىل بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، چۆل ئوتتۇرىسىدىكى
توغراقنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ. خۇشاللىقىدا ئارغىماقتىن
سەكرەپ چۈشۈپ، ئاتنى كەلگەن يېرىگە كەت دەپ، كېلىش-
تۈرۈپ قامچا بىلەن سۆڭگىچگە بىرنى ئۇرۇپ ھەيدىۋېتىپ،
ئۆزى بىر توپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە كېلىپ يېتىپ كۈننىڭ
پاتراق كەچ بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. كەچ كىرىپ
كۆز باغلانغاندا، يۇلغۇن تۈۋىدىن سەكرەپ چىقىپ ئۇدۇل
توغراققا قاراپ قۇيۇندەك يۈگۈرۈپتۇ ۋە توغراققا چىقىپ ئۇ-
نىڭ ئاچىمىقىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن
يولۋاس، شىر، ئېيىق، تۈلكىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن نەرە تار-
تىپ ـ ھۆركىرىشىپ يېتىپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئادىتى بو-
يىچە يولۋاس ئاۋۋال گەپ باشلاپ:

— بۇ يىل بىزدىن ئامەت قاچقان بىر يىل بولدى.
توغراقنىڭ خاسىيىتىنى بىركىم بىلىۋالغان ئوخشايدۇ، غازاڭ-
لىرىنى سىيرىۋاپتۇ، شاخلىرىنى سۇندۇرۇپتۇ، — دەپتۇ.
شىر:

— بۇلاقتا بىركىم يۇيۇنۇپ، بۇلاقنىڭ كۆزىگە توپا تىقىۋېتىپتۇ، سۇيىمۇ بۇلتۇرقىدىن ئاز قاپتۇ، — دەپتۇ. ئېيىق:

— بۇ يىل بىزنىڭ ئىشلىرىمىز قاملاشمىدى. ئۆتكەن يىلى مەن سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن كۇنچىقىش تەرەپتىكى پا-دىشاھنىڭ لەقۋا قىزى ساقىيىپتۇ، ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر ئادەم پادىشاھنىڭ قىزىنى ئاپتۇ ۋە پادىشاھ بوپتۇ. بۈگۈنكى سورۇنىمىزغا بۆرە كەلمەپتۇ، بۇنىڭدا بىر سەۋەب بار. بۆرىنىڭ بۇلتۇر قىلغان گېپى ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ بېشىغا چىققان گەپ، بولمىسا كەلمەي قالمايتتى، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپ-تۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان باشقا هايۋانلار: «راست، شۇنداق» دېيىشىپ ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتىپتۇ. ئاخىردا تۈلكە سۆز ئېلىپ:

— بۇ يىل ئاغىمخانلار ئالتۇن - تىللالىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ، ئېتىپ ئوينىمايدىغان بولۇپ قالدى، مەنمۇ كۆڭۈل ئېچىشتىن مەھرۇم قالدىم. ئاغىمخانلارنىڭ ئالتۇن - تىللا تەڭگىلىرىنى بىرەر ئادەم كېلىپ بۇلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. هايۋانلار هېچقانداق يېڭى گەپ قىلماستىن بىر يىلدىن بۇيانقى كېلىشمەسلىكلەرنى سۆزلىشىپ، پۇشۇلدىشىپ ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغاندا، يولۋاس:

— هەي ئاغىنىلەر، بىزنىڭ بۇلتۇر مۇشۇ يەردە قىلىشقان گەپلىرىمىزنى بىرەر ئادەمزات بىزگە يېقىن بىر يەرگە يوشۇ-رۇنۇۋېلىپ تىڭشىۋالمىغان بولمىسا، ئۇنداق ئىشلار بولمايت-تى، — دەپتۇ. شىر:

— مۇشۇ تۇرقىدىمۇ بىرەر ئادامزات گېپىمىزنى تىڭشاۋا-تامدىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ. ئېيىق:

— بەرھەق، مەن شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئادەمزاتنىڭ پۇرىقى-

نى سېزىۋاتىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بېخىلنىڭ پۇت - قوللىرىغا تىترەك ئولىشىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس - تاماس قاپتۇ. ئېيىقتىن كېيىن تۈلكە:

— مەن ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى تاپاي، — دەپ ئەتراپنى چۆرگىلەشكە باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يېتىپ كېلىپ، — تاپتىم، تاپتىم! ئۆتكۈر بۇرنۇم بىلەن پۇراپ، ھىيلىگەر كۆز-لىرىم بىلەن سىنچىلاپ قارىسام، ئۇ ھارامزادە بىزنىڭ بېشى-مىزغا چىقىۋاپتۇ، ئەنە توغراقنىڭ ئاچىمىقىدا ئولتۇرىدۇ، — دەپ، ئوك پۇتىدا ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. دەرغەزەپ بولغان يولۋاس ئاچچىقىدا نەرە تارتىپ توغراقنى شۇنداق بىر ئىرغاتقانىكەن، پۇت - قولىدا جان قالمىغان بېخىل خۇددى جاغالۋاينىڭ ئاغزىدىن چۈشۈپ كەتكەن قومچاقتەك توغراق تۈۋىگە پالاققىدە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. يولۋاس، شىر، ئېيىق، تۈلكىلەر ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ، سۆڭىكىنى ئاسمانغا پۇركۈۋې-تىپتۇ.

«بەتنىيەتنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# خاسىيەتلىك تاش

بۇرۇنقى زاماندا بەختى ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەنكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئانىسى تۈگەپ كېتىپتۇ، ئازچە ئۆتمەي دادىسىمۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا بەختىنى قېشىغا چاقىرىپ، ساندۇقنىڭ تېگىدىن ساقىدەك بىر تاشنى ئېلىپ:

— بالام، بۇ خاسىيەتلىك تاش، مەندىن ساڭا قالىدىغان مىراس مۇشۇ. مەن بەگنىڭ ئېتىزىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇسساپ كېتىپ سۇ ئىچكىلى بۇلاققا باردىم. قارىسام، بۇلاقتا بىر نىمجان بېلىق لەيلەپ يۈرۈپتىكەن. بېلىققا ئىچىم ئاغرىپ، ھەر كۈنى نان تاشلاپ بېرىپ ساقايتقانىدىم، بۇ تاشنى ئەنە شۇ بېلىق ماڭا بۇلاقنىڭ تېگىدىن ئاچىقىپ بەردى. بېلىق تاشنى بېرىۋېتىپ: «سەن ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، ياخشىلىققا ياخشىلىق. بۇ تاشنى ئال، ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، بۇ دۇنيادىكى يەتتە خىل دۇردىن ياسالغان تاش، جېنى تېنىدىن چىقمىغان ھەرقانداق كېسەلگە مۇشۇ تاشنى چايقاپ سۈيىنى ئىچۈرسە سەللىمازا ساقىيىدۇ» دېگەنىدى. مەن بۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئۆزۈمگە ئىشلەتمەيمەن، چۈنكى ساقىيىپ يەنە بەگنىڭ زۇلمىنى، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىشنى خالىماي-



مەن، — دەپتۇ ـ دە، تاشنى بەختىگە بېرىپ جان ئۈزۈپتۇ.

بەختى بايلارنىڭ زۇلمىنى كۆپ كۆرگەچكە، كەمبەغەل ـ يوقسۇللارغا جان كۆيەر يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ. كەمبەغەللەر ـ دىن كىم ئاغرىپ ـ تارتىپ قالسا، ھېچقانداق ھەق ئالماي ئۇلارنى خاسىيەتلىك تاش بىلەن ساقايتىپ قويىدىكەن. كەم ـ بەغەللەرمۇ بەختىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بەگ تاشنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىغا كى ـ رىپتۇ. بەگنىڭ قارا نىيىتىنى بىلگەن بەختى باشقا يۇرتقا باش ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئۇ نەچچە كۈنلەپ يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ ـ تۇ، تاغلارنى ئېشىپ، چۆللەرنى بېسىپ، دەريالارنى كېچىپتۇ. شۇنداق مېڭىپ كېلىۋېتىپ، يولدا يېرىم جان بولۇپ ياتقان بىر چاشقاننى كۆرۈپتۇ ۋە: «بۇمۇ خۇدانىڭ بىر مەخلۇقى، ساقايتىپ قوياي» دەپ ئويلاپ بېلىدىكى قاپچۇقىدىن سۇ ئې ـ

لىپ، تاشنى چايقاپ چاشقانغا ئىچۇرگەنىكەن، ئۇلەر هالدا ياتـ.
قان چاشقان شۇ هامان سىلكىنىپ قوپۇپ بىر ئايلىنىپتۇ ۋە
زۇۋانغا كىرىپ:

ئوزۇق ئىزدەپ يۇرگىنىمدە بىر هارۋا،
بېسىپ كېتىپ مېنى قويدى بۇ هالغا.
قۇتۇلدۇردۇڭ، يىگىت، مېنى ئۆلۈمدىن،
نېمە كېرەك ساڭا ئېيتقىن كۆڭلۈڭدىن؟

دەپتۇ. بەختى:

كېرەك ئەمەس سەندىن ماڭا هېچنېمە،
كەت ئۇۋاڭغا، مېنىڭدىن سەن غەم يېمە.

دەپ يولغا مېڭىپتۇ. ئەمما، چاشقان بەختىنىڭ ئالدىغا
ئۆتۈپ:

كېتىپ بارسام ئات دەسسىدى بېلىمدىن،
بەك قىينالدىم جېنىم چىقماي تېنىمدىن.
كېلىپ ئۆلەي دېگىنىمدە جان بەردىڭ،
تارتىنمىغىن نېمە كېرەك مېنىڭدىن؟

دەپ بىر تال تۈكىنى بەختىگە بېرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.
بەختى تۈكنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. يەنە خېلى كۆپ
يوللارنى باسقاندىن كېيىن، ئالدىدا تولغىنىپ ياتقان بىر
نىمجان يىلان ئۇچراپتۇ. بەختى بۇمۇ خۇدانىڭ بىر جانىۋارى
دەپ، ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك تاشنىڭ سۈيىدىن ئىچۇرۇپتۇ، هايال
ئۆتمەي يىلانمۇ سەللىمازا ساقىيىپتۇ. ساقىيىپتۇ ـ دە، قۇيـ.
ـرۇقى بىلەن تىك كۆتۈرۈلۈپ، بەختىگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

كېتىپ بارسام ئات دەسسىدى بىلىمدىن،
بەك قىينالدىم جېنىم چىقماي تېنىمدىن.
كېلىپ ئۆلەي دېگىنىمدە جان بەردىڭ،
تارتىنمىغىن نېمە كېرەك مېنىڭدىن؟

بەختى يىلانغا قاراپ:

سورىمايمەن يىلان سەندىن، ھېچنېمە،
خوش قال ئەمدى، سەن مېنىڭدىن غەم يېمە.

دەپ مېڭىپتۇ. بەختى ئىككى چامدام ماڭمايلا، يىلان بەختىنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

سورىمىساڭ ھېچ نەرسىنى مېنىڭدىن،
بىردەم توختا، ساڭا بېرەي تىلىمدىن.
ئېغىر كۈنلەر چۈشەر بولسا بېشىڭغا،
كۆيدۈر تىلنى، مەن بارىمەن قېشىڭغا.

دەپ تىلىنى ئۈزۈپ بەختىگە بېرىپ كېتىپتۇ. بەختى بۇنىمۇ پوتىسىغا تۈگۈپتۇ ـ دە، يولىنى داۋام قىپتۇ.

ئۇ يەنە مەنزىل ئېشىپ كېتىپ بارسا، بىر نەرسىنىڭ «غوڭ ـ غوڭ» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، ئەمما ئۆزى كۆرۈنمىگۈدەك. شۇنداق قارىسا، قاناتسىز بىر ھەرە ئۇچالماي پىر-قىراپ ياتقۇدەك. بەختى ھەرىگىمۇ خاسىيەتلىك تاشنىڭ سۈيىنى ئىچۈرۈپتۇ، ھەرە بىردەمدىلا قانات چىقىرىپ، بەختىنىڭ بې-شىدىن نەچچە ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

قامچا تېگىپ ئايرىلغاچقا قاناتتىن،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچالماستىن ياتاتتىم.
قانات بېرىپ قۇتۇلدۇردۇڭ ئازابتىن،
تارتىنمىغىن، نېمە كېرەك ئېيت مەندىن؟

بەختى:

كېرەك ئەمەس سەندىن ماڭا ھېچنېمە،
گۈل تېرىپ يەپ، ئەلگە ھەسەل بېرىۋە.

دەپ ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ، ئەمما ھەرە بېشىدا غوڭۇلداپ بىللىلا ئۇچۇپ كېلىۋاتقۇدەك. بەختى توختاپتۇ. شۇ چاغدا ھەرە:

توختاپ تۇرغىن سەۋر قىلىپ ئادەمزات،
ھېچبولمىسا يۇلۇپ بېرەي بىر قانات.
ئېغىر كۈنلەر چۈشەر بولسا بېشىڭغا،
شۇنى كۆيدۈر، مەن بارىمەن قېشىڭغا.

دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بەختى يەنە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. بىر جەزىرىدە كېتىپ بارسا، ئۆزى قۇراملىق بىر ياش يىگىت يول ئۇستىدە ئىڭراپ، «ئاھ» چېكىپ ياتقۇدەك، ئاغرىق ئازابىدىن رەڭگى پۇرۇشۇپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كېتىپتۇدەك. بۇنى كۆرۈپ بەختىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كېتىپتۇ. دەرھال تاشنى چايقاپ سۇيىنى ئىچۈرگەن ھامان ئۇمۇ ساللىمازا ساقىيىپتۇ ۋە بەختىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.

— بۇرادەر، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، — دەپتۇ يىگىت، — بۇ خالىس ياخشىلىقىڭ ئۇچۇن ساڭا ئۆمۈرۋايەت قۇل بولىمەن.

— مەن ئاتا - ئانىسىز بىر يېتىم - مۇساپىرمەن، باشقىلارنى قۇل قىلىشنى خالىمايمەن. ئەگەر ساڭا ماقۇل كەلسە، ئۆمۈرلۈك دوست بولايلى.

بەختىنىڭ بۇ تەكلىپى يىگىتكىمۇ ماقۇل كەپتۇ. ئىككىسى

دوست بولۇپ يولغا چۈشۈپتۇ، تاپقىنىنى تەك يەپ، تاغ - داۋان، چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر چوڭ شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ بەش يىلدىن بېرى ئېغىر كېسەل ئىكەن. پادىشاھ قىزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ قىلمىغان ئامالى، كۆرسەتمىگەن تېۋىپى قالماپتۇ، قىز ساقايماپتۇ. ئاخىر پادىشاھ: «ئەگەر كىمدەكىم قىزىمنى ساقايتسا، شۇ كىشىگە قىزىمنى ھەم پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە جاكار قىپتۇ، لېكىن بۇ كېسەلگە داۋا تاپىدىغان كىشى تېخىچە تېپىلماپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇقاندىن كېيىن ھېلىقى يىگىتنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ - دە، بەختىنىڭ خاسىيەتلىك تېشىنى ئوغرىلاپ توپتوغرا ئوردىغا بېرىپ، پادىشاھقا:

— قىزىڭىزنى مەن ساقايتىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي يىگىتنى قىزنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. يىگىت خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ سۈيىنى ئاغزىغا تېمىتقانىكەن، قىز سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قول ئاستىدىكى ۋەزىر - ئۆلىمالىرىغا دەرھال توي تەييارلىقى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇ خەۋەر بىردەمدە پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بەختى ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ، بىراق ھېلىقى ساختىپەز دوستى پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇنىڭغا قانداقمۇ كۈچى يەتسۇن؟! بۇنى ئويلاپ بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، بىردىنلا يولدىكى چاشقان، يىلان، ھەرىلەرنىڭ بەرگەن سوۋغىلىرى ئېسىگە چۈشۈپتۇ، بەختىدە ئۈمىد پەيدا بوپتۇ. چاشقاننىڭ تۈكىنى كۆيدۈرگەنىكەن، ھايال ئۆتمەي چاشقان ھازىر بوپتۇ.

— بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ چاشـ-
قان. بەختى بېشىدىن ئۆتكەننى ئېيتىپ بېرىپتۇ. چاشقان
ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:
— تاڭ ئاتقاندا تاش قولۇڭدا بولىدۇ، — دەپ چىقىپ
كېتىپتۇ.
بەختى تاش قولۇمغا كىرسىلا يەنە بىر ئامال قىلىمەن،
دەپ ئويلاپتۇ. بىر چاغدا ئۆيدە ۋىچىرلىغان ئاۋاز پەيدا بوپتۇ،
قارىسا چاشقان بەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىدىن تاشنى
چىقىرىپ، خوشلىشىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.
بەختى يىلاننىڭ تىلىنى كۆيدۈرگەنىكەن، دەرھال يىلان
پەيدا بولۇپ، بەختىگە:
— مەندىن ساڭا قانداق ياردەم كېرەك؟ — دەپتۇ.
بەختى بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. يىلان بىرئاز ئويلىنىپ:
— سەن پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالىسەن، پادىشاھمۇ بولىـ-
سەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تاشنى ئېلىپ قاچقان
قاراقچىنى زەھىرىم بىلەن چېقىپ ئۆلتۈرىمەن، ئاندىن كېيىن
پادىشاھنىڭ قىزىنى چاقىمەن. ئۇنى سېنىڭ قولۇڭدىكى خا-
سىيەتلىك تاشتىن باشقا ھېچ نەرسە ساقايتالمايدۇ، — دەپتۇ.
بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتەر - ئۆتمەيلا پۈتۈن شەھەردە:
«پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولىدىغان يىگىت ئۆلۈپ، قىزى يەنە بۇرۇنـ-
قى كېسەل ھالىغا كېلىپ قاپتۇ» دېگەن سۆز تارقىلىپتۇ.
ئەتىسى جاكارچىلار يەنە كوچىمۇكوچا يۈرۈپ، پادىشاھنىڭ
پەرمانىنى ئاڭلىتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بەختى ئوردىغا بېـ-
رىپ، پادىشاھقا قىزنى ساقايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ
ئۇنى قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپتۇ. بەختى قىزنى ساقاي-
تىپتۇ. قىز بۇ كېلىشكەن، زېرەك يىگىتنى كۆرۈپ ئاشىق
بولۇپ قاپتۇ. بەختىمۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار

سىردىشىپ ـ مۇڭدىشىپ، خۇشال ـ خۇرام پادىشاھنىڭ ئال-
دىغا كىرىپتۇ. ئەمەلدارلىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بەخ-
تىنىڭ كەمبەغەللىكىنى باھانە قىلىپ، پادىشاھنى ۋەدىسى-
دىن قايتۇرماقچى بوپتۇ. پادىشاھ باشتىكى پىكرىدىن قايتىپ،
بەختىگە نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بەرمەكچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭ-
لىغان بەختى، مەلىكە ۋە شەھەر خەلقى پادىشاھقا قاتتىق
نارازى بوپتۇ. خەلقنىڭ نارازىلىقىنى ئاڭلاپ، پادىشاھ بىلەن
ئەمەلدارلار ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كې-
ڭىشىپ:

— بۇ يىگىت تېۋىپلىقتا تەڭدىشى يوق ئىكەن، بىراق
يۇرت سورىغۇدەك ئەقلى بار ـ يوقلۇقىنى سىنايمىز. بۇنىڭ
شەرتى: ئات ۋە ھەممە جابدۇق ـ سايمانلىرى ئوخشاش بولغان
قىرىق مەپىنى يىگىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزىمىز. مەلىكىنىڭ
قايسى مەپىدە ئىكەنلىكىنى تاپالىسا، بۇرۇنقى شەرتنى ئادا
قىلايلى، — دەپتۇ.

بەختى پادىشاھتىن پۈتۈن شەھەر خەلقى ئالدىدا ۋەدە ئې-
لىپ، بۇ شەرتنى قوبۇل قىپتۇ. ھەرىنىڭ قانىتىنى كۆيدۈر-
گەنىكەن، شۇ ھامان ھەرە كېلىپ بەختىنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ.
ھەرە بەختىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— سەن غەم قىلما، مەپىلەر ئۆتكەندە مەن قايسى ئاتنىڭ
بېشىدا ئۇچۇپ يۈرسەم شۇ مەپىنى تۇت، — دەپ ئۇچۇپ
كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلىپ، بىر ـ بىرىگە ئوپمۇ
ئوخشاش قىرىق مەپە كېلىۋاتقۇدەك . بەختى كۆزىنى ئوبدان
ئۇۋۇلىۋېتىپ، مەپىلەرگە قېتىلغان ئاتلارغا زەن قويۇپ قاراپ-
تۇ. بىر مەپە ئۆتۈپتۇ، ئىككى مەپە ئۆتۈپتۇ، ھەرە كۆرۈنمەپ-
تۇ، يىگىرمە ـ ئوتتۇز مەپمۇ ئۆتۈپ بوپتۇ، بەختى جىم

تۇرغۇدەك.

مەيدانغا يىغىلغان خەلقلەر ھاياجانغا چۈشۈپتۇ، بەختىمۇ ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئوتتۇز سەككىزىنچى مەپمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئوتتۇز توققۇزىنچى مەپە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، ئاتنىڭ بېشىدا غوڭۇلداپ ئۇچۇپ كېتىپ بارغان ھەرىنى كۆرۈپتۇ — دە، بەختى يۈگۈرۈپ بېرىپ مەپىگە چىقىپتۇ، قارىسا مەپىنىڭ ئىچىدە مەلىكە ئولتۇرغۇدەك. بەختى مەپىنى ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ ھەيدەپتۇ. مەيدانغا يىغىلغان خەلقمۇ مەپىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن خەلق ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسىدىن يانالماي تەختتىن چۈشۈپ، بەختىگە پادىشاھلىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بەختى قىرىق كېچە — كۈندۈز توي قىلىپ مەلىكىنى ئاپتۇ ۋە ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپتۇ.



# ئۈستا نگور تۆمۈرچى

بۇرۇنقى زاماندا شەھىرەيۇ جەننەت ئىسىملىك بىر ئاۋات شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرگە زوۋاك ئىسىملىك بىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. شەھەر خەلقى ئاچ كۆڭۈل، ئىشچان، زېرەك بولغاچقا، تۇرمۇشلىرىنى باياشات ئۆتكۈزىدىكەن. خەلقنىڭ قوۋناق تۇرمۇشىنى كۆرگەن شەيتان بۇ تىنچ تۇرمۇشنى بىر ئامال بىلەن بۇزۇش قارارىغا كەپتۇ ھەم بىر يومىلاپلا زوۋاك شاھنىڭ خاس غۇلامى قىياپىتىگە كىرىپتۇ - دە، ئوردىغا كىرىپ شاھقا خىزمەت قىپتۇ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۆزىگە مايىل قىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى شەيتان:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مەن ئۆزلىرىگە ئۇزۇندىن بۇيان خىزمەت قىلىپ كەلدىم. مەنغۇ سىلىدىن رازى، سىلىمۇ رازى بولسىلا. مەن يېزىغا بېرىپ يالغۇز ئانامنى يوقلاپ كەلسەم، ئۆزلىرىدىن ئىجازەت سورايمەن، — دەپ زوۋاك شاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپتۇ. شاھ:

— سەن ماڭا ئوبدان خىزمەت قىلدىڭ، مەنمۇ سەندىن رازى. سەن ئۆيۈڭگە بارساڭ بېرىپ، ئاناڭنى بۇ يەرگە ئەكەلگىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سەن بىلەن بىرگە ياشاپ راھەت كۆرسۇن، — دەپ ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىپتۇ.

— ئالىيلىرى، مەن ئۆزلىرىگە بەكمۇ ئېچىنىپ قاپتى-
كەنمەن، شۇڭا خوشلىشىدىغان ۋاقتىمدا كۆكسىلىرىدىن بىر
بۆسە بەرسىلە، ئۆيگە بېرىپ كەلگۈچە ئۆزلىرىنىڭ ھىدىنى
ھىدلاپ ماڭسام، — دەپ ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋاپتۇ شەيتان. پادىشاھ
ماقۇل بوپتۇ. شەيتان پادىشاھنىڭ كۆكسىنىڭ ئىككى تەرىپى-
گە بىردىن ئىككىنى سۆيۈپ قويۇپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پادىشاھنىڭ كۆكسى-
نىڭ ئىككى تەرىپىدىن بىردىن ئىككى يىلان پەيدا بوپتۇ. بۇ
يىلانلار كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ، بېشىنى پادىشاھنىڭ ئىك-
كى قۇلىقىغا كىرگۈزۈپ ئۇخلايدىغان بولۇۋاپتۇ. شەھەردىكى
دانىشمەن ھەكىملەرمۇ بۇنىڭغا چارە قىلالماپتۇ. پادىشاھ
تەرەپ - تەرەپكە يىلاننىڭ تىلىنى بىلىدىغان كىشىنى تېپىش-
قا چاپارمەن چاپتۇرۇپتۇ. چاپارمەنلەر قوشنا شەھەر كوچىلى-
رىدا يىلاننىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئادەم ئىزدەپ يۈرگەندە، ھې-
لىقى شەيتان باشقا بىر ئادەم قىياپىتىدە، قولىدا ئىككى
يىلاننى ئويناتقىنىچە چاپارمەنلەرنىڭ ئالدىغا ئۇچراپتۇ. چاپار-
مەنلەر ئۇنىڭدىن: «يىلاننىڭ تىلىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىغا-
نىكەن، شەيتان:
«بىلىمەن» دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ.
ئۇلار بۇ «يىلان
ئويناتقۇچى»نى
ئېلىپ دەرھال
ئۆز شەھىرىگە
قايتىپتۇ.
«يىلان ئوي-
ناتقۇچى» ئوردىغا



كىرىپلا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ تە-رىپىدىكى يىلاننىڭ بېشىنى قولىقىغا سىلىپ تۇرۇپ بىرئاز-دىن كېيىن: «بولىدۇ، بولىدۇ» دەپتۇ، سول تەرىپىدىكى يىلان-نىڭ بېشىنىمۇ قولىقىغا سىلىپ تۇرۇپ: «ماقۇل، ماقۇل» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھ:

— يىلانلار نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، يىلان ئويناتقۇچى:

— بۇلار خاسىيەتلىك يىلانلار ئىكەن. ئۇلار: «پادىشاھ بىزنى ئۆلتۈرسە، ئۆزىمۇ ئۆلگەندىن سىرت، شەھەر خەلقىمۇ پالاكەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بىزگە ھەر كۈنى ئون ئا-دەمنىڭ مېڭىسىنى يېگۈزسە، بىزدىن شاھقا ھېچ خەۋپ يەت-مەيدۇ ھەم شاھنىڭ شەۋكىتى ئاشىدۇ» دەيدۇ، — دەپتۇ. پا-دىشاھ بۇ دەھشەتلىك سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپتۇ. يىلاننى ئۆلتۈرسە، ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈشىدىن قورقۇپ، ئامالسىز ھەر كۈ-نى شەھەر خەلقىگە ئون ئادەمنى نۆۋەت بىلەن كىرگۈزۈپ بې-رىش پەرمانى چىقىرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى شەھەر خەلقى ئازىيىشقا باشلاپتۇ. بەزىلەر ئۆزلىرىگە نۆۋەت كەلگۈچە باشقا يۇرتلارغا قېچىپتۇ. شۇنداق ئاۋات شەھەر شەيتان تېرىغان بۇ بالايىئاپەت تۈپەيلىدىن خاراب بولۇشقا باشلاپتۇ. شەھەر كوچى-لىرى چۆلدەرەپ، ئادەملەر كوچىلارغا ئاز چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ ھۈنەرۋەنلەر كوچىسىدا ئۇستانگۇر ئىسىم-لىك بىر ئۇستا تۆمۈرچى ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بەش بالىسى بار ئىكەن. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھۈنىرى ئاقماي، بىر ئائىلىدىكى يەتتە ئادەم ئاچ - توق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغانىكەن. بىر جۈمە كۈنى ئۇستانگۇر تۆمۈرچى يانچۇقىدىكى ئەڭ ئا-خىرقى ئون تۆت تەڭگە پۇلغا يېمەكلىك سېتىۋېلىش ئۈچۈن

بازارغا چىقىپتۇ. ئۇ ئايلىنىپ رەستىگە كەلگەندە، بىر توپ كىشىنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ توپقا يېقىنلىشىپتۇ. قارىسا، بىر بوۋاي سۆزلەۋاتقۇدەك. ئۇ:

— ھازىر مۇشۇ سورۇندىكى بىر مۆمىن مۇسۇلماننىڭ يانچۇقىدا ئون تۆت تەڭگە پۇلى بولسا، بۇ پۇلغا قاراشلىق يەتتە كىشى ئاچ تۇرغان بولسا، ھازىر ئاشۇ مۇسۇلمان يانچۇقىدىكى پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئىككىلەنمەي ماڭا خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە دۇئا قىلدۇرسا، شۇ كىشى ئورنىدىن يەتتە قەدەم ئېلىشىغا خىزىر ئۇچرايدۇ، — دەۋاتقۇدەك. ئۇستانگۇر تۆمۈرچى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھېچ ئىككىلەنمەي يانچۇقىدىكى پۇلنى ۋائىزغا دۇئا قىلدۇرۇپتۇ ۋە كىشىلەر توپى تارقىغاندىن كېيىن، تۇرغان يېرىدىن ساناپ يەتتە قەدەم مېڭىپتۇ، ئەپسۇسكى ھېچكىم ئۇچرىماپتۇ. ئۇ قەدىمىم چوڭ - كىچىك بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئالدى بىلەن ئۇڭ پۇتىنى ئېلىپ يەنە يەتتە قەدەم مېڭىپتۇ، يەنە ھېچكىم ئۇچرىماپتۇ. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆيگە قايتىپتۇ، ئۆيگە كىرە - كىرمەي، بالىلىرى: «نان» دەپ نالە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، سىرتتىن ئاق ساقال بىر بوۋاي: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كىرىپ كەپتۇ. ئۇستانگۇر تۆمۈرچى بوۋاينى سالام بىلەن قارشى ئېلىپ تۆرگە باشلاپتۇ. بوۋايغا داستىخان سالالماي خىجىل بولۇپ تۇرغاندا، بوۋاي:

— ئوغلۇم، داستىخىنىڭنى سېلىۋەر، مەندە بىر نان بار، تەڭ يەيلى، — دەپتۇ. داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن بوۋاي قوينىدىن بىر ناننى ئېلىپ توققۇز پارچە قىلىپ داستىخانغا قويۇپتۇ، ئۆيدىكىلەر بىر پارچىدىن ئالغانىكەن، يەنە بىر پارچە ئېشىپ قاپتۇ. ھەممەيلەننىڭ كۆزى داستىخاندىكى بىر

پارچە ناندا تىكىلىپ، قولىدىكى ناننى تېزلا يەپ بولۇپ، داستىخاندىكى ناننى ئالماقچى بوپتۇ، بىراق ھەممىسى قولىدىكى ناننى يەپلا تويۇپ قاپتۇ. بوۋاي ھەممەيلەنگە نان يېيىشنى زورلىغانىكەن، ھەممىسى يېمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپتۇ. بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ. ھەممەيلەن دۇئادىن كېيىن قارىسا، داستىخاندىكى بىر پارچە نان پۈتۈن بولۇپ تۇرغۇدەك. بۇنىڭدىن ئۇلار ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇستانگور تۆمۈرچىگە قاراپ:

— سەن بۈگۈن ئەتىگەن خىزىرنىڭ ھەققىدە ئون تۆت تەڭگە دۇئا قىلدۇرغانىدىڭ، خىزىر ئەلەيھىسسالام دېگەن مانا مەن بولىمەن. سېنىڭ ئۆيۈڭدىكى موھتاجلىقنى كۆرۈپ، ساڭا ياردەم بەرگىلى كەلدىم. مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇستانگور تۆمۈرچى:

— مېنىڭ ئارتۇقچە تەلىپىم يوق، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا قىلغىنىغا شۈكۈر قىلىمەن، — دەپتۇ. خىزىر:

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ جۇمە نامىزىدىن يانغۇچە سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتۈشىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ ـ دە، دۇئا قىلىپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇستانگور تۆمۈرچى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، ئۆيىگە پادىشاھنىڭ چاپارمەنلىرى كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار:

— ئۇستانگور تۆمۈرچى، بۈگۈن پادىشاھنىڭ كۆكسىدىكى يىلانلارغا يەم بولۇش نۆۋىتى سىلەرنىڭ ئۆيدىكى ئۈچ جانغا كەلدى، دەرھال تەييارلىق قىل ! — دەپتۇ.

ئۇستانگور تۆمۈرچى ئۇ يەرگە بېرىپ ياۋاشلىق بىلەن ئۆلگۈچە، پادىشاھ بىلەن ئىككى يالماۋۇز يىلاننى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆلگىنىم ياخشى دەپ ئويلاپ:

— چاپارمەن بېگىم، سەل تەخىر قىلسىلا، مەندە پادى-

شاھنىڭ كۆكسىدىكى يىلانلارنى يوقىتىدىغان بىر دورا بار، شۇنى ئىلىۋالاي، — دەپتۇ ۋە چوڭ ئىككى ئوغلىنىڭ قويندىغا بىردىن، ئۆزىنىڭ قويىنىغا بىر بازغاننى يوشۇرۇپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا ئوغۇللىرىغا گەپ ئۆگەتكەندىن كېيىن، چاپارمەنلەر بىلەن ئوردىغا كەپتۇ ۋە پادىشاھقا قاراپ:

— پادىشاھئالەم، كۆكسلىرىدىكى يىلاننى ئۆزلىرىگە دەخلىسى يەتمەيدىغان قىلىپ يوقىتىدىغان خاسىيەتلىك دورا ئەكەلدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا دوراڭنى چاققان ئىشلەتمەمسەن؟ — دەپتۇ. تۆمۈرچى:

— پادىشاھ ھەزرەتلىرى، بۇ دورىنى ئالدىراپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. سىلى ئالدى بىلەن ئوردا ئىچىدىكى مۇلازىم، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىشلىرى كېرەك، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ شەرتنى تەخىرسىز ئورۇنداپتۇ. ئۇستانگۇر تۆمۈرچى يەنە:

— ئەمدى سىلى تەختتىن چۈشۈپ، تەخت ئالدىدىكى تۈز يەردە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئوڭدا ياتسىلا، ئاندىن بىز خاسىيەتلىك دورىنى ئىشلىتەيلى، — دەپتۇ. پادىشاھ شۇنداق قىپتۇ. ئۇستانگۇر تۆمۈرچى ئوغۇللىرىغا ئىشارەت قىپتۇ ۋە قويىنىدىن بازغانلارنى



ئېلىپ «ياپىر !» دېگىنىچە ئاتا ـ بالا ئۇچەيلەن پادىشاھنىڭ كۆكسىگە شۇنداق ئۇرغىلى تۇرۇپتۇكى، پادىشاھنىڭ گۆشى بىلەن ئۇستىخىنى يۇغۇرۇلۇپ، خېمىر بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار يەنە ئۇرۇشنى توختاتماپتۇ. سىرتتا تۇرغان پادىشاھنىڭ ئوغلى ئۆي ئىچىدىكى بازغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قاراپ بېقىش ئۇچۇن دېرىزىدىن مارىغانىكەن، ئۇستانگۇر تۆمۈرچى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى تەخت ئالدىدىكى بوش يەرنى ئۇرۇپ ئازگال قىلىۋەتكەن، پادىشاھ ئۆي ئىچىدە كۆرۈنمەپتۇ. شاھزادىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، دەرھال ئۆيگە كىرىپ ئۇلارنى ئۇرۇشتىن توختىتىپتۇ ۋە:

— ھوي ئەخمەقلەر، نېمە قىلىشقىنىڭ بۇ؟ دادام قېنى؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇستانگۇر تۆمۈرچى:

— دادىڭىز مانا بۇ يەردە، — دەپ، ئازگالنى كۆرسىتىپتۇ. شاھزادە ئازگالغا يېقىن كېلىپ شۇنداق ئېگىشىپ قاراۋاتقاندا، ئۇستانگۇر تۆمۈرچى «ياپىر ! » دەپلا شاھزادىنىڭ بېشىغا بازغان بىلەن بىرنى ئۇرغانىكەن، ئۇمۇ ئازگالغا يىقىلىپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ گۆش ـ سۆڭەكلىرى بىلەن شاھزادىنىڭ گۆش ـ سۆڭەكلىرى يۇغۇرۇلۇپ، ئالما چوڭلۇقىدىكى خېمىردەك قالغۇچە ئۇرۇۋېرىپتۇ. جۇمە نامىزىدىن يانغان ئوردا ئەھلى ۋە جامائەت ئوردىغا كىرىپ، بولغان ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران ۋە خۇرسەن بوپتۇ. شۇنچە يورەكلىك ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، پۈتۈن خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئۇستانگۇر تۆمۈرچىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ نىجاتچىسى بولغان ئۇستانگۇر تۆمۈرچىنى شاھلىققا كۆرسىتىپتۇ. ئۇستانگۇر تۆمۈرچى شاھ بولغاندىن كېيىن، دائىم خەلق مەنپەئىتىنى ئويلاپ، ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# زۇلخۇمار

بۇرۇنقى زاماندا ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى پادىشاھنىڭ بېغىدا ئىشلەپ ئۆتكۈزگەن بىر جۈپ بوۋاي - موماي بولغانىكەن. بوۋاي ئۇلاق ئۇلاشتا، موماي گۈل ئۆستۈرۈشتە تەڭدىشى يوق ماھىرلاردىن ئىكەن.

ئىككى ماھىرنىڭ ئۇزاق مۇددەت قېتىرقىنىپ، ئەجىر قىلىشى بىلەن پادىشاھنىڭ بېغى شۇنداق كارامەت بىر باغقا ئايلىنىپتۇكى، بۇ باغدا دۇنيادا بار بولغان پۈتكۈل گۈل ۋە مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن، دۇنيادا تېخى مەۋجۇت بولمىغان گۈل ۋە مېۋىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

پادىشاھ ئۆز بېغىنى پات - پاتلا ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ تۇرمىسا، كۆڭلىنىڭ بىر يېرى يېرىم بولۇپ قالىدىكەن، شۇڭا پادىشاھ ئۆز بېغىنى ھەتتا ئالتۇن تەختىدىنمۇ ئەتىۋار بىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەنە شۇ باغقا ئۇشتۇمتۇت ئىككى قوزغۇن ئۇچۇپ كەپتۇ - دە، ئاغزىدىن ئوت - يالقۇن چىقىرىپ، سەت قاقىلداپ، بۇ باغنى كېچە - كۈندۈز ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان نەغمىچى قۇشلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈپ - توقاي قىلىۋېتىپتۇ. غەزەپلەنگەن بوۋاي - موماي ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئىككى مەخلۇقنى باغدىن چىقىرىۋېتەلمەپتۇ. ئاخىر

ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ باغقا چىقىپتۇ، بىراق بۇ ئىككى مەخلۇق دەرھال چىرايلىق بىر جۈپ شاتۇتىغا ئايلىنىپ، پادىشاھقا ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— خۇش كەپسىلا ! — دەپ خۇشال سايرىشىپتۇ.

بوۋاي - موماي ھەيران قاپتۇ. بۇنىڭ ئادەتتىكى قۇزغۇن بولماي، بەلكى قانداقتۇر بىر ۋەھىملىك مەخلۇقلاردىن ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ ۋە پادىشاھقا بۇلارنىڭ بىر بالايىئاپەتنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئىككى مەخلۇقنىڭ ئۆزىنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىدىن خۇدىنى يوقاتقان پادىشاھ بوۋاي بىلەن مومايىنى تىللاپ:

— ئەقىلسىز دۆتلەر، شاھ بېغىغا بەخت قۇشىنىڭ ئۆز-چۈپ كەلگەنلىكىنى بىلىشمەيسەن، ئەسلىي بۇ باغ مۇشۇنداق ئەقىللىق جانىۋارلارنىڭ ماكانى بولۇشقا تېگىشلىك، — دەپ بۇ ئىككى مەخلۇقنى ئەركىلىتىشكە باشلاپتۇ. شاتۇتى قىياپىتىگە كىرىۋالغان قۇزغۇنلار قاناتلىرىنى قېقىشىپ:

— دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن، شاھىم ! — دېيىشىپتۇ.

بوۋاي بىلەن موماي پادىشاھنىڭ بۇ مەخلۇقلارغا ئالدىنىپ قالماسلىقىنى قايتا - قايتا تەۋسىيە قىپتۇ. بۇ مەخلۇقلارنىڭ ھىيلىسى بىلەن ئەقلى بۇلغانغان پادىشاھ بوۋاي - مومايىنى باغدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي يىغلا - يىغلا شەھەرنىمۇ تاشلاپ، چۆلگە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن ماغدۇرى كېتىپ يىقىلاي دەپ قالغاندا، تاغقا ياندىش، تاملىرى ئېگىز چوڭ بىر باغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇيان ئايلىنىپ - بۇيان ئايلىنىپ، ئاخىر باغقا كىرىدىغان بىر سۇڭگۈچنى تېپىپتۇ - دە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇڭگۈچتىن باغ ئىچىگە كىرىپتۇ. بۇ باغ كىشىنى

ھەيران قالدۇرغۇدەك گۈزەل ئىكەن، گۈزەللىكتە پادىشاھنىڭ بېغىدىنمۇ قېلىشمايدىكەن. بوۋاي مېۋىلىك دەرەخلەرنى ماختىسا، موماي ھەر خىل گۈل - چېچەكلەرنى ماختاش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھارغان - ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، باغنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتۇ، ئۆزلىرىدىنمۇ ماھىر باغۋەنلەرنىڭ بارلىقىغا ھەيران بولۇپ، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئىللىق شامال كۆتۈرۈلۈپ، دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەكلەر گويا تەزىم قىلغاندەك يېقىملىق تەۋرىنىپتۇ - دە، ھاۋادىن بىرقانچە پەرى پەرۋاز قىلىشقىنىچە باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر قىرغاقلىق كۆل يېنىغا كېلىپ قونۇپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەيمىنىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، گۈللۈك ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. بىراق، كۆل بويىغا چۈشكەن پەرىلەر بىردىن ئالاقزادە بولۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ - دە: «ئادەم ھىدى كېلىۋاتىدۇ، ئاختۇرايلى» دېيىشىپ، تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ، ئۆز بېغىدا ۋاقىتسىز پەيدا بولغان كىشىلەرنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئۆز ئۆمرىنى باغۋەنچىلىك بىلەنلا ئۆتكۈزگەن ئاق كۆڭۈل بوۋاي بىلەن موماي بۇ باغقا ئىجازەتسىز كىرىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۈركۈنۈپ، ئۇلارنى ئىزدىتىپ ئاۋارە قىلغاندىن كۆرە، نېمە كۆرسەكمۇ كۆرمەيمىزمۇ دېيىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ - دە، پەرىلەرگە قاراپ:

— قىزلىرىم، ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار، بىز بۇ يەرگە تېنەپ كىرىپ قاپتىمىز، — دەپ خىجالەتچىلىك بىلەن ئۇلارغا تەزىم قىپتۇ.

پەرىلەر بوۋاي - مومايىنىڭ خىجالەتچىلىك بىلەن تۆۋەن قاراپ تۇرغان چىرايىدا غەيرىي قۇۋۇلۇق - شۇملۇقنىڭ ئالامىتى يوقلۇقىغا ئىشىنىپ دەرھال بوۋاي - مومايىنىڭ يېنىغا



كېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەر-
گە قانداق قىلىپ كىرىپ
قالغانلىقىنى سوراپتۇ.
بوۋاي - موماي ئۆز كە-
چۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ،
بىر جۈپ قۇزغۇننىڭ ۋە-
ھىمىسى ۋە پادىشاھنىڭ
ھاماقەتلىكىدىن شىكايەت
قىپتۇ. بۇ شىكايەت پەرى-
لەرنى ئىنتايىن ھايا-
جانلاندۇرۇپتۇ. ئەسلىدە
ئاشۇ ئىككى قۇزغۇن پە-
رىلەرنىڭ ئەسلىي ماكانىغا
ياندىش بىر گىياھسىز تاغ ئارىسىدا ياشايدىغان ئەر - ئايال
جادۇگەرلەر بولۇپ، ھاياتلىقتىكى گۈزەللىك، ئەركىنلىكنىڭ
كۈشەندىسى ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن پەرىلەرنىڭ ماكانىغىمۇ نۇر-
غۇن قېتىم ھۇجۇم قىلغان، بىراق كۈچ ئېلىشالماي چېكىن-
نىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. ئەنە شۇ جادۇگەرلەرنىڭ بۈگۈنكى
كۈنلۈكتە پادىشاھنىڭ بېغىنى خاراب قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكى
پەرىلەرنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرۈپتۇ.

بوۋاي - موماي پەرىلەرنىڭ سۆزىدىن، پۈتۈن كۈچ -
قۇۋۋەت، ئەقىل - زېھنىنى سەرپ قىلىپ گۈللەندۈرگەن باغ-
نىڭ ئەمدى قۇزغۇنلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا ۋەيران بولىدىغانلى-
قىنى چۈشىنىپ، زار - زار يىغلىشىپ، پەرىلەردىن قۇز-
غۇنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ياردەم تىلىشىپتۇ.

— خانىنىڭ ئەقلى ئۇلارنىڭ جادۇسىدىن سېھىرلىنىپ
بولدى، — دەپتۇ پەرىلەر بوۋاي - مومايغا، — سىلەر بۇ

يەردە تۇرۇپ قېلىشلار، كېيىنچە بىر گەپ بولار.

— بىز قېرىپ قالدۇق، — دەپتۇ بوۋاي - موماي مەيۈسلىنىپ، — كېيىننى بىز كۆرەلەرمىزمۇ؟

پەرىلەرنىڭ بۇ ئىككى بىچارىگە ھېسداشلىقى ئېشىپ، بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپتۇ - دە، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ ھۆرۈپ، كۆل سۈيىنى ئوچۇملاپ بۇ ئىككىسىگە چېچىپتۇ. بوۋاي - موماي ئەندىكىپ، كۆزلىرىنى بىرلا يۇمۇپ ئېچىش بىلەن ئون سەككىز ياشتىكى قىز - يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ ۋە ھەيران بولۇشۇپ:

— بۇ بىزنىڭ ئۆگىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ؟ — دېيىشىپتۇ.

— بۇ سىلەرنىڭ ئۆڭۈڭلار، — دەپتۇ پەرىلەر خۇشال كۈلۈشۈپ، — ئەمدى بۇ باغ سىلەرنىڭ بولىدۇ، باغۋەنلىك ھۈنىرىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، بۇ باغنى خالىغانچە ياشارتىڭلار، بىز ھەر پەيشەنبە كۈنى كېلىپ سۇغا چۆمۈلۈپ، ئويناپ كېتىمىز.

پەرىلەر شۇنداق دېيىشىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ - دە، پەرۋاز قىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپتۇ. پەرىلەر دېگىنىدەك ھەر پەيشەنبە كۈنى كېلىپ، باغدا تاماشا قىلىپ كېتىپ يۈرۈپتۇ. قېرىپ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا قايتا قىرانلىق دەۋرىگە ئېرىشكەن بوۋاي بىلەن موماي پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى باغنى پەرۋىش قىلىشقىلا بېغىشلىغانلىقتىن، باغمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆركەملىشىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇ ھالدا ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئايال ھامىلىدار بولۇپ بىر قىز تۇغۇپتۇ، ئۇنىڭغا زۇلخۇمار دەپ ئات قويۇشۇپتۇ. پەرىلەر ئۇچۇپ كېلىپ، زۇلخۇمارنى قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ سۆيۈشۈپتۇ - دە، ھەممىسى ئۆز تىلەكلىرىنى بايان قىپتۇ:

كۈلسە ئاغزىدىن گۈللەر ئېچىلسۇن،
ماڭسا تاپىنىدىن تىللا تۆكۈلسۇن،
يىغلىسا كۆزىدىن ئۈنچە چېچىلسۇن،
نىگاھى ئالدىدا قۇزغۇن تىترىسۇن.

ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپ زۇلخۇمار پەرىلەرنىڭ تىلىگىنىدەك، كۈلسە ئاغزىدىن گۈل ئېچىلىدىغان، يىغلىسا كۆزىدىن ئۈنچە چېچىلىدىغان، ماڭسا تاپىنىدىن تىللا تۆكۈلىدىغان قىز بولۇپ چوڭ بوپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشاللانغان ئەر ـ ئايال ئۇنىڭ نىگاھى ئالدىدا قۇزغۇنلارنىڭمۇ تىترەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، بۇ باغقا قۇزغۇنلارنىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ.

زۇلخۇمار ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ. پەرى ھەدىلىرىنىڭ ئەركىلىتىشى بىلەن ئۆسكەن بۇ قىز خۇددى پەرى ھەدىلىرىدەك گۈزەل ۋە نازاكەتلىك قىز بوپتۇ. شۇ يىلى بۇ باغنى ھېلىقى ئىككى قۇزغۇننىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. بۇنى پەيشەنبىلىك تاماشىغا كەلگەن پەرىلەر ئەر ـ ئايالغا مەلۇم قىلىپ، زۇلخۇمارنىڭ سەگەك بولۇپ تۇرۇشىنى تاپىلاپتۇ. بىر كۈنى زۇلخۇمار ئورنىدىن ۋاقىچە تۇرۇپ باغقا چىقىپتۇ، باغنى ئايلىنىپ گۈلزارلىقلاردا تاماشا قىلىپ كۆل بويىغا كەلگەندە، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قەپەسكە سولانغان چىرايلىق بىر قۇشنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قەپەسنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ، قەپەستىكى قۇش زۇلخۇمارنى كۆرۈپ ئۆزىنى قەپەسنىڭ شادىلىرىغا ئۇرۇپ، قېچىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىپتۇ. زۇلخۇمار ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ، ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇنى قەيەردىن ئالدىڭلار؟ — دەپتۇ.

— ھېلىلا گۈللەر ئارىسىدا سايراپ، ئويناپ يۈرگەنىكەن،

كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ تۇتۇۋالدۇق، — دېيىشىپتۇ.
زۇلخۇمار:

— سىلەر گۈللەتكەن پادىشاھنىڭ بېغىنى خازان قىلغان قۇزغۇننىڭ بىرى مۇشۇ، — دەپتۇ زۇلخۇمار ۋە يەرنى كولاپ، ئۇنى قەپەس بىلەن بىللىلا كۆمۈپ تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. قۇزغۇن شۇئان تىلغا كىرىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تىلەپ، زۇلخۇمارغا قاتتىق يالۋۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ قانچە يالۋۇرسىمۇ، زۇلخۇمار قىلچە رەھىم قىلماي ئۇنى كۆمدۈرۈپ تاشلاپتۇ. قۇزغۇن يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ئۈچ كۈنگىچە قاقىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ يېتىپ، تۆتىنچى كۈنى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، بەشىنچى كۈنى قۇزغۇن كۆمۈلگەن جايدىن بىر تۈپ ئازغان ئۈنۈپ چىقىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ باغقا يەنە بىر قۇزغۇن ئۇچۇپ كېلىپ ھېلىقى ئازغانغا قونۇۋېلىپ قاقىلداي-دىكەن، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق دەھشەتلىك چىقىدىكەنكى، باغ-دىكى غەزەلچى قۇشلارنىڭ ھەممىسى باغنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭ-لىرىغا ئۇچۇپ كىرىپ كېتىدىكەن، بىراق زۇلخۇمارنى كۆرۈ-شى بىلەن قۇزغۇن ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپ قالىدىكەن، غەزەلچى قۇشلار مۆكۈنگەن جايلىرىدىن چىقىپ، يەنە ئۆز سايراشلىرىنى داۋام قىلىپ باغنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتىدىكەن.

بۇ ھال ئۇزۇن داۋاملىشىپتۇ. بىر كۈنى چۈشتە زۇلخۇ-مار ئۆز ھۇجرىسىدا قاتتىق ئۇخلاپ ياتقانىكەن، قۇزغۇن يەنە كەپتۇ. بىراق، ئۇ بۇ نۆۋەت قاقىلدىماي، ئازغانغىمۇ قونماي، تۈپتۈز زۇلخۇمارنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇچۇپ كىرىپتۇ - دە، ئۇيقۇدا ياتقان زۇلخۇمارنىڭ كۆزلىرىنى تېزلىك بىلەن چوقۇپ ئويۇپ تاشلاپتۇ، ئاندىن زۇلخۇمارنى چاڭگاللىغىنىچە كۆككە ئاچىقىپ كېتىپتۇ. ئاتا - ئانا نېمە قىلارىنى بىلمەي، داد - پەرياد قىلغىنىچە ئۆزلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ يېتىپ قاپتۇ.

قۇزغۇن شۇ كۆتۈرۈلگەنچە كۆك قەرىگە چىقىپتۇ ـ دە، زۇلخۇمارغا:

— سەن مېنىڭ ئايالىمنى قەتل قىلدىڭ، مەن سېنىڭ بىزنى قورقۇتىدىغان كۆزلىرىڭنى ئويۇپ تاشلىدىم. مېنىڭ سەندىن ئالىدىغان ئىنتىقامىم بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. سەن مېنىڭ ئايالىمنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرگەن بولساڭ، مەنمۇ سېنى شۇنداق ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ ـ دە، پەسكە شۇڭغۇپ، ئادەمزاتسىز بىر چۆلگە چۈشۈپتۇ. چۆلدە قاچانلاردىدۇر كولىنىپ قالغان تاشلاندۇق قۇدۇق بار ئىكەن، قۇزغۇن زۇلخۇمارنى ئەنە شۇ قۇدۇققا تاشلاپتۇ، «ئەزرائىلنى مۇشۇ يەردە كۈت ! » دەپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

زۇلخۇمار كونا قۇدۇقتا بىلىگىچە سۇغا پېتىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپتۇ. سوغۇق، ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەردى ئۇنى ئاستا ـ ئاستا دەرمانسىزلاندۇرۇپتۇ. ئۇ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈلپەتتىن پەرى ھەدىلىرىنىڭ خەۋەرسىز قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ ياش تۆكۈپ، ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ يېتىشتىن باشقا ئامال قىلالماپتۇ. ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرى سوغۇق سۇدا تارتىشىپ، تىزلىرى پۈكۈلۈشكە باشلاپتۇ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، يېتىۋالغۇسى كەپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئۆزىگە ئەجەل ئەلچىسىنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. جان نېمىدېگەن تاتلىق ـ ھە ! ئۇ سەسكىنىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ. قارىچۇقى ئويۇلغان بۇ كۆزلەر كۆرۈش ئىقتىدارىدىن قالغاچقا، كۈننىڭ كېچە ياكى كۈندۈز ئىكەنلىكىنى سېزەلمەپتۇ. ئۇ سىلاپ ـ سىيپاپ قۇدۇقنىڭ زەيلەشكەن تاملىرىغا يۆلىنىپ، سىرتقا قولاق سېپتۇ. بۇ ئادەمسىز چۆلدىن ھەتتا ئۇچار قاناتلارنىڭمۇ ئاۋازى كەلمەپتۇ. قىز ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ھايات تىزگىنىنى ئەجەل ئاتلىق

قاباھەتكە تاپشۇرۇپ، بوشىشىپ كەتكەن پۇت ـ قولىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپتۇ. تىزلىرى ئاستا ـ ئاستا پۈكۈ- لۈپ، سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ.

قىز سۇغا چۆكۈپ كېتىپ بېرىپ، بىرنەرسىلەرنىڭ ماڭ- غان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ سەگەكلىشىپ سىرتقا قۇلاق ساپتۇ. سىرتتىن كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، كىمدۇر بىرىنىڭ قۇدۇققا چۇشۇرۇۋاتقان چېلەكنىڭ داراڭلىغىنى ئاڭلىنىپتۇ. ھاياتلىق ئۈمىدى قايتا يالقۇنلىغان قىز كۆچەپ ئورنىدىن تۇ- رۇپتۇ ـ دە، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى چېلەككە سۇنۇپ ئۇ- نىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىپتۇ.

ئەمدى قۇدۇققا چېلەك سالغان كىشىگە كېلەيلى:

بۇ كىشى زۇلخۇمارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياشىغان شەھەرنىڭ چۆلگە تۇتاش بىر چەت يېزىسىدا پادىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان بوۋاي ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى كالىلىرىنى چۆل-



لوٗككە ئاچىقىپ يوٗلغوٗنلوٗققا قويۇپ بېرىدىكەن، چوٗشكە يېقىن موٗشوٗ قوٗدوٗقنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ سوٗغىرىپ كېتىدىكەن، شوٗڭا ئوٗ باققان كاللار چوٚپكىموٗ، سوٗغىموٗ تويۇپ ــ قاندىغاچقا ناھايىتى تىمەن ۋە سېمىزئىكەن. كاللىنىڭ ئىگىلىرى ئوٗنىڭ بوٗنداق كوٚڭوٚل قويۇپ بېقىشىدىن بەكموٗ رازى ئىكەن. بىراق، بوۋاي ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئاغرىقچان بولوٗپ قېلىپ، بىرنەچچە كوٗندىن بوٗيان كاللارنى بېقىشقا چىقالماي، بوٗگوٗن ئازراق ماغدوٗرىغا كېلىپ، قايتا پادا بېقىشقا چىققانىكەن.

ئوٗ كاللىرىنى قوٗدوٗق بېشىغا توختىتىپ قويۇپ، قوٗدوٗققا چېلەك تاشلاپتوٗ ــ دە، ئوٗنى سوٗغا چوٚكوٗروٗپ شوٗنداق تارتىشىغا، خوٗددى چېلەك بىرنەرسىگە ئىلىنىپ قالغاندەك قىمىرلاپموٗ قويماپتوٗ، بوۋاي ھەيران بولوٗپ قوٗدوٗق ئىچىگە قاراپتوٗ، قوٗدوٗق چوڭقوٗر بولغانلىقتىن ئوٗنىڭ ئىچىنى كوٚرەلمەپتوٗ. بوۋاي يەنە كوٗچەپ تارتىپتوٗ ــ دە، قوٗدوٗق ئىچىدىن كىمدوٗر بىرىنىڭ ھالسىز ئىڭرىغىنىنى ئاڭلاپ قاتتىق چوٚچوٗپ كېتىپتوٗ. «بوٗ نېمە كارامەت؟» دەپتوٗ ئىچىدە ھەيران بولوٗپ، ئاندىن قوٗدوٗققا قاراپ: «ئادەمموٗسەن، جىنموٗ؟ ئوٚزوٗڭنى مەلوٗم قىل !» دەپ توۋلاپتوٗ. قوٗدوٗق ئىچىدىن: «مەن ئادەم، مەندىن يانمىسا، خوٗدادىن يانار، رەھىم قىلىپ قوٗتقوٗزوٗۋالسىلا» دېگەن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتوٗ. بوۋاي: «ئەمىسە ئارغامچا بىلەن بېلىڭنى باغلا» دەپتوٗ. زوٗلخوٗمار ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپتوٗ، ئاغرىقچان بوۋاي پوٗتوٗن كوٗچىنى سەرپ قىلىپ، مىڭ تەسلىكتە زوٗلخوٗمارنى قوٗدوٗقتىن تارتىپ چىقىپتوٗ. زوٗلخوٗمار سىرتقا چىقىپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتوٗ. بوۋاي قارىغوٗدەك بولسا، ناھايىتى كېلىشكەن قىز، بىراق ئىككى كوٚزى ئويۇلغان. بوۋاي تېخى ئوٗن گوٗلىنىڭ بىرىموٗ ئېچىلمىغان بوٗ قىزنىڭ بېشىغا نېمە ئەلەم كەلگەنلىكىنى چوٗشىنىپ يېتەلمەي،

ئۇنى بىر ئۆكۈزگە ئارتىپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ. ئاق كۆڭۈل بوۋاينىڭ ئۆزىگە ماس كەلمىگەن، جاۋىلداق بىر خوتۇنى بار ئىكەن. ئۇ بوۋاينىڭ بىر قارىغۇ كېسەلمەننى ئەكەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئۆزىمىزنى باقالمايۋاتساق، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، بۇ كېسەل كۆرپىسىنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ — دەپ جاۋىلداپلا كېتىپتۇ. بوۋاي:

— ئۇنداق دېمە، خوتۇن، بىچارە ياش ئىكەن، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىقىمىزنى ئايىمايلى، ساۋاب بولىدۇ، — دەپتۇ - دە، ئورۇن سېلىپ زۇلخۇمارنى ياتقۇزۇپ، ئىسسىق چاي ئىچۈرۈپتۇ. زۇلخۇمار هوشىغا كېلىپ، بوۋاينىڭ ياخشىلىقىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش بىلەن تەڭ ئۈنچىلەر تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن موماي:

— بۇ خېلى چوڭ باينىڭ قىزى ئوخشىمامدۇ، بويىنىغا ئاسقان ئۈنچىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى بولغاي، — دەپ، يەرگە چېچىلغان ئۈنچىلەرنى يىغىشقا باشلاپتۇ. زۇلخۇمار بۇنى ئۇقۇپ:

— ئانا، بۇنداق ئۈنچە مەندە كۆپ، قىسىلسىلا سېتىپ چاي - تۇز قىلسىلا، — دەپ قۇدۇق ئىچىدە يىغلىغاندا يانچۇقلىرىغا تۆكۈلۈپ قالغان ئۈنچىلەرنىمۇ ئېلىپ بېرىپتۇ. موماي ھەممىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېلىۋاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، زۇلخۇمار خېلى ياخشى بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا ماڭغانىكەن، تاپىنىدىن تىللا تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن موماي يۈگۈرۈپ كېلىپ تىللالارنى تېرىپ يانچۇقىغا ساپتۇ ۋە ئىچىدە بۇ راستىنىلا باينىڭ قىزى ئىكەن، بەلكى بۇنىڭ كۆزىنى ئەنە شۇ تىللالارنى كۆزلىگەن بىرى ئويغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ۋە

ئۇنىڭ بارلىق تىللا - ئۈنچىلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن زول-
خومار ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپتۇ،
بىراق ھېچنېمە تاپالماپتۇ. لېكىن، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ
چۈشۈپ قالىدىغان تىللا - ئۈنچىلىرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ.
موماي ئۇنى بوۋايدىن يوشۇرۇنچە ئۇتتۇرلۇق توپلاپ بىر ساد-
دۇققا قاچىلاۋېرىپتۇ. ساندۇقمۇ توشۇپتۇ. شۇ چاغدا مومىينىڭ
نىيىتى بىردىن بۇزۇلۇپتۇ، ئۇ، مۇبادا بۇ قارىغۇنىڭ ئىگىسى
چىقىپ قېلىپ ئەكەتكۈدەك بولسا، بۇ تىللا - ئۈنچىلەرنىڭمۇ
سورىقى بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ قارىغۇنى ۋاقتىدا جىمىقتۇ-
رۇپ، ئىشنىڭ ئالدىنى ئالاي دەپ ئويلاپ، بوۋاي پادا باققىلى
چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى يوقىتىۋەتمەكچى
بوپتۇ، بىراق قايسى يول بىلەن يوقىتىشنى ئويلاپ يېتەلمەي بىر
مەزگىلنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا زولخومار خېلىلا ئەسلىگە
كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولۇپ قاپتۇ.



ئۇ بىر كۈنى بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كۆلۈمسى-رىگەنىكەن، ئاغزىدىن تۇرلۇك - تۈمەن گۈل ئېچىلىپ بوۋاي-نى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. زۇلخۇمار شۇئان قولىنى ئاغزىغا ئا-پىرىپ بىر تۇتام گۈلنى سوغۇرۇۋاپتۇ - دە، بوۋايغا بۇ گۈل-لەرنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ. بوۋاي گۈللەرنى ئېلىپ بازارغا بېرىپتۇ. بۇ گۈللەر بازاردا ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ، چۈنكى پادىشاھنىڭ بېغىغا قۇزغۇن پەيدا بولغاندىن بۇيان پۈتۈن شەھەردىكى دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەكلەر قۇرۇپ تۈگىگەنىكەن. شەھەر خەلقى گۈلنى كۆ-رۈپ، مەن ئالىمەن دېسە، مەن ئالىمەن دېيىشىپ، بوۋاينى ئۈتتۈرىغا ئېلىۋاپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ بازارغا چىققانىكەن، ئۇلار بوۋايغا دەرھال پۇلىنى تۆلەپتۇ - دە، گۈلنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپتۇ. پا-دىشاھ گۈلنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي قاپتۇ، بۇنداق گۈللەر ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆز بېغىغا قارىغان بوۋاي - موماي باغۋەنلەرنىڭلا قولىدا ئۆسكەنىكەن. ئۇلار كې-تىپ گۈل تۇرماق، دەل - دەرەخلەرمۇ قۇرۇپ تۈگىگەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، بىر تەرەپتىن، بوۋاي - مومايني قوغ-لىۋەتكىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ قوغلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان «شاتۇتى» دىنمۇ گۇ-مانلىنىپ قاپتۇ، يېقىندىن بۇيان ئەنە شۇ شاتۇتىنىڭ بىرى ئىزسىز يوقىلىپ كېتىپ، ئىككىنچىسى بىرقانچە كۈندىن كېيىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭمۇ ئىزسىز يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئالتۇن قەپەسكە سولاپ ئۆز يې-نىدا ساقلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىراق، بۇ شاتۇتى بۇرۇنقىدەك سايرىمايدىكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇرۇپ ھۇۋقۇشنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالسا، تۇرۇپ مۈشۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالىدى-

كەن. بۇنداق چاغدا پادىشاھنى قاتتىق سۈر باسىدىكەن ـ دە، شا-
تۇتمنى سىرتقا ئاچىقىپ كېتىشكە بۇيرۇيدىكەن ۋە بوۋاي ـ
موماي باغۋەنلەرنى ئەسلەپ قالىدىكەن. مانا بۈگۈن ئەنە شۇ
بوۋاي ـ مومايلار ئۆستۈرگەندەك چىرايلىق گۈلنى كۆرۈپ
ئۇلارنى تېخىمۇ سېغىنىپتۇ ـ دە، گۈلنى سېتىشقا ئەكەلگەن
بوۋاينى دەرھال ئىزدەپ تېپىشنى بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەر تەرەپ ـ
تەرەپكە ئات سېلىپ بوۋاينى ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ.

بوۋاي گۈلنى سېتىپ بولۇپلا ئازراق ئوزۇق ـ تۈلۈك
ئېلىپ، قالغىنىغا زۇلخۇمارغا دورا ئېلىپ توپتوغرا ئۆيىگە
يېنىپ كەلگەنىكەن، ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۆز كۆزىگە ئۆزى
ئىشەنمەي قاپتۇ: ئۇنىڭ ھويلىسى تامامەن گۈل ـ چېچەككە
تولغان، بىرقانچە پەرى زۇلخۇمارنى ئورىۋېلىپ ناخشا ئېيىـ
تىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، زۇلخۇمارمۇ ئاغزىدىن دەستە ـ
دەستە گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان، ئۇنىڭ
كۆزىمۇ ئەسلىگە كېلىپ، چولپاندەك نۇر چېچىپ تۇرغان،
ئۆزىنىڭ مومىيى بولسا، بىر قولىدا پىچاق تۇتقىنىچە بىر
بۇلۇڭدا تاشقا ئايلىنىپ قېتىپ قالغانىكەن.

بوۋاي ئەھۋالنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي، بۇ ئوڭۇممۇ، چۈ-
شۈممۇ؟ دەپ تۇرۇشىغا، زۇلخۇمار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ
بوينىغا ئېسىلىپ، دوستلىرىغا تونۇشتۇرۇپ:

ـــ مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئاتام مانا مۇشۇ! ـــ دەپتىـ
كەن، قىزلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بوۋايغا ئىللىق سالام قىـ
لىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

ـــ سىڭلىمىزنى قۇزغۇن ئېلىپ قاچقاندىن بۇيان، ئۇنى
ھەر كۈنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى. بۈگۈن يەنە
مۇشۇ ئەتراپنى ئىزدەپ ھاۋانى كېزىپ يۈرگىنىمىزدە سىڭلى
گۈل كۆتۈرۈپ مۇشۇ ھويلىدىن چىقىپ قالدىلا. بۇ گۈللەر

پەقەت بىزنىڭ سىڭلىمىزنىڭ ئاغزىدىنلا تۆكۈلىدىغان، ئېچىلىدىغان بولغاچقا، سىلى ئۇزاپ كېتىشلىرى بىلەنلا بۇ ھويلىغا ئۇچۇپ چۈشتۇق. ئەپسۇسكى، مومايلىرى سىڭلىمىزنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ، ئۇنىڭغا پىچاق ئۇرماقچى بولۇپ تۇرۇپتىكەن، بىز ئۇنى دەرھال تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، سىڭلىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدۇق. سىلىگە رەھمەت، لېكىن ئاياللىرىنى كەچۈرەلمەيمىز، — دېيىشىپتۇ.

بوۋاي ئايالىنىڭ نېمە ئۈچۈن قاتىللىق قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پەرىلەر مومايىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىپتۇ. موماي قار - يامغۇر يىغلاپ، ئۆمىلەپ قويۇپ، ئۇنچە - تىللا تولدۇرۇلغان ساندۇقنى ئاچقىپتۇ ۋە:

— ئەسلي مەن مۇشۇلارنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن پەيلىمنى بۇزغانىدىم، بۇنى قايتۇرۇپ بېرەي، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپ قىزلارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بوۋاينى ئىزدەپ يۈرگەن شاھ لەشكەرلىرى قوروغا كىرىپ كەپتۇ ۋە شاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈپتۇ. قىزلار:

— سىلەر مېڭىۋېرىڭلار، بىز ھازىر بارىمىز، — دېيىشىپ، زۇلخۇمارنى كۆتۈرۈپ كۆككە پەرۋاز قىلىپ، ئاۋۋال زۇلخۇمارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا، ئاندىن شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. زۇلخۇمارنىڭ كىرگىنىنى كۆرگەن قۇزغۇن قەپەستە تېپىرلاپ، كۆزلىرىدىن قان - ياش تۆكۈپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. زۇلخۇمار ئۆزى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاشۇ قۇزغۇنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كەچمىشىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، قۇزغۇننى يەرگە كۆمۈپ تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. شاھ قۇزغۇننى

دەرھال كۆمدۈرۈپ تاشلاپتۇ ـ دە، زۇلخۇمارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆز تەختىنى بوشىتىپ بېرىپتۇ. زۇلخۇمارنىڭ دادىسى زۇلخۇمارنى قۇتقۇزۇۋالغان بوۋاينى ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان باغلار، گۈلىستانلار گۈللەپ ـ ياشناپتۇ، ئەل پاراۋان بوپتۇ. زۇلخۇمار پەرى ھەددىلىرى بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام ئويناپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ ئۆسۈپتۇ.



# چۆچۈرە بالا

ئۆتكەن زاماندا، سۇيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت، ساپ هاۋالىق بىر يېزىدا، تېرىپ ئاشقۇدەك يېرى، باراقسان بېغى، مال - ۋارانغا تولغان قوتىنى، ئازادە هويلا - ئارامى بار بىر ئىشچان دېهقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ توققۇزى تەل، تۇرمۇشى باياشات بولسىمۇ، لېكىن ئاخشىمى - ئەتىسى ئۆزىگە ئەمەك بولغۇدەك بىرەر ئوغۇل ياكى قىز پەرزەنتى بولمىغاچقا، كۈنى هەسرەت ۋە غەشلىكتە ئۆتىدىكەن.

بۇ دېهقانىنىڭ ۋاپادار، چېچەن ئايالى ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكى دەرد - هەسرىتىنى چۈشىنىپ، ئېرىگە بىر پەرزەنت تۇغۇپ بېرىش ئۈچۈن سەۋەب ئىزدەپ داخانلارغا ئوقۇتۇپتۇ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ، داڭلىق قەبرە - مازارلارنى تاۋاپ قىپتۇ، سەدىقە بېرىپتۇ، بىراق تىلىكى ئەمەلگە ئاشماپتۇ. ئىلاجسىز قالغان ئايال هەر كۈنى بەش ۋاخ نامازنى تەرك قىلماي، تەقۋادارلىق بىلەن ئىبادەت قىلىپ، خۇدادىن بىر پەرزەنت تەلەپ قىپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بالا يۈزى كۆرمەپتۇ. ئايال ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپ، پۈتۈن زېهنىنى هويلا - ئارام ۋە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قارىتىپ، ئېرىدىگە ياردەمچى بوپتۇ. ئىشتىن يانغاندا هېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي مەززىلىك تائاملارنى تەييارلاپ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى

ئېلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. دېھقانمۇ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىكەن. ئەمما، پەرزەنت سەۋداسى ئازابلاپ ئارام بەرمىگەن كۆڭلى ھەرقانداق قىلسىمۇ ھەسرەتتىن خالىي بولمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ دائىم دېگۈدەك ئۈن - تىنسىز، تېگى يوق خىياللارغا غەرق بولۇپ ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى ئىشتىن يېنىپ، ئايالى چۆچۈرىگە تۇتۇش قىپتۇ. دېھقان ئادىتى بويىچە يۇمشاق تۆشەككە تاشلىنىپ خىيالغا چۆكۈپتۇ. ئېرىنىڭ ئەپتىگە قاراپ يۈرىكى ئېزىلگەن ئايال چۆچۈرە تۈگكەچ ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىپ: «ئاھ خۇدا! مەن تۈگۈۋاتقان چۆچۈرىچىلىك پەرزەنت ئاتا قىلساڭمۇ، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاتتىم» دەپ كۆز يېشى قىپتۇ. شۇ زامات ئايالنىڭ قورسىقى ئاچچىق تولغاپتۇ - دە، ئاياغ تەردىپىدىن بىر مونەك چۇشۇۋاتقاندەك سېزىم پەيدا بوپتۇ، ئايال نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، پۇچقىقىدىن خۇددى چۆچۈرىگىلا ئوخشايدىغان كىچىككىنە بىرنەرسە چۈشۈپ دىڭگىلداپ ئاش تاختىسى ئۈستىگە چىقىپتۇ - دە:

— ئانا - ئانا، مەنمۇ چۆچۈرە تۈگۈشۈپ بېرەيمۇ؟ — دەپتۇ.

بۇ مۆجىزىدىن ھەيرانۇھەس بولغان ئايال سىنچىلاپ قاراپ، ھېلىقى چۆچۈرىسىمان مەخلۇق ئەپچىللىك بىلەن جىلىتىلارغا قىيما سېلىپ چۆچۈرە تۈگۈۋاتقۇدەك. تىلىكىگە يەتكەن ئايال سۆيۈنگەن ھالدا:

— چۆچۈرجان ئوغلۇم، تېخى ئەمدىلا تۇغۇلدۇڭ، ماڭا چۆچۈرە تۈگۈشۈپ بېرىمەن دېمەي، داداڭنىڭ قوينىغا كىرىپ ئوينىۋالغىن، — دەپتۇ.

چۆچۈرە بالا ئاشتاختىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، دادىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئايالنىڭ كىم بىلەن گەپلىشىۋاتقانلىقىنى

بىلمەي، خىيالدىن بىشىنى كۆتۈرگەن دېھقان كىچىككىنە چۆچۈرە بالىنىڭ شۇنچە يېنىك چامداپ يېنىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چەكچىيىپلا قاپتۇ.

ئۆي ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ كېتىپتۇ. چۆچۈرە بالىنىڭ گەپلىرى شۇنچە چۈچۈك، مېغىش - تۇرۇشلىرى شۇنچە قىزىقارلىق، قىلغان - ئەتكەنلىرى شۇنچە ئورۇنلۇق ئىكەن. كىچىككىنە تۇرقىغا قارىماي، ئۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ چۆچۈرە يەپتۇ، تاماقتىن كېيىن داستىخان يىغىپتۇ، ئانىسىغا ياردەملىشىپ قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپتۇ. ياتار ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى: «قوينىمىزغا سولاپ ياتساق ئۇيقۇچىلىقتا بېسىپ تاشلاپ مىجىلىپ كەتمىسۇن» دەپ، چۆچۈرە بالىنى دادىسىنىڭ تۇمىقى ئىچىگە ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئەر - خوتۇنلار ئورنىدىن تۇرۇپ تۇماقنىڭ ئىچىگە قارىسا، چۆچۈرە بالىسى كۆرۈنمىگۈدەك، چاقىرىپتىكەن، جاۋاب كەلمەپتۇ. ئۆي ئىچىنى ئىزدىسە ھېچ يەردىن چىقماپتۇ. «ئاللادىن تىلەپ ئاران ئېرىشكەن ئوغلىمىز نەگە غايىب بولغاندۇر؟» دەپ ئەنسىرىشىپ، ئوچاق بېشى ۋە قاچا - قۇچىلارنىڭ ئىچىگە قاراپتۇ، ھېچ يەردە كۆرۈنمىگۈدەك. ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا قارىسا، ھويلا - ئارام پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىلىپ، چىننىدەك تازا تۇرغۇدەك. تاڭ ئاتار - ئاتماي يەم تەمە قىلىپ ئارام بەرمەيدىغان مال - ۋارانلار ئېغىل - قوتانلىرىدا كاراسلىتىپ ئوت - چۆپ يېيىشىۋاتقۇدەك. كۆڭۈللىرى بىرنېمىنى تۇيغان ئەر - خوتۇنلار ھويلا ئالدىغا چىقىپ قارىسا، چۆچۈرە بالىسى چوڭ قىزىل خورازغا مىنىۋېلىپ ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرەرمىش. ئەر - خوتۇنلار مىڭ بىر شۈكۈر ئېيتىپ، چۆچۈرە بالىسىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كىرىپتۇ. ناشتىدىن كېيىن چۆچۈرە بالا

دادىسىغا ئەگىشىپ، ئۆيىمىزغا بىللە بارىمەن، دەپ تۇرىۋاپتۇ. ئاتا - ئانىسى يالۋۇرۇپ، نەسىھەت قىلىپ ئاران قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. چۈشكىچە چۆچۈرە بالا ئانىسىغا ياردەملىشىپ سۇ ئەكىلىپتۇ، كۆكتات ئۈزۈپتۇ، تاماق ئېتىپتۇ. چۈشلۈك تاماق تەييار بولغاندا، ئۇ: «دادامغا ئۆزۈم تاماق ئاپىرىپ بېرىمەن» دەپ جېدەل قىپتۇ. ئانىسى:

— ۋاي جېنىم بالام، بويۇڭ چۆچۈرىچىلىك تۇرسا، شۇنچە چوڭ تاماق كومزىكىنى قانداق كۆتۈرىسەن؟ — دەپتىكەن، چۆچۈرە بالا:

— باشقا ئىش بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، مېنى كومزەكنىڭ قۇلىقىغا مىندۇرۇپ قويسىڭىزلا بولدى، — دەپتۇ.

ئانىسى ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ، كومزەكنىڭ قۇلىقىغا مىندۇرۇپ قويۇپتۇ. چۆچۈرە بالا كومزەكنى دىكىلدىتىپ ماڭدۇرۇپ، بىردەمدە كۆزدىن ئۇزاپتۇ. ئۇ ئېتىز بېشىغا بېرىپ كومزەكنى بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى ئاستىغا قويۇپتۇ - دە:

— دادا، تاماق ئەكەلدىم، غىزالىنىۋېلىڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

دادىسى قوشنى توختىتىپ قۇلاق سالسا، ئۈجمە تەرەپتىن ئاۋاز چىقىۋاتقۇدەك. دادىسى كېلىپ چۆچۈرە بالىسىنى ئامراقلىقى كېلىپ سۆيۈپ قويۇپتۇ - دە، تاماق يېيىشكە تۇتۇش قىپتۇ. تاماق يەپ بولۇپ قارىسا، چۆچۈرە بالا كۆرۈنمىگۈدەك. ئاپلا، بۇ كەپسىز قاياققا قاچقاندۇ دەپ ئەتراپىغا سەپسالغانىكەن، چۆچۈرە بالا ساپاننىڭ تۇتقۇچىغا مىنىۋېلىپ يەر ھەيدەۋاتقۇدەك. دادىسى قېشىغا كېلىپ بولغۇچە، چۆچۈرە بالا ھەيدەشكە تېگىشلىك يەرنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ تۈگىتىپتۇ. ئەتىسى چۆچۈرە بالا دادىسىغا:

— ئۆيدە ئۇن ئاز قاپتۇ. تۆگىگە ئۇگۇت ئارتىپ بەرسە-

ئىمىز، توگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتىپ كەلسەم، — دەپتىكەن، دادىسى:

— بالام، توگمەن بەك يىراقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن چۆچۈرىچىلىك بەستىڭ بىلەن قانداق ئۇن تارتىپ كېلەلەيسەن؟ — دەپ ئۇنىماپتۇ.

— مېنى ئۆگۈت ئۈستىگە قوندۇرۇپ قويسىڭىزلا بولىدۇ، توگە يولنى بىلىدۇ، ئۆگۈتنى توگمەنچى بىلەن ئۇن تارتقۇزغىلى كەلگەنلەر چۈشۈرۈپ، تارتىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. مەندىن غەم قىلماڭ، — دەپتۇ چۆچۈرە بالا.

دادىسى ئامالسىز چۆچۈرە بالىنى توگمەنگە يولغا سالپتۇ. چۆچۈرە بالا يول بويى تۆگىنى قاتتىق باشقۇرۇپ مېڭىپتۇ. تەڭ يولغا كەلگەندە يامغۇر يېغىشقا باشلاپتىكەن، ئۇ ئۆگۈت ئۈستىدىن دىڭىلداپ مېڭىپ تۆگىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ دالدىلىنىپتۇ. يامغۇر توختاپ ئاپتاپ چىققاندا، تۆگە يۈرۈشنى ئاستىلىتىپ چۆپ ۋە غازاڭ يەپ مېڭىپتۇ. تۆگە بىر قېتىم غازاڭغا ئېڭىشكەندە، چۆچۈرە بالا ئېھتىياتسىزلىقتىن غازاڭ ئارىسىغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە، تۆگە ئۇنى غازاڭ بىلەن قوشۇپ يالمىۋېتىپتۇ. چۆچۈرە بالا توگىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ ۋارقىراپ، تېپىچەكلەپ تۆگىنى توگمەنگە ئەكەپتۇ. توگمەن ئالدىغا كەلگەندە، تۆگىنىڭ قورسىقىدىن:

— ھەي توگمەنچى، ئۆگۈتۇمنى تارتىپ بەر، تېز بول، بولمىسا ئۆيۈمگە كەچ قالىمەن! — دىگەن سادا كەپتۇ. توگمەنچى چىقىپ قارىسا، ئۆگۈت ئارتىلىق تۆگىلا تۇرغۇدەك، ئىگىسى كۆرۈنمىگۈدەك. توگمەنچى:

— ئۆگۈتنىڭ ئىگىسى قېنى؟ — دەپ توۋلاپتىكەن، چۆچۈرە بالا:

— مەن تۆگىنىڭ قورسىقىدا، سەن ئۆگۈتنى چۇشۇرۇپ، ئۇن تارتىپ تۆگەمگە ئارتىپ بەرسەڭلا بولدى، ئۆيگە ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، — دەپتۇ.

ھەيران قالغان تۆگمەنچى باشقىلار بىلەن ئۆگۈتنى چۇشۇرۇپ ئۇن تارتىپ، يەنە تۆگىگە ئارتىپ بېرىپتۇ. ئۇن تارتىلىپ بولغۇچە ئوتلاپ تويغان تۆگە كەلگەن يولى بىلەن ھايالسىز ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ھويلىغا كەلگەندە، چۆچۈرە بالا:

— دادا، ئۇن تارتىپ كەلدىم، ئۇننى چۇشۇرۇۋال، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرغان دادىسى يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىسا، ئۇن ئارتىلغان تۆگە ھويلىدا تۇرغۇدەك، چۆچۈرە بالا كۆرۈنمىگۈدەك.

— چۆچۈرە باتۇرۇم، قېنى سەن؟ — دەپ چاقىرىپتۇ دادىسى.

— تۆگىنىڭ مەرىدىن كىچىپ، مېنى تۆگىنىڭ قېرىنىدىن تېپىۋالغىن، — دەپتۇ چۆچۈرە بالا.

دادىسى دەرھال تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىچ - باغرىدىن بالىسىنى ئىزدەپتۇ، ئۇيان قاراپتۇ، بۇيان قاراپتۇ، چۆچۈرە بالا ئۈچەي - قېرىنلار ئىچىدىن چىقماپتۇ. ھەسرەتلىك يېشىنى تۆكۈشكەن ئاتا - ئانا قالدى - قاتتى ئۈچەي - قېرىنلارنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاپ ھازا ئېچىپتۇ. ئەسلىدە تۆگە بوغۇزلانغاندا دېمى كېسىلىپ ھوشسىزلانغان چۆچۈرە بالا تۆگىنىڭ توققۇز تولۇقىنىڭ قېتىغا كىرىپ قالغانىكەن. شۇ كېچىسى ئۇزاقتىن بۇيان ئوزۇق تاپالماي ئاچ يۈرگەن بىر قېرى بۆرە قان ھىدىنى پۇراپ چۆچۈرە بالىنىڭ ھويلىسىغا كەپتۇ - دە، ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىلگەن تۆگىنىڭ ئۈچەي - قېرىندىلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ. چۆچۈرە بالىمۇ

توقۇز تولۇق بىلەن بىللە بۆرىنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئاچ كۆز بۆرە يەنە بىر دېھقاننىڭ قوتىنىغا كىرىپتۇ. چۆچۈرە بالا ۋارقىراپتۇ:

— ھەي دېھقان، قوتىنىڭغا بۆرە تەگدى ! ئارا - پالتاڭ-نى ئېلىپ تېز چىق !

بۆرىنىڭ جان - پېنى چىقىپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي تىكىۋېتىپتۇ. ئەتىسى ئېچىرقىغان بۆرە، پادىسىنى ھەيدەپ يايلاققا كەتكەن بىر قويچىنىڭ قوتىنىدا قالغان قوزىلارغا تەگمەكچى بولۇپ شۇنداق چىت ئاتلىشىغا، چۆچۈرە بالا:

— ھەي تايغانلار، كەلمەمسەن ! قوتانغا بۆرە كىردى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

تايغانلارنىڭ ھاۋشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۆرە ئۆ-لەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۆرە قەيەرگە بېرىپ ئولجىغا تۇتۇنسا، چۆچۈرە بالا قورسىقىدا تو-رۇپ مال ئىگىسىنى چاقىرىدىكەن ياكى ھايۋانلارنى ئاگاھلان-دۇرىدىكەن. بىرقانچە كۈنگە قالماي بۆرىنىڭ تۈكلىرى تەتۈر يېنىپ، ئۇستىخانلىرى تېرىسىنى تېشىۋەتكۈدەك بوپتۇ. ئاچ-لىق ۋە ماغدۇرسىزلىققا پايلىمىغان بۆرە بىر كۈنى قورسىقىد-دىكى چۆچۈرە بالىدىن:

— ئەي، جېنىمغا پاتقان شۇم مەخلۇق، قانداق قىلسام سەندىن قۇتۇلىمەن؟ — دەپتۇ.

— شور دەرياغا بېرىپ تۇزلۇق سۇدىن قانغۇچە ئىچ، ئان-دىن راسا تەرلىگۈچە يۈگۈر، شۇ چاغدا مەندىن قۇتۇلىسەن ! — دەپتۇ چۆچۈرە بالا.

بۆرە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، شور دەريانىڭ قىرتاق سۇ-يىدىن قورساقلىرى ئېسىلىپ كەتكۈچە ئىچىپتۇ، ئاندىن پۈ-تۈن كۈچىنى يىغىپ، دېمى كېسىلگۈچە يۈگۈرۈپتۇ. تېرىلىرى

تەرگە چۆمۈلگەندە توختاپتىكەن، ئىچى سۇرۇپ شاتىراقلاشقا باشلاپتۇ. قورسىقى بوشاپ يېنىكلىگەندە، كۆچسىز تېنىنى سۆرەپ بىر دالدىغا بېرىپتۇ ـ دە:

ــــ ھەي، ئوت قۇيرۇق شۇم، ئەمدىغۇ قورسىقىمدىن چىد-قارسەن ! ــــ دەپ توۋلاپتىكەن، ئۇن كەلمەپتۇ، يەنە توۋلاپتۇ، ئۇن چىقماپتۇ. قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغان بۆرە ئاياغلىرىغا مەدەت بېرىپ باشقا جاڭگالغا كېتىپتۇ.

بۆرىنىڭ شاتىرىقى بىلەن بىللە يەرگە چۈشكەن چۆچۈرە بالا ئەمدىلا ئۆزىنى رۇسلاپ تۇرۇشىغا، ئەگىپ يۈرگەن بىر توك قاغا كۆرۈپ قىلىپ ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. قاغا بىر تاقلاپ، ئىككى چامداپ چۆچۈرە بالىنى چوقۇشقا تەمشەلگەنىكەن، چۆ-چۈرە بالا لىككىدە ئىرغىپ قاغىنىڭ بوينىغا مىنىۋاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ پەيلىرىنى چىڭ تارتىپ تۇرۇپ:

ــــ ئامان قالاي دېسەڭ ئاۋۇ ياققا ئۇچ، ئۆلەي دېسەڭ يەرگە چۈش ! ــــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئاغرىققا چىدىيالماي قالغان قاغا نائىلاج چۆچۈرە بالا دې-گەن ياققا قاراپ ئۇچۇپتۇ، دېھقانىنىڭ ھويلىسى ئۈستىگە كەل-گەندە، چۆچۈرە بالا قاغىنىڭ پەيلىرىنى تارتىپ تۇرۇپ:

ــــ ئاۋۇ قوناق يېيىلغان ئۆگزىگە چۈش، قوناقلاردىن خا-لىغانچە ئال، ئاندىن ئىختىيار قىلغان يېرىڭگە ئۇچ ! ــــ دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

چۆچۈرە بالىنىڭ گېپى كۆڭلىگە تازا ياققان توك قاغا ئۆگزىگە قونۇپ، چۆچۈرە بالىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. بىر باش قوناقنى چىشلەپ، ئىككى باش قوناقنى قامالاپ ئۇدۇل كەل-گەن بىر ياققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

چۆچۈرە بالا شوتىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ:

ــــ دادا، ئانا، مېنى چۈشۈرۈپ قويۇڭلار، شوتىنىڭ بالدىقىغا



پۈتۈم يەتمىدى، — دەپ چۇقان سالىپتۇ.

چۆچۈرە بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئوڭمىزمۇ ياكى چۈ-شىمىزمۇ دەپ تاڭ قالغان ئاتا - ئانىسى چىقىپ قارىسا، چۆچۈرە بالا ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىدە چۈشەلمەي تۇرغۇدەك. دادىسى شوتا ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىپ چۆچۈرە بالىنى ئە-چۈشۈپتۇ.

— قەيەرلەردە بولدۇڭ، قانداق يېتىپ كەلدىڭ، چۆچۈرە باتۇرۇم؟ — دەپ سوراپتۇ ئانىسى ۋە ئېتىلىپ كەلگىنىچە ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ.

— دەشت - باياۋانلاردا سەيلە - ساياھەتتە بولدۇم، ئۈچ باش قوناق سىمكار بېرىپ قايتىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۆچۈرە بالا.

شۇ كۈندىن باشلاپ چۆچۈرە بالا ئاتا - ئانىسىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، ئاتا - ئانىسىغا چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش قول - قانات بولۇپ خۇشاللىق ۋە ئارام بەخش ئېتىپتۇ.

# ئەڭگۈشتەر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ئاجايىپ قۇد-
رەتلىك بىر خانلىق بولغانىكەن. بۇ خانلىقتا ئەجدادىدىن بىر
ئەڭگۈشتەر مىراس قالغانىكەن. شۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ خاسىيىد-
تىدىن بۇ يۇرتنىڭ ھاۋاسى ئىللىق، يېرى مۇنبەت، سۈيى
ئەلۋەك بولۇپ، خەلق خاتىرجەم، باياشات ياشاپ كېلىۋات-
قانىكەن.

خانلىق داۋام قىلىپ نۆۋەت زۇمرەت شاھقا كەپتۇ.
زۇمرەت شاھ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەيش - ئىشرەت-
كە، ناشايان ئىشلارغا بېرىلىپ، ئەلنى ئۇنتۇپ، ئاتا - بوۋد-
سىنىڭ روھىغا يات ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زۇمرەت شاھ چارباغقا سورۇن تۈ-
زۈپ، ئەڭگۈشتەرنى داستىخان ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، چېـ-
كىملىكتىن كېيىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر كېنىزىكى
بىلەن پەيز سۈرۈۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز ھاۋا تۇتۇلۇپ، چاقماق
چېقىپ، گۈلدۈرماما دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، كۆزنى يۇمۇپ -
ئاچقۇچە قارا بوران چىقىپ، باغنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، بىرئاز
ئۆتكەندىن كېيىنلا ھاۋا سۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. زۇمرەت شاھ
خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى قويغان يەرگە كېلىپ قارىسا، ئەڭ-
گۈشتەر يوق تۇرغۇدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن زۇمرەت شاھ:

«ئاھ، مېنىڭ ئەڭگۈشتەرىم!» دەپ نالە قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممە يەر ئاختۇرۇلۇپتۇ، لېكىن ئەڭگۈشتەر تېپىلماپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ يۇرتنىڭ پاراۋانلىق، خاتىرجەملىك چىرىغى ئۆچۈپ، يۇرتتا توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، خەلق سەرسان بولۇشقا باشلاپتۇ. زۇمرەت شاھ ئۆزىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ: «كىمدەكىم ئاتا - بوۋامدىن مىراس قالغان ئاشۇ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى تېپىپ كەلسە، پادىشاھلىق تەختىمنى شۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ.

جاكارچىلار پادىشاھنىڭ سۆزىنى كۈندە ئۈچ قېتىم كوچىغا چىقىپ جاكارلىسىمۇ، ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقماپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن كۆپ ئەنسىرەپتۇ.

شۇ يۇرتنىڭ خىلۋەت بىر مەھەللىسىدە ئاق كۆڭۈل بىر ئوتۇنچى بوۋاي بار ئىكەن، خۇدا ئۇنىڭغا ئۈچ ئوغۇل، بىر پالتا، بىر تال ئارغامچىدىن باشقا نەرسە ئاتا قىلمىغانىكەن.

بوۋاي بىر كۈنى بازاردا ئوتۇن سېتىۋېتىپ، پادىشاھنىڭ جاكارچىلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئوغۇللىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئوغۇللار ئاتىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ جىمىپ كېتىپتۇ. خېلىدىن كېيىن كەنجى ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاتا، پادىشاھ يوقاتقان ئاشۇ ئەڭگۈشتەرنى تېپىپ كېلىشىمگە رۇخسەت بەرسىڭىز، — دەپتۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم، مەقسىتىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. كەنجى ئوغۇل:

— خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى تېپىپ كېلىپ، ۋەيران بولغان يۇرتنى، سەرسان بولغان خەلقنى قۇتقۇزۇش، — دەپ



جاۋاب بېرىپتۇ. بوۋاي ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ:

— ئوغلۇم، ئاللا مۇرادىڭنى هاسىل قىلسۇن، — دەپ دۇئا قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر قىلىچ سوۋغا قىپتۇ. ئىككى ئاكىسىمۇ ئۇكىسىنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇكىسى بىلەن بىرگە بېرىشقا بەل باغلاپتۇ.

ئاكا - ئۇكا ئۈچىسى هەربىرى بېلىگە يەتتىدىن ناننى چىگىپ، مۇرىسىگە بىر قاپاقتىن سۇنى ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە يەتتە كېچە - كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ، ئىككى يېنى ئاسمان - پەلەك تاغ، ئالدى چەكسىز كەتكەن بىر جىرانىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلار شۇ جىرانىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتكۈچە نېنىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ تۈگىتىپتۇ. ئۇلار يول يۈرگەنسېرى ماغدۇرىدىن كېتىپ، تامىقى قۇرۇپ، لەۋلىرى يېرىلىپتۇ. ئۇلار شۇ هالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، ئالدىغا توقسان گەز ئېگىزلىكتە بىر ئالما دەرىخى ئۇچراپتۇ. ئىككى ئاكىسى ئارام ئېلىشنى ئېيتىپتۇ، كەنجى

ئوغۇل سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. ئاخىر كۆپ تالاش - تارتىشتىن كېيىن ئارام ئېلىش قارارىغا كەپتۇ.

ئۇلار ئالمىنىڭ سايىسىگە كېلىپ يېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆت-مەي كەنجى ئوغۇل ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. ئىككى ئاكىسىنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئوتتۇرانچى ئاكىسى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىۋاپتۇ. چوڭ ئا-كىسى ئۇيقۇسى كەلمىگەچكە، ئالمىنىڭ شاخلىرىغا قارىسا، قوش مۇشتتەك قىزىرىپ پىشقان بىر تال ئالما كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرغۇدەك. ئۇ بۇ ئالمىنى يېيىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالما دەرىخىگە يامىشىپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئالما بار شاختىكى بىر تاختىغا يېزىلغان: «بۇ ئالمىنى يې-يىشكە پېتىنغانلىكى جانلىق تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن خەتنى كۆرۈپتۇ، لېكىن بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يۇقىرىغا ئۆر-لەپتۇ. ئۇ ئالما تۇرغان شاخقا چىقىپ، ئەمدى ئالمىغا قول ئۇزاتقانىكەن، دەسسىگەن شېخى يېرىلىپ كېتىپتۇ، ئالمىمۇ ئۈزۈلۈپ ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ مەيدىسىگە پوككىدە چۈشۈپتۇ. ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچسا، بىر تال ئالما مەيدىسىدە تۇرغۇ-دەك. ئۇ ئاللا تائالا ماڭا تاشلاپ بەرگەن چېغى دەپ، ئالمىنى شۇنداق ئاغزىغا ئاپىرىپتىكەن، چىشى ئالمىغا تېگىپلا تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا چوڭ ئوغۇل ئالمىنىڭ شاخلىرىغا دەسسەپ يەرگە چۈشۈۋاتقاندا يىقىلىپ كېتىپ، ئالمىنىڭ تۈۋىدىكى تاشقا بېشى تېگىپ، بېشى ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل «گۈپ !» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا، چوڭ ئاكىسى قانغا مىلىنىپ، ئوتتۇرانچى ئاكىسى تاشقا ئايلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بۇنىڭ نېمە سىر ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئەتراپقا قاراپتۇ. ئوتتۇرانچى

ئاكىسىنىڭ يېنىدا مەي بولۇپ پىشقان بىر تال قىپقىزىل ئالمىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالما سەۋەبىدىن پالاكەتكە ئۇچرىغانلىقىنى، بۇ ئالمىدا بىر سىر بارلىقىنى پەملەپ، ئالمىنى ئاستا ئېلىپ خۇرجۇنغا سېلىپ، ئاكىلىرى ئۈچۈن زار - زار يىغلاپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

كەنجى ئوغۇل شۇ ماڭغىنىچە يەنە يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر ئورمانلىققا قەدەم قويۇشىغا، قولىقىغا ھەسەل ھەرىسىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىنى بىر يولۋاس توسۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئاتىسى بەرگەن قىلىچىنى يولۋاسنىڭ بوينىغا شۇنداق قاتتىق ئۇرۇپتۇكى، يولۋاسنىڭ كاللىسى تېنىدىن چورت ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا يولۋاسنىڭ بۇرنىدىن بىر ھۆۋقۇش چىقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يولۋاس بىر كۆتەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئۆزىنىڭ سېھىرلەنگەن ماكانغا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، دىققەت قىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇ يولۋاسنى ھالاك قىلىپ ئالاھازەل يېرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئالدىدا يوغان بىر پارچە گىلەمنى تارتىپ قويغاندەك بىرنەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ سەپسېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرنەرسە مىدىردىرلاپ يۈرگۈدەك، ئۇ تېخىمۇ يېقىن بېرىپ قارىسا، گىلەم ئەمەس، دۆنىڭ ئىككى تۈپ دەرەخكە توقۇغان تورى بولۇپ، ئاشۇ تورغا بىر ھەسەل ھەرىسى چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇ ھەسەل ھەرىسىنى كېپىشتەك چوڭلۇقتىكى بىر دۆ يېيىشنى قەستلەپ تۇرغانىكەن. كەنجى ئوغۇل قىلىچىنى چىقىرىپ تورنى كېسىپ، دۆنى ئۆلتۈرۈپ، ھەسەل ھەرىسىنى توردىن ئاجرىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ھەسەل ھەرىسى ئەگىپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قونۇپ، ئادەمدەك زۇۋانغا كىرىپ:

— ھەي رەھىمدىل ئىنسان، سەپىرنىڭ قايان؟ مېنى نېمە ئۈچۈن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
كەنجى ئوغۇل ئۆزىنىڭ سەپەرگە چىقىش مەقسىتىنى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ:
— سېنى خالىس نىيەتتە قۇتقۇزۇپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— سەپىرىڭ خاسىيەتلىك سەپەر ئىكەن، مەنمۇ ساڭا يار-دەم قىلاي، — دەپ ھەسەل ھەرىسى كەنجى ئوغۇلغا قوشۇلۇپ يولغا چىقىپتۇ.
ئۇلار ئىككىسى سەپەرنى بىرلىكتە داۋاملاشتۇرۇپ، ئور-مانلىقتىن چىقىپ بىر يايلاققا يېتىپتۇ. ئۇلار يايلاققا چىققان ھامان چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەسەل ھەرىسى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ مورىسىدىن ئۇچۇپ ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىنى توپاقتەك زور بىر كۆك بۆرە توسۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل قولىغا قىلىچنى ئاپتۇ، ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ كېلىپ بۆرىنىڭ كۆزىگە قو-نۇپتۇ، بۆرە كۆزىنى ئاچالماي قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بىر قىلىچ ئۇرغانىكەن، بۆرە ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان بىر قاغا ئۇچۇپ كېتىپ، بۆرد-نىڭ ئورنىدا بىر قۇرۇق تېرە قاپتۇ. ئۇلار بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ۋە ئالدىغا يوغان بىر تاش ئۇچراپتۇ. ئاۋاز شۇ تاشنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقانىكەن. ھە-سەل ھەرىسىمۇ ئاشۇ تاشنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل تاشنىڭ تېگىگە قارىسا، بىر تولۇمچاشقان تاشنىڭ ئاستىغا بېسىلىپ قالغانىكەن. كەنجى ئوغۇل تاشنى دومىلىتىپ چاش-قاننى چىقىرىپ قويۇپتۇ. تولۇمچاشقان يەتتە قەدەم يەرگە يۈ-گۈرۈپ بېرىپ توختاپ، كەينىگە قاراپ:

— ئەي ئادەمزات، سېنىڭ قەدىمىڭ نېمە مەقسەتتىن بۇ يەرگە يەتتى؟ نېمە مەقسەتتە مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ؟ نەگە بارماقچىسەن؟ — دەپ ئادەمدەك سوراپتۇ.

كەنجى ئوغۇل سەپەرگە چىقىش مەقسىتىنى، سەپەردە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— سېنى خالىس نىيەتتە قۇتقۇزدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تولۇمچاشقان بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ:

— سەپىرىڭ خاسىيەتلىك سەپەر ئىكەن، مەقسىتىڭگە يېتىش ئۈچۈن مەنمۇ ساڭا ياردەم قىلاي، — دەپ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ.

ئۇلار ئۈچى سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە بىر قومۇشلۇققا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار قومۇشلۇقتا بىر كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، مۈشۈكنىڭ مىياۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋازنى ھەسەل ھەرىسى ئاڭلاپ يەنە يول باشلاپتۇ. ئۇلار ھەسەل ھەرىسىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان، ئۆتمەتۆشۈك بولۇپ ھۆۋقۇش باللاپ كەتكەن بىر ئەسكى سوقمىنى كۆرگەندە، ئالدىنى يوتىدەك يوغانلىقتىكى بىر يىلان توسۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل قولىغا قىلىچنى ئاپتۇ. تولۇمچاشقان يىلانغا ئېتىلىپتۇ. يىلان شۇنداق دەم تارتقانىكەن، تولۇمچاشقان يىلاننىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپتۇ، شۇ ھامان يىلاننىڭ ئاغزىدىن تۈتۈن چىقىپ قومۇشلۇقنى قاپلاپتۇ. كەنجى ئوغۇل قىلىچ بىلەن يىلاننىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. تولۇمچاشقان يىلاننىڭ قورسىقىنى تېشىپ چىقىپتۇ. يىلاننىڭ ئورنىدا بىر تال قىل ئارغامچا قېلىپ، بىر قۇزغۇن ئۈچۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇلار ھېلىقى ئەسكى سوقما تۈۋىگە بېرىپ بىر مۈشۈكنى كۆرۈپتۇ، مۈشۈك قاپقانغا چۈشۈپ قالغانىكەن. كەنجى ئوغۇلنىڭ مۈشۈككە ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى قاپقاند-

دىن چىقىرىپ قويغانىكەن، مۈشۈكمۇ يەتتە قەدەم نېرىسىغا بې-رىپ توختاپ كەينىگە قاراپ، زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئادەمزات، بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن قەدىمىڭ يەتتى؟ مەن مۇشۇ ھالەتتە ياشىغىلى يەتتە يىل بولغان، بۈگۈن جېنىمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ نالە قىلىۋاتاتتىم، نېمە سەۋەبتىن مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

كەنجى ئوغۇل سەپەرگە چىقىش مەقسىتىنى، سەپەر جەر-يانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— سېنى خالىس نىيەتتە قۇتقۇزدۇم، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ. مۈشۈك ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ:

— سەن خالىس نىيەت بىلەن مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويغا-نىكەنسەن، مەنمۇ سېنىڭ مەقسىتىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈ-چۈن ياردەم قىلاي، — دەپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار يولنى بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرۇپ بىر تاغنىڭ باغ-رىغا يېتىپ بارغاندا، كەنجى ئوغۇلغا ھاردۇق يېتىپ، قەدەم ئې-لىشقا ماجالى، ئۆرە تۇرۇشقا دەرمانى قالماپتۇ. ئۇ شۇ ھالەتتە ھەمراھلىرىغا ئۆز ھالىنى ئىزھار قىلىپ، بىرئاز ئارام ئېلىۋې-لىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ:

— سەن ئارام ئالغاچ تۇر، بىز ئەتراپنى كۆزىتىپ، ماڭار يولىمىزنى كۆرۈپ كېلەيلى، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل ماقۇل بوپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بېشىنى بىر تاشقا قويۇشى بىلەن كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ ھامان بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق، نۇرانە يۈزلۈك بىر بوۋاي نامايان بوپتۇ. بوۋاي كەنجى ئوغۇلغا قاراپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەپىرىڭ قايان، مۇرادىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. كەنجى ئوغۇل:



— مەقسىتىم يو-قالغان خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەرنى تېپىپ كېلىپ، ئەلنى قۇتقۇ-زۇش، — دەپ سەپەر قىلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ:

— ئوغلۇم، نىيە-تىڭ خالىس ئىكەن، ساڭا يول كۆرسىتەي. مۇشۇ تاغدىن ئۆتسەڭ دىۋىلەر ماكانىغا يېتىسەن، سەن ئىزدەپ يۈرگەن ئەڭگۈش-تەر ئاشۇ دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ قولىدا. خۇدا ساڭا يار بول-سۇن، سەپىرىڭ قۇتلۇق بولسۇن. تۈر ئورنۇڭدىن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چۆچۈپ كۆزىنى ئاچسا چۈشى ئىكەن. چۈشىنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ماغدۇرى ئەسلىگە كەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قايتىپ كەپتۇ. ئۇ چۈشىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ:

— ھەر نېمە بولسا ئەڭگۈشتەرنىڭ بار جايى ئېنىقلان-دى. قالغان ئامالنى شۇ يەرگە بارغاندا قىلايلى، — دەپ ھەمراھلىرىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە تاغنى ئايلى-نىپ ئۆتۈپ دىۋىلەر ماكانىغا يېتىپ كېلىپ، ئەتراپتىكى بەزى جانلىقلارنىڭ بېشىنىڭ، بەزى جانلىقلارنىڭ پۇتىنىڭ تاشقا ئايلانغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ يا ئادەمگە، يا ھايۋانغا ئوخشى-مايدىغان غەلىتە تۇسكە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تېنى

شۇركۇنۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپكە قارىسا، چوڭلۇقى مۇشۇكتەك چايانلار، توملۇقى يوتىدەك يىلانلار خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك. يەنە بىر تەرەپكە قارىسا، توپاقتەك - توپاقتەك يولۋاس، بۆرىلەر خىرىس قىلىشىپ تۇرغۇدەك، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن سانىنىمۇ بىلگىلى بولمىغۇدەك. كەنجى ئوغۇل بۇلارنى كۆرۈپ، چۈشىدىكى بوۋاينىڭ سۆزىنى ئىسىگە ئاپتۇ. شۇ چاغدا ھەسەل ھەرىسى يەنە زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي ئادەمزات، سەن يەنە ئالدىڭغا ماڭساڭ، ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتقان ئاشۇ جانلىقلارغا ئوخشاش يا بېشىڭ، يا بىلىكىڭ، يا پۇتۇڭ تاشقا ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا مەقسىتىڭگە يەتمەك ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ جايدىن مەڭگۈ كېتەلمەيسەن. ئەڭ ياخشىسى، مەن ئۇچۇپ كىرىپ ئەڭگۈشتەرنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ چىقاي، شۇ چاغدا قالغان مەسلىھەتنى قىلىشايلى، — دەپ ئۇچۇپ دىۋىلەر ماكانىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ھەسەل ھەرىسى قىرىق بىر سىپىرلەنگەن دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ قارىسا، دىۋىلەر پادىشاھى ئۇخلاپ ياتقانىكەن. ھەسەل ھەرىسى ھەممە يەرنى ئىزدەپمۇ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى تاپالماپتۇ. ئاخىر دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ بۇرنىنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولغانىكەن، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئىچىدىن ۋالىلداپ نۇر چېچىۋاتقان بىر نەرسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ سىنچىلاپ قارىسا، ئەڭگۈشتەر ئىكەن. ھەسەل ھەرىسى ئەڭگۈشتەرنى كۆرۈپ ئۇچۇپ يېنىپ چىقىپتۇ. ئۇ ھەمراھلىرىغا:

— دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن قىرىق بىر سىپىرلەنگەن دەرۋازىدىن ئۆتۈش كېرەككەن، بىز ئىزدىگەن ئەڭگۈشتەر دىۋىنىڭ بۇرنىدا ئىكەن، — دەپ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قانداق قىلىش

توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا، تۇلۇمچاشقان:

— مەن تۆشۈك تېشىپ دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا يول ئاچاي، مۈشۈك كەينىمدىن كىرىپ ئەڭگۈشتەرنى ئوغرىلاپ چىقسۇن، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل قوشۇلۇپتۇ.

تۇلۇمچاشقان تۆشۈك تېشىشكە باشلاپتۇ، ھەش - پەش دېگۈچە تاغدەك توپىنى دۆۋىلىۋېتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن تۇلۇمچاشقان قايتىپ چىقىپ:

— تۆشۈك دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا يەتتى. ئەمدى مۈشۈك كىرىپ ئەڭگۈشتەرنى ئاچىقسۇن، — دەپتۇ. مۈشۈك:

— مەن ئەڭگۈشتەرنى دېۋىنىڭ بۇرنىدىن قانداق چىقىرىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ گەپ ھەممىسىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا تۇلۇمچاشقان يەنە:

— مەن مۈشۈك بىلەن يەنە بىر كىرسەم بولغۇدەك، — دەپ، مۈشۈك بىلەن بىرگە تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ.

مۈشۈك بىلەن تۇلۇمچاشقان دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ئۇلار قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئاخىر تۇلۇمچاشقان:

— مەن دېۋىنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ ئۆز ھۇنىرىمنى ئىشقا سېلىپ تاتىلايمەن. ئۇ چىدىيالماي چۈشكۈردۇ، شۇ چاغدا ئەڭگۈشتەر چۈشسە ئەجەب ئەمەس. ئەڭگۈشتەر چۈشكەن ھامان سەن ئېلىپ قاچقىن، — دەپتۇ. مۈشۈك ماقۇل بوپتۇ.

تۇلۇمچاشقان ئۇخلاپ ياتقان دېۋىنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ، بۇرنىنى تاتىلاپتۇ، دېۋە چىدىيالماي قاتتىق بىر چۈشكۈرگەنىكەن، بۇرنىدىن قارا بوران چىقىپ، بوران بىلەن تەڭ ئەڭگۈشتەر ھەم تۇلۇمچاشقانمۇ بىللە ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. مۈشۈك شۇ ھامان ئەڭگۈشتەرنى چىشلەپ ئۆزىنى

تۆشۈككە ئېتىپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن تۇلۇمچاشقانمۇ قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇلار ساق - سالامەت ئەڭگۈشتەرنى ئاچىقىپ كەنجى ئوغۇلغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە هايال بولماي دەرهال كەينىگە يېنىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە كەينىگە قارىماي يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ.

ئۇلار يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بولغاندا دىۋە ئويغىنىپ، بۇرنىدىكى ئەڭگۈشتەرنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ بىر سىلكىنىپ قۇيۇنغا ئايلىنىپ ئۆزىنى تۆشۈككە ئېتىپتۇ. دىۋە تۆشۈكتىن چىقىپ قارا بورانغا ئايلىنىپ، ئۇلارغا يېتىشىپ:

— توختاش، ئەڭگۈشتەرنى چىقىرىش! — دەپ دەهشەتلىك ۋارقىراپتۇ.

كەنجى ئوغۇل دىۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدا تۇرۇپ قاپتۇ. دىۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— هەي ئادەمزات، سېنىڭ يۈرىكىڭ ئەجەب چوڭكەنغۇ؟ مەن سېنىڭ شۇ يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇپ يېمەيدىغان بولسام! — دەپ كەنجى ئوغۇلنىڭ سول كۆكسىنى چاڭگاللىغانىكەن، ئاكىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان سېھىرلىك ئالما دىۋىنىڭ قولىغا چىقىپ قاپتۇ. دىۋە ئالمىغا قاراپ:

— سېنىڭ يۈرىكىڭ مۇشۇنچىلىكما؟ مانا، سېنىڭ يۈرىكىڭنى يېگىنىمنى كۆر! — دەپ ئاغزىغا سېلىپ بىر چايىنىغانىكەن، دىۋە شۇ زاماتلا تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ قولىدىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ چىقىپ، چۆل - جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ، كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىككى ئاكىسى پالاكەتكە ئۇچرىغان ئالما دەرىخى تۈۋىگە كەپتۇ. كەنجى ئوغۇل يېنىدىكى ئەڭگۈشتەرنى چىقىرىپ ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ كۆكسىگە يېقىپتۇ، ئاندىن چوڭ ئاكىسىنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن بېشىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ

ئەڭگۈشتەرنى بېشىغا قويۇپتۇ. ئۇلار:

— ئۇھ، ئەجەب ئۇخلاپ كېتىپتىمىز، — دەپ، تەڭلا كۆزلىرىنى ئېچىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل خۇشال بولۇپ:

— سىلەر ئۆلۈپ تىرىلدىڭلار، — دەپ، بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئىككى ئاكىسى ئەھۋالنى بىلىپ، تـوۋا دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇپ، ئۇكىسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئـۆز-لىرىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان يېيىشىپتۇ.

شۇ چاغدا ھەسەل ھەرىسى، تۇلۇمچاشقان، مۇشۇكلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان، بىزنىمۇ قۇتۇلدۇ-رۇپ قالساڭلار، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئۇلارنىڭ ئىلتىما-سىنى قوبۇل قىلىپ، ئەڭگۈشتەرنى چىقىرىپ ئالدى بىلەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ بەدىنىگە تەگكۈزگەنىكەن، ھەسەل ھەرىسى ئاستا - ئاستا چوڭلاپ ئاخىر ئاجايىپ چىرايلىق بىر سا-ھىبجامال مەلىكىگە ئايلىنىپتۇ. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئەڭگۈشتەرنى تۇلۇمچاشقان، مۇ-شۇكلەرنىڭ بەدىنىگە ياققاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ھەسەل ھەرى-سىدەك ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ چىرايلىق مەلىكىلەر-گە ئايلىنىپ قاپتۇ. قىزلار دەسلەپ يىگىتلەرگە قاراپتۇ، كې-يىن بىر - بىرىگە قارىشىپ قۇچاقلىشىپ، ۋاي ئاچا دېيىشە، ۋاي سىڭىللىرىم، دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. يىگىتلەر بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي ھەيران بولۇپ تۇرۇشقاندا، قىزلار يىغىسىنى توختىتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قىزلاردىن:

— بۇ زادى نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ. قىزلارنىڭ چوڭى كەنجى ئوغۇلغا قاراپ:

— مەن بۇ قىزلارنىڭ ئاچىسى، — دەپ سۆز باشلاپتۇ، — سىز ئۆزىڭىزنىڭ زۇمرەت شاھنىڭ دۆلىتىدىن كەلگەنلىكىڭىزنى



ئېيتتىڭىز. بىز زۇمرەت شاھنىڭ پادىشاھلىقىغا ئەڭ يېقىن قوشنا ئالىپ شاھنىڭ قىزلىرى. ئاتام بىزنى ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلدى. مەن ئون سەككىز ياشقا توشقان يىلى ماڭا تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى. ئاتام مەن بىلەن ئەلچىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. مەن ئاتامغا:

— ئاۋۋال ئەلچى ئەۋەتكۈچىلەرنى كۆرەيلى، ئاندىن ئۇلارغا جاۋابىنى بەرسەك، — دەپ جاۋاب بەردىم. ئاتام تەكلىپىمگە قوشۇلۇپ، ئەلچى ئەۋەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلدى. ئاتام چارباغدا كاتتا سورۇن تەييارلاپ، ئۇلارنى مېھمان قىلىشقا باشلىدى. مەن تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ يىگىتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز دەھشەتلىك گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، ھاۋا تۇتۇلۇپ، قارا بوران كېلىپ، چارباغنىڭ ئىچىدە پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ، مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. بىر چاغدا بىر قۇيۇنتاز پىرقىراپ كېلىپ مەن ئولتۇرغان تەختىراۋاننى ئايلىنىشقا باشلىدى. كېيىنكى ئىشلار ماڭا ئايان ئەمەس. مەن ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئۆزگىچە جابدۇلغان ھۇجرىدا ياتقانلىقىمنى كۆردۈم.

چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۆزۈمنىڭ ھۇجرىسى ئەمەس، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى غەلىتە. مەن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي ئىشىكنى قاقتىم، ۋارقىرىدىم، يىغلىدىم، لېكىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى، شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ قاماقلىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ، قورقۇپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، كېيىن ھوشۇمغا كەلسەم، يېنىمدا بەتبەشىرە بىر دىۋە ئولتۇرىدۇ. ئۇ:

— قەدىرلىكىم، سەن تۇغۇلغاندىلا مەن ساڭا ئاشىق بولغان، سەن بۇنى بىلمىگەچكە، باشقا يىگىتلەرنى تاللىماقچى بولدۇڭ، مەن بۇنىڭغا چىدىماي سېنى بىرئاز ئاۋارە قىلدىم. مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلساڭ، مەن سېنى ئەركىنلىككە چىقىرىمەن، — دېدى. مەن ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا: «ماڭا بىر يىل مۆھلەت بەر، بولمىسا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن» دېدىم. دىۋە تەكلىپىمگە قوشۇلدى. ئۇ مېنى كۈندە بىر نۆۋەت كۆرۈپ چىقىپ كېتىدۇ. مەن شۇ ھالەتتە بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ئۇنى ئالداش نىيىتىگە كەلدىم. بىر كۈنى ئۇنىڭ كىرىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىشىغا تامغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇرۇۋالدىم. ئۇ ماڭا يالۋۇرۇپ:

— سۆيۈملۈكۈم، ساڭا نېمە بولدى؟ سېنى كىم خاپا قىلدى؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— سەن خاپا قىلدىڭ، — دېدىم. ئۇ:

— مەن سېنى نېمىدەپ خاپا قىلدىم؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— مەن بۇ يەردە يالغۇز قېلىپ قورقىدىكەنمەن. ئاخشىمى ماڭا ھەمراھ بولغۇدەك بىرەرى بولسا، — دېدىم. ئۇ گەپ-سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى. كەچتە ئۆزى كىرىپ يېنىمدا

ئولتۇردى. بىر چاغدا ئولتۇرغان ئورنىدا سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇيقۇغا غەرق بولدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ بىر ئۈزۈكنى تېپىۋالدىم، ئۈزۈكنى قولۇمغا سېلىپ تاشقىرىغا چىقتىم، چۈنكى ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ قويغانىدى. ئىشىكتىن چىقىشىمغا، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان دىۋىلەر ماڭا باش ئېگىپ يول بېرىشتى. مەن بۇ ئۈزۈكنىڭ خىسلەتلىكلىكىنى بىلىپ ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋېرىپ، ھېلىقى قومۇشلۇققا كەلگەندە كەينىمدىن دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقتى، چۆچۈپ كەينىمگە قارىسام، دىۋە قارا بورانغا ئايلىنىپ كېلىۋاتقانىكەن. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ۋارقىراپ قولۇمنى كۆتۈرگەنىدىم، دىۋە قولۇمدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلدى، ئاندىن:

— سەن مېنى ئالداپ، سېھىر قايتۇرىدىغان ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ قېچىپسەن. ياخشى، بۇ ئەڭگۈشتەر يەنە ئۆزۈمنىڭ قولىغا



چۈشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ھايات قويىمەن. مېنى ئالدى-غانلىقىڭنىڭ جاجىسىنى تارتىسەن. مەندىن رەھىم تىلىسەڭ «ئىبلىس» دەپ ئۈچ نۆۋەت چاقىرغىن، مەن ھازىر بولىمەن، — دەپ، مېنى بىر ھۆرۈپ مۈشۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىلغاندىم، ئۆزۈمنى ھېلىقى قاپقاندا كۆردۈم. ئۇ كېتەر ۋاقتىدا يەنە:

— مەندىن رەھىم تىلىسەڭ، مېنى چاقىرىشنى ئۇنتۇپ قالما، — دەپ كۆزدىن غايىب بولدى.

مەن قاپقاندا قاچانغىچە يېتىشىمنى بىلمەيتتىم. بىر كۈنى سەھەر دەھشەتلىك بوران چىقتى. بوراندىن كېيىن بىر توپ قاغا ئۇچۇپ كەلدى. ئاشۇ قاغىلاردىن ئۈچى توپتىن ئايرىلىپ مەن تۇرغان سوقمىنىڭ ئۈستىگە قونۇشتى. ئۇلار:

— بۇگۈنگىچە سەۋر قىلدۇق، ئەمدى رەھىم قىلساق، بىزنىڭ كۆزىمىزگە قادىلىدىغان مىخقا ئايلىنىپ قالامدۇ، بۇنى بىلمەيمىز. ياخشىسى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، — دەپ مەسلىھەتلەشتى. مەن ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىدىن ئۇلارنىڭ قاغا ئەمەس، دىۋە ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. ئۇلارنىڭ يەنە بىرىنىڭ جېنىنى قەستلىگەنلىكىنى بىلىپ، باشقا بىرىنىڭمۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش بەختسىزلىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى بۇزۇش ئۈچۈن دەھشەتلىك بىر ۋارقىرىغانىدىم، ئۇلار ئۇچۇپ كەتتى. مەن كۆڭلۈمدە سۈيىقەست ئەمەلگە ئاشمىدى، دەپ ئويلاپ تۇرغانىدىم، ئۇلار يەنە ئۇچۇپ كېلىپ:

— بىز سېنى ئىزدەپ يۈرەتتۇق، سەن ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاشكارىلىدىڭ. سەن كۈشەندە بولمىساڭ، بىز خاتىرجەم ياشايتتۇق. سېنى ئۆلتۈرمىسەك، ئىبلىسنىڭ كۆڭلى سەندىن سوۋۇمايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ ئۇلار ماڭا قاغا ھالەتتە ھۇجۇم قىلغاچقا، خىرىس قىلىپ يېقىن كەلتۈرمىدىم. ئۇلار تەڭ

كېلەلمەي دۈە ھالىتىگە كېلىپ، بىرى مېنى چاڭگىلىغا ئېلىپ شۇنداق سىققاندى، بوغۇلۇپ ئۆلگىلى تاس قالدىم. شۇ چاغدا تاقەت قىلالماي:

— ئىبلىس، ئىبلىس، ئىبلىس، — دەپ ۋارقىراپ سالدىم. قارا بوران چىقىپ، ئىبلىس دەھشەتلىك ۋارقىراپ يېتىپ كەلدى. ئالدىمدىكى ئۈچ چىشى دۈە قاغا ھالىتىگە يېنىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا ئىبلىس ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، بىر ئەپسۇن بىلەن ئۈچ دانە تۇخۇمغا ئايلاندۇرۇپ قوينىغا سېلىۋېلىپ:

— سۆيۈملۈكۈم، سىزگە زەخمەت يەتتىمۇ؟ مېنىڭ ياخشىلىقىم بولمىسا، سىز ھايات قالمايتتىڭىز، مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلىڭ، — دېدى. مەن ھايات قالغان بىلەن بېشىمغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ دۈەنىڭ كاساپىتىدىن بولغاچقا، ئۇنىڭ تەلىپىنى يەنە رەت قىلدىم. ئىبلىس يەنە غەزەپكە كېلىپ:

— خەپ، سېنىڭ پۇشايمان قىلمىغىنىڭنى كۆرەي، — دەپ كۆزدىن غايىب بولدى.

مەن قاپقاندا يېتىپلا قالدىم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن، بىر كۈنى ئىبلىس يەنە پەيدا بولدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ:

— قانداق، مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلامسەن، قىلمامسەن؟ ئەگەر قوبۇل قىلساڭ، مەن سېنى ئەسلىڭگە كەلتۈرۈپ جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرىمەن، — دېدى.

— مەن ئاتامنىڭ ئالدىغا ئەركىن بېرىپ كېلەلەيمەنمۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— سەن ئىنسانلار ئارىسىغا كىرسەڭ، يەنە ھىيلە ئىشلىتىپ مېنى قىينايسەن، چۈنكى ئىنسان تولىمۇ ھىيلىگەر.

مەن سىزنىڭ ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىشىڭغا قوشۇلمايمەن، — دىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى يەنە رەت قىلدىم. ئۇ ماڭا ئاچچىقلىنىپ:

— مەن سىزنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلغىنىڭىزنى بىر كۆرەي، — دەپ قولتۇقىدىن بىر تۇتام تۈكنى يۇلۇپ تاشلىغانىدى، تۈك-لەر يەرگە چۈشۈپ ھەددى - ھېسابسىز يىلانلارغا ئايلىنىپ ئەتراپىمنى قورشاپ لۆمۈلدەشكە باشلىدى، لېكىن يىلانلار ما-ڭا قەست قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇڭا مەن يىلانلاردىن ئانچە قورقۇپ كەتمىدىم.

بىر كۈنى ھاۋا يەنە تۇتۇلۇپ، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. مەن كۆن يۈزىنى توسۇپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ قاغىلارنى يەنە كۆردۈم. قاغىلار ئۇچۇپ بېشىمدىن ئۆتۈپ كەتكەندە، ئارىدىن يەنە ئۈچ قاغا ئايرىلىپ قېلىپ سوقما بې-شىغا قونۇشتى. بۇ چاغدا جىم ياتقان يىلانلار تىك بولۇپ، ئەتراپىمنى قورشىدى. قاغىلار ماڭا ئېتىلغانىدى، يىلانلار قۇيرۇقىنى قامچىدەك پۇلاڭلىتىپ، قاغىلارنىڭ باش - كۆزىگە ئۇرۇپ يېقىن كەلتۈرمىدى. قاغىلارمۇ بوش كەلمىدى، ھەربىر ئېتىلغاندا بىر يىلاننى چاڭگاللىۋېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ چې-قىپ، يىلاننىڭ كۆزىنى چوقۇپ يەرگە تاشلىدى. شۇ ھالەتتە قاغا بىلەن يىلانلار ئەتىدىن كەچكىچە ئېلىشتى. ئاخىر قا-غىلار ھالسىزلىنىپ قايتىشتى، يىلانلارمۇ باشلىرىنى يەرگە قويۇپ يېتىشتى.

ئەتىسى قاغىلار يەنە كېلىشتى. ئۇلار يىلانلار بىلەن كەچكىچە ئېلىشتى. ئاخىر بىرلا يىلان قالدى. ئۈچ قاغا تەڭلا ئۇنىڭغا ئېتىلغانىدى، يىلان بىر تولغىنىپ قىرىق گەز ئۇ-زىراپ، قاغىلارنى بوغۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا قاغىلار بىر دومىلاپ كەسلەنچۈككە ئايلىنىپ، قومۇشلۇققا كىرىپ كۆزدىن

غايىب بولدى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كەلمىدى، يىلاز-
مۇ شۇ هالەتتە تۇرىۋەردى، ئىبلىسمۇ كەلمىدى. ئۇ يىلان
هېلىقى كۈنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارنى توسقان يىلان شۇ. شۇ
كۈنى مەن جېنىمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ نالە قىلىۋاتقاندا، سىزنىڭ
مۇبارەك قەدىمىڭىز قومۇشلۇققا يېتىپ، شاپائەتلىك قولىڭىز
مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، — دەپ كەنجى ئوغۇلغا تەشەككۈر
ئېيتىپ ئۆز سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

قىزلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى
بىلىپ، كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— مەن ئاچام ئېيتقاندەك ئالىپ شاهنىڭ ئوتتۇرانچى
قىزى. ئاچام تاسادىپىي يوقىلىپ كەتكەن يىلى مەن ئون بەش
ياشقا كىرگەنىدىم. ئاچامنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ
دەسلەپ هەيران قالدىم، كېيىن قايغۇرۇپ زار - زار يىغلىد-
دىم. شاه ئاتام بىلەن خانىش ئانام ئاچامنىڭ دەردىدە تۈگىد-
شىپلا كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرلەرگە نىسبەتەن نەپرىتىم
ئۇلغايدى، چۈنكى ئاچام بار چاغدا ئۇنىڭغا كۆز تىكىمىگەن،
ئاشىق بولمىغان ئەرلەر ئاز قالغانىدى، ئاچام يوقىلىپ كەت-
كەندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەيدىغان، ئىز - دېرىكىنى ئالىدىغان
ئەركەك چىقمىدى. بىزگە كېلىۋاتقان بۇ دەردلەرگە چىدىماي،
مەن ئەر دېگەننىڭ چىرايىغا قارىمايمەن، دەپ ئۆزۈمگە قەسەم
بەردىم. كېيىن مەنمۇ سەزمەيلا ئون سەككىز ياشقا توشۇپ
قاپتىمەن. ماڭىمۇ ئەلچى كېلىشكە باشلاپتۇ. شاه ئاتام مې-
نىڭمۇ ئاچامدەك پالاكەتكە ئۇچراپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ،
مېنى ياتلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئالدىمغا كىرىپتۇ،
مەن ئاتامغا ئۆز كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم، لېكىن ئاتام مېنىڭ
گېپىمگە قوشۇلماي، نەسىهەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئاتام-
نىڭ دەردىنى بىلگەچكە، كۆڭلىنى ياندۇرماسلىق ئۈچۈن بىر

شەرت بىلەن ياتلىق بولۇشقا قوشۇلدۇم. ئۇ شەرتىم: كىمكى يوقىلىپ كەتكەن ئاچامنى تېپىپ كەلسە، شۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئىدى. ئاتام بۇ شەرتىمنى ئاڭلاپ دەسلەپ قوشۇلمىدى، كېيىن ماقۇل بولدى. ئۇ بۇ شەرتنى ئەلچىلەرگە يەتكۈزمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتكەندى، كەينىدىنلا ھۇجرامنىڭ تۈڭلۈكىدە بىر ھۆۋقۇش پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ تۇراتتىم، ئۇ زۇۋانغا كىرىپ:

— ئاچاڭنى مەندىن باشقا ھېچكىم تېپىپ بېرەلمەيدۇ. مەن سېنى ئاچاڭنىڭ يېنىغا ئاپىراي، — دېدى. مەن ئۇنىمىدىم. ئۇ:

— ئەگەر مەن بىلەن بېرىشقا ئۇنىمىساڭ، ئاتاڭنىڭ ئوردا ـ تەختلىرىنى كۇمپەيكۇم قىلىپ، شەھىرىنى مازارلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، — دەپ قورقۇتتى ھەم ھۇجرامنىڭ ئۆگزىسىگە قاراپ بىر «سۇف» دېگەنىدى، ئۆگزە ئېچىلىپ كەتتى. مەن بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھۆۋقۇش بىلەن بېرىشقا ماقۇل بولدۇم. ئاغزىمدىن ماقۇللۇق چىققان ھامان ھۆۋقۇش گەجگەمگە چاڭگال سېلىپلا مېنى ئېلىپ ماڭدى. مەنمۇ ھۆۋقۇشتەك كىچىكلەپ كەتكەنىدىم. ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ماڭا بىر قومۇشلۇقنى كۆرسەتتى، مەن قومۇشلۇققا قارىدىم. ئۇ ماڭا شۇ قومۇشلۇقتىكى ئەسكى سوقما تۈۋىدە يىلانلارنىڭ ئارىسىدا ياتقان بىر مۈشۈكنى كۆرسىتىپ:

— ئاشۇ سېنىڭ ئاچاڭ، — دېدى. مەن ئاچامنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئىشەنمىگەنىدىم، ئۇ شۇ ھامان ئاچامنى ئەسلىدىكى سۈرەتتە كۆرسەتتى. مەن ئاچامنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ ئالدانغانلىقىمنى بىلدىم. ئۇ مېنى ئۆز ماكانىغا



ئېلىپ باردى، ئاز-
دىن دۆە ھالىتىد-
گە يېنىپ:

— مەن ئىب-
لىس دۆە، ئۈچ
يىل ئىلگىرى ئا-
چاڭنى ئەكېلىپ
خوتۇن قىلىشقا
نىيەت قىلغاندىم،
ئۇ تەكلىپىمنى رەت قىلىپ، مېنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن جا-
جىسىنى تارتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ. ئۇ
ھازىرغىچە سۆزىدىن يانمىدى. سەن تەلىپىمنى قوبۇل قىلساڭ
ياخشىلىققا ئېرىشىسەن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ ئاچامغا قىلغانلىرىنى ئويلاپ، ماڭىمۇ ياخشى-
لىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم.
ئۇ دەرغەزەپكە كېلىپ يۈزۈمگە بىر كاچات سالدى، مەن بىر
دومىلاپ تۇلۇمچاشقانغا ئايلىنىپ قالدىم. مەن تاشقىرىغا قاچ-
تىم. ئۇ مېنى قوغلاپ يايلاققا بارغاندا يېتىشىۋېلىپ تاشقا
باستۇرۇپ قويۇپ:

— سەن بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ خىيال قىلما، بۇ
يەرگە ئادەمزات تۇرماق، ئىنسۇجىنمۇ ئاياغ باسالمايدۇ، — دەپ
قويندىن بىر چاڭگال پىتنى چىقىرىپ چاچقاندى، پىتلار
ئاستا - ئاستا چوڭىيىپ بۆرىگە ئايلاندى. بۆرىلەر ئەتراپىمنى
قورشاپ خىرىس قىلىشىپ ياتتى. بىر كۈنى ئۈچ قاغا ئۇچۇپ
كەلدى. ئۇلار ماڭا قەست قىلماقچى بولۇپ تاش ئۈستىگە قوز-
غاندى، بۆرىلەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. دەسلەپ بۆرىلەر قا-
غىلارغا ئارام بەرمىدى، كېيىن قاغىلار ئۈچى بىرلىشىپ بىر

بۆرىگە ئايلىنىپ، بۆرىلەرگە ئۆزىنى ئاتقاندى، بۆرىلەر دەسلەپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇردى، كېيىن ئۆزئارا بوغۇشۇشقا باشلىدى، شۇ بوغۇشقىنىچە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي بوغۇشتى. ئۇلار شۇنداق بوغۇشۇپ، ئاخىر ئىككىلا بۆرە قالدى. ئۇ ئىككى بۆرە يەنە بوغۇشۇشقا باشلىدى. ئاخىر بۆرىلەرنىڭ بىرى ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، بېشى يەرگە تېگىشى بىلەن يەنە ئۈچ قاغىغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن بېرى مەن تاش ئاستىغا بەند بولدۇم، ساق قالغان بىر بۆرە مېنى قوغداپ بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىدى. ئۇ ھېلىقى كۈنى سىلەر يوقاتقان بۆرە شۇ، ـــ دەپ ئۆز سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. يىگىتلەر ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىشىپتۇ.

قىزلارنىڭ كەنجىسى ئەمدى نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ:

ـــ ئىككى ئاچام ئاشۇنداق تاسادىپىي يوقىلىپ كەتتى. ئۇلارنى تېپىپ كېلىشكە بىرەر ئوغۇل بالا مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىقمىدى. شاھ ئاتام، خانىش ئانام ئىككى ئاچامنىڭ دەردىدە ھەسرەت چېكىپ تۈگىشىپ كەتتى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ھالىغا قاراپ چىدىماي قالدىم. ئۇلارغا ئېچىنىپ، ئىككى ئاچامنى تېپىپ كېلىش نىيىتىگە كەلدىم. مەن بۇ ئويۇمنى شاھ ئاتامغا ئېيتقانىدىم، ئۇ:

ـــ مەن ئىككى ئاچاڭدىن ئايرىلىپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. سەن بولساڭمۇ يېنىمدىن نېرى بولماي كۆڭلۈمگە ئارام بەر. سەنمۇ كەتسەڭ، مېنىڭ بۇ جاھاندا ياشىغۇچىلىكىم قالمايدۇ، ـــ دەپ تەلىپىمنى رەت قىلدى، لېكىن مەنمۇ ئۆز سۆزۈمدە چىڭ تۇرۇۋالدىم. ئاخىر شاھ ئاتام تەلىپىمگە قوشۇلدى، ئۇ قان ـ قان يىغلاپ تۇرۇپ، ماڭا ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. مەن ئاتا ـ ئانام بىلەن خوشلىشىپ، ئالدىن

تەيارلاپ قويغان ئوغۇل باللارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ سەپەر-
گە چىقتىم. ئۈچ كۈن يول يۈرگەندە، كەينىمدىن بىر كارۋان
يېتىپ كەلدى. كارۋان بېشى يەتمىش ياشتىن ھالقىغان بىر
بوۋاي ئىكەن. بوۋايغا سالام بەردىم. بوۋاي سالىمىمنى ئىلىك
ئېلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەپىرىڭ قايان؟ — دەپ مەندىن ھال-
ئەھۋال سورىدى. مەن ئۆز ھالىمنى، سەپەر قىلىش مەقسى-
تىمنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، بوۋاي ئېغىر بىر تىنىپ:

— ئوغلۇم، مۈشكۈل سەپەرگە چىقىپسەن. مۇرادىڭ ھا-
سىل بولغاي. لېكىن، سەن ئىككى ئاچاڭنى ئىنسانلار ئارد-
سىدىن تاپالمايسەن، شۇڭا نىشانىڭنى ئۆزگەرت، ئىككى ئا-
چاڭنى چۆل - جەزىرىدىن ئىزدە، — دەپ يول كۆرسەتتى.
مەن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، خوشلىشىپ چۆل - جەزىرىگە
قاراپ ماڭدىم. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن كەينىمگە قارىسام،
كارۋاننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بۇنىڭدىن بىر ھېكمەتنى
ھېس قىلىپ، يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. يەتتە كېچە - كۈندۈز



يول يۇرگەندە چەكسىز بىر قۇملۇققا دۇچ كەلدىم. قۇملۇقتا يا بىر تال گىياھ، يا بىرەر جانلىق كۆرۈنمەيتتى. مەن كەيـ-نىمگە قارىدىم، كەينىم كۆز يەتكۈسىز چۆل - جەزىرە، ئالـ-دىم بىپايان قۇملۇق. مەن بۇ قۇملۇقتا بىر كۈن يول يۈر-گەندىن كېيىن ئېلىشۋالغان ئوزۇق، سۇيۇم تۈگىدى. ئىككىنچى كۈنى لېۋىمنى چىشلەپ ماڭدىم. ئۈچىنچى كۈنى ئۇسساپ لەۋلىرىم قۇرۇپ، تامىقىم چاپلىشىپ، قورسىقىم ئىچىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. بىر چاغدا قۇلىقىمـ-غا بىر ئاۋاز كىردى. كۆزۈمنى ئاچسام، ئۈستۈمدە ئىككى سۇمۇرغ ئەگىپ يۈرىدۇ. ئۇلارغا تەلمۈرۈپ قارىدىم، ئۇلار بىر-نەرسە تاشلىدى. يېنىمغا بىر قاپاق بىلەن بىر داستىخان چۈشتى، قاپاقتا سۇ، داستىخاندا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۇرلۇك يېمەكلىكلەر بار ئىكەن. مەن ئۇسسۇزلۇقنى ئىچىپ، قورسىقىمنى توقلاپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. قاپاقنى مۈرەمـ-گە سېلىپ، داستىخاننى قولتۇقۇمغا قىسىپ ماڭدىم. قۇملۇقـ-تىن چىقىپ كەتكۈچە قاپاقتا سۇ، داستىخاندا تائام تۈگەپ قالمىدى. قاپاق، داستىخاننىڭ ھىممىتىدە بىپايان قۇملۇقنى قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ تۈگەتتىم. قۇملۇقتىن چىقىپ بىرئاز يۈرۈپلا مېنى ئۇيقۇ باستى. مەن داستىخاننى بېشىمغا قويۇپ، قاپاقنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا بوراننىڭ ئىسقىرتقان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانسام، قاـ-پاق بىلەن داستىخان يوق تۇرىدۇ. ئەتراپنى ئىزدىدىم، بىراق تاپالمىدىم. ئۇ نەرسىلەردىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، يەنە يولنى داۋاملاشتۇردۇم. بىر چاغدا شامال چىقىپ، بىرنەرسىنىڭ ئاۋا-زى كەلگەندەك بولدى. ئەتراپىمغا قاراپ، ئاۋاز چىققان نەرسىـ-نى ئىزدىدىم. ئۇ، ئۈچ پەرىزاتنىڭ ئاۋازى ئىكەن. ئۇلار ئۇـ-چۈپ بېشىمغا كېلىپ توختاپ، مەندىن ئەھۋال سورىدى. مەن

ئۆز ھالىمنى بايان قىلدىم. ئۇلار ئەھۋالىمنى بىلىپ:

— سېنىڭ ئىككى ئاچاڭ ئىبلىس دىۋىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بىز سېنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويايلى، — دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ئۇلار:

— قولۇڭنى سۇن، — دېدى. مەن قولۇمنى سۇنغانىدىم، ئۇلار قولۇمنى تۇتۇپلا قاقاقلاپ كۈلۈشتى. قارىسام، ئۇلار پەرىزاتتىن قاغىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۆزۈمنىڭ ئالدانغانلىقىمنى بىلىپ زار - زار يىغلىدىم، لېكىن ئۇلار پەرۋا قىلمىدى. ئۇلار ئۇچۇپ مېنى بىر ئورمانغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇلار ئەسلى ئىبلىس دىۋىنىڭ خوتۇنلىرى ئىكەن. ئىبلىس دىۋە ئاچىلىرىمنى ئېلىپ بارغان كۈندىن باشلاپ ئۇلارغا قارىماس بولۇۋالغاچقا، ئۇلار ئاچىلىرىمدىن رايىنى قايتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقانىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئىبلىس دىۋە ئۇخلاپ قالغاندا، خۇپىيانە چىقىپ مېنى ئىبلىس دىۋىنىڭ كۆزىگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئورمانلىققا ئەكەلگەنىكەن. ئۇلار ئىبلىس دىۋىنىڭ شىكايىتىنى قىلىپ:

— ئىبلىس ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنىڭ ھەممە سېھىرلىرى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، — دېيىشكەن دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ، كەينىدىنلا بىر قارا دىۋە پەيدا بولدى. ئۇ دىۋە ئۈچ قاغىنى تۇتۇۋېلىپ:

— شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى قىلغانلىرىڭلارنى كەچۈرگىنىمنىڭ گۇناھىغا سىرىمنى ئىنسانغا ئاشكارىلىدىڭلار، ئەمدى ئۆزۈڭلارنىڭ جاجىسىنى تارتىسىلەر، — دەپ ئۇلارنى بىر ھۆرۈپ، بىرىنى يولۋاس، بىرىنى دۆ، بىرىنى تورغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. تورنى ئىككى دەرەخكە تارتتى، دۆنى بىر پۈۋلەپ تورغا چاپلاپ قويدى، يولۋاسنى قارانچۇق قىلدى. شۇ چاغدا

ئۇ ماڭا قاراپ:
— سەن مېنىڭ سىرىمنى بىلىپ بولدۇڭ، شۇڭا سېنىڭ-
دىن ماڭا ياخشىلىق كەلمەيدۇ. سىرىمنى بىلىپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن سەنمۇ ئۆز جاجاڭنى تارت ! — دەپ ماڭا قاراپ بىر ھۈرگەندى، مەن ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىپ قالدىم. مەن ئۇچۇپ كەتمەكچى بولغانىدىم، ئۇ بىر يۇۋلەپ مېنى تورغا چاپلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاشۇ توردا تۇردۇم. قانچە كۈن تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئاشۇ كۈنى ھېلىقى دۆ توردىن ئاجراپ مېنى يېيىشكە ھەرىكەت قىلدى. بۇنىڭدىن ئېبلىسنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەنمۇ توردىن قۇتۇلۇپ ئۇچۇپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلدىم. مەن تەۋرىشىمگە دۆنىڭ ھەرىكىتى تېزلەشتى، ھەرقانچە قىلىپمۇ توردىن ئاجراپ چىقالمىدىم. شۇ چاغدا مەن قورقۇپ يىغلاپ سالدىم، بىر چاغدا بىر ئادەمزاتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ نالە قىلىشقا باشلىدىم. قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭلار كۆر-دۈڭلار، — دەپ كىچىك مەلىكە سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.
ئوغۇللار بۇ ئۈچ مەلىكىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كې-يىن، ئۇلاردىن:
— ئەمدى سىلەر قانداق قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ.
قىزلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، تەڭلا:
— سىلەر بىلەن بىرگە قايتىمىز، — دەپتۇ.
ئوغۇللار قىزلارنى ئېلىپ خۇشال ھالدا يۇرتىغا قايتى-شىپتۇ. زۇمرەت شاھقا ئەڭگۈشتەرنى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. زۇمرەت شاھ ئەڭگۈشتەرنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشاللىققا تو-لۇپ، پۈتۈن يۇرتتا كاتتا توي قىلىپ، ئۈچ ئوغۇلنى تۆردە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئوغۇللارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئۈچ مەلىكىنى كۆرۈپ، نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئوغۇللار بولغان



ئەھۋالنى زۇمرەت شاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. زۇمرەت شاھ دەرھال ئالىپ شاھقا خەۋەرچى ماڭدۇرۇپتۇ. خەۋەرچى ئالىپ شاھقا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. ئالىپ شاھ خەۋەرچىگە نۇرغۇن سۆيۈنچە بېرىپتۇ ۋە ئوردا ئىشلىرىنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ، خەۋەرچى بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ زۇمرەت شاھنىڭ مەملىكىتىگە كېلىپ كاتتا توي قىلىپ، ئۈچ قىزنى ئۈچ ئوغلىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. زۇمرەت شاھمۇ ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، تەختىنى ئۇلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل پادىشاھ بوپتۇ. چوڭ ئاكىسى ئوڭ قول ۋەزىر، كىچىك ئاكىسى سول قول ۋەزىر بولۇپ، يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ. خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنىڭ خىسلىتىدە بۇ يۇرت قايتا گۈللىنىپ، ئەل باياشات، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

# بەختى غايىب

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇ يىراق بىر شەھەرگە سودىگەرچىلىك ئۈچۈن بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتسا، يولدا ئادەمنىڭ قۇرۇپ كەتكەن بىر كاللىسى دومىلاپ كېتىپ بارغۇدەك ۋە خۇددى تىرىك ئادەمدەك سۆزلەپ: « تىرىكىم قىرىق بىرنى ئۆلتۈرگەن، ئۆلۈكۈممۇ قىرىق بىرنى ئۆلتۈرىدۇ» دەيمىش.

سودىگەر جېنى يوق كاللىنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قارىسا، ئادەم زاتى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ ئارقىسىدىن ئاتقانىكەن، تاش تەگكەن ھامان كاللا ئىككى پارچە بولۇپ، دومىلاشتىن توختاپتۇ، لېكىن سۆزلەشتىن زادى توختىماپتۇ. كاللىنىڭ ئىچىدىن چوكىدەك بىر يىلان چىقىپ چاتقال ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سودىگەر كاللىنى ئېلىپ خۇرجۇنىغا سېلىپ قويۇپ، قېنى، ئۆلۈكۈڭنىڭ قىرىق بىرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىر كۆرەي، دەپ ئېتىغا غانجۇغىلاپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كۆڭلى خاتىرجەم بولغان بولسىمۇ، ھېلىقى قۇرۇق كاللىنىڭ: «ئۆلۈكۈممۇ قىرىق بىرنى ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرۇشى

سودىگەرنى بەك بىئارام قىپتۇ. ئۇ كاللىنى هاۋانچا بىلەن سوقۇپ ئۇندەك قىلىپ خالتىغا ئېلىپ ئاغزىنى مەهكەم بوغۇپ قويسا، يەنە: «قىرىق بىرنى ئۆلتۈرمەن» دېگەن زۇۋان كەپتىكەن، سودىگەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ خالتىنى تۆمۈر ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنى قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن سودىگەر كېسەل بولۇپ كېسەلدىن ئۆرە بولالماي، بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ. باللىرى سودىگەرنى يەرلىكىدە قويۇپ، نەزىر - چىراغلىرىنى بېرىپ جامائەتنى ئۇزىتىپتۇ. سودىگەرنىڭ پەردە ئىچىدە بېقىپ چوڭ قىلغان ساهىبجامال يالغۇز قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز بالاغەتكە يەتكەن بولسىمۇ، قىزغا نامەھرەمنىڭ كۆزى چۈشمىگەنىكەن، قىزمۇ ئەر كىشىگە تىكىلىپ قارىمايدىغان يۈزى تۆۋەن، شەرم - هايالىق بالا ئىكەن. قىز دادام بولسا، بۇ شەھەردە چوڭ سودىگەر ئىدى، كۆپ كىشىلەر بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلاتتى، كىملەردىن پۇل ئېلىشى بار، كىملەرگە پۇل بېرىشى بار، خەت - چەكلىرىنى كۆرۈپ باقاي. دادامنىڭ خەققە پۇل بېرىشى بولسا بېرىپ تۈگىتەي، قىيامەتلىك قەرز بولۇپ قالمىسۇن. دادامنىڭ خەقتە پۇل ئېلىشى بولسا، تەلەپ قىلىپ ئالاي، دەپ ئويلاپ ساندۇقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ ئاختۇرۇپتۇ. بىر تۆمۈر ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، بىر خالتا تۇرغۇدەك. خالتىنى يېشىپ باقسا، ئاپئاق ئۇندەك بىر نەرسە چىقىپتۇ. قىز نېمىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تىلىغا تەگكۈزۈپ باققانىكەن، قىزنىڭ بەدەنلىرى جۇغۇلداپ، كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قاپتۇ. ئەجەب ئەسكى نەرسىكەن دەپ ئاچچىقىپ ئۆستەڭگە تۆككەنىكەن، «تىرىكىم سەكسەن ئىككىنى ئۆلتۈرگەن، ئۆلۈكۈممۇ سەكسەن ئىككىنى ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن زۇۋان چىقىپ، ئاق كۆپۈك بولۇپ ئېقىپ كېتىپتۇ.

ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈپ، تاماق سىڭمەيدىغان بولۇپ، سېزىكلىك تارتىپ، ھامىلىدارلىقى ئاشكارا بوپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قىزىدىن كوچىلاپ سورىغانىكەن، قىز تاپا - تەنىگە چىدىماي ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ. ئانىسى قىزىغا رەھمى كېلىپ، بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەرمىز، دەپ بېسىقىپ قاپتۇ. توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئۆتكەندە، قىز ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بالىغا «بەختى غايىب» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. بالا ناھايىتى شوخ ھەم چىرايلىق ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ. يەتتە ياشقا تولغاندا مەكتەپكە بېرىپتۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن بىلىم ئىگىلەپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن ئاڭلايلى:

بىر كۈنى بېلىقچىلار پادىشاھقا بىر دانە ئالتۇنبېلىق تەقدىم قىپتۇ. بېلىقنى چارباغدىكى كۆلگە قويۇپ بەرگەنىدە، بېلىق تىك بولۇپ، پادىشاھقا ئۈچ قېتىم تەزىم قىپتۇ، ئاندىن خۇددى ئادەمدەك سۆزلەپ:

— ئى پادىشاھى جاھان، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن، — دەپ يەنە بىر تەزىم قىلىپ، باشقا بېلىقلارغا قوشۇلۇپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ:

— خانىشلىرىم چارباغقا چىقىپ ئالتۇنبېلىقنى تاماشا قىلسۇن، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىرىق بىر خانىشى قىرىق بىر مەيگە ئولتۇرۇپ چارباغقا كېلىپ ئالتۇنبېلىقنى كۆرگەنىكەن، ئالتۇنبېلىق پادىشاھقا قانداق ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولسا، خانىشلىرىغىمۇ شۇنداق ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ خانىشى ئېرىگە سادىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن:

— ۋىيىەي، ناۋادا بۇ بىلىق ئەركەك بولغان بولسا، نا-مەھرەم بولمامدۇ، — دەپ يۈزىنى يىپىۋاپتۇ. بىلىق شۇ ھامان قورسىقىنى كۆنگە تىكلەپ، سۇدا ئۈڭدا بولۇپ لەيلەپ قاپتۇ.

پادىشاھ يېرىم جان بولۇپ لەيلەپ قالغان ئالتۇنبىلىقنى كۆرۈپ شەھەردىكى بارلىق تېۋىپ - ھەكىملەرنى چاقىرتىپ:

— ئالتۇنبىلىقنىڭ كېسىلىنى داۋالاڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

ھەكىملەر ئالتۇنبىلىقنىڭ كېسىلىنى تاپالماي دورا قىلالماپتۇ. پادىشاھ شەھەردىكى دانىشمەن - ئۆلىمالارنى ئوردىغا يىغىپ:

— ئالتۇنبىلىقنىڭ يېرىم جان بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ دورا قىلىڭلار، مۇشۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان تېۋىپ - ھەكىم ۋە دانىشمەن - ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن ! — دەپ ئەمر قىپتۇ. دانىشمەنلەر:

— ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرسىلە، كىتاب كۆرۈپ ئىزدىنەيلى، ئەگەر ئۈچ كۈنگىچە سەۋەبىنى تاپالمىساق ئالىي ھۆكۈملىرىگە بىز رازى، — دەپ تىلخەت بېرىپ، كېچە - كۈندۈز كىتابتىن ئىزدىگەن بولسىمۇ، سەۋەبىنى تاپالماپتۇ. ئۇلار خوتۇن - بالىلىرى بىلەن رازىلىق ئېلىشىپ، يىغا - زار بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەختى غايىبنى ئوقۇتۇۋاتقان موللامۇ بار ئىكەن. موللام تالىپلاردىن رازىلىق سورىغانىكەن، بەختى غايىب ۋەقەنى سوراپتۇ. موللام ئالتۇنبىلىقنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بەختى غايىب:

— موللام، غەم قىلماي خاتىرجەم بېرىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلسىلا، سەۋەبىنى ئۆزۈم دەپ بېرەي، — دەپتۇ. موللامنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ، بەختى غايىبنى ئەگەشتۈرۈپ

ئوردىغا كەپتۇ، ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— سەۋەبىنى بىلىدىغان بىرىنى ئەكەلدىم، — دەپ مەلۇم قىلغانىكەن، پادىشاھ ئىجازەت بېرىپتۇ. بالا شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ بالىغا قاراپ:



— ئوغلۇم، ئالتۇنبېلىق نېمە ئۈچۈن يېرىم جان بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ. بەختى غايىب:

— بۇنىڭ سەۋەبىنى دېيىشكە بېشىمدىن قورقىمەن، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ئاندىن دەپ بېرەي، — دەپ يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتىم، سەۋەبىنى سۆزلە، — دەپتىكەن، بەختى غايىب:

— پادىشاھىمئالەم، ئالتۇنبېلىقنىڭ بىتابلىق سەۋەبىنى ھازىر ئېيتايمۇ ياكى پىنھان يەردە ئېيتايمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىختىيار ئۆزۈڭدە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ. بەختى غايىب:

— ئۇنداق بولسا، خالىيراق جايدا ئېيتقىنىم تۈزۈك، — دەپتىكەن، پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى تارقىلىشقا ئەمر قىپتۇ. بەختى غايىب پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— قىرىق بىر نەپەر خانىش ئالتۇنبېلىقنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن چارباغقا كىرىپ كۆلنىڭ لېۋىگە كەلگەندە، ئالتۇنبېلىق ئۆزلىرىگە قانداق ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولسا، خانىشلارغىمۇ شۇنداق ھۆرمەت بىلدۈرگەن. چوڭ خانىش: «بېلىق ئەركەك بولسا نامەھرەم بولىدۇ» دەپ يۈزىنى يېپىۋالغانىكەن، بۇ ئىش ئالتۇنبېلىققا ئار كېلىپ بىتاب بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى، قىرىق بىر نەپەر خانىشنىڭ ھۇجرىسىدا قىرىق بىر نەپەر ئايال خىزمەتكار بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاياللچە ياسىنىۋالغان ئەر ئىكەن. ئالتۇنبېلىق، بۇلار كېچە - كۈندۈز خانىشلار بىلەن بىللە يېتىپ - قوپۇپ يۈرسە نامەھرەم بولمايدۇ، مېنىڭ جامالىمنى بىر نۆۋەت كۆرگەنگە نامەھرەم بولامدۇ؟ دەپ، شۇ خاپىلىقتا كېسەل بولۇپ قاپتۇ، — دەپتىكەن، پادىشاھ تىرىكىپ يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— ئەي بالا، مۇشۇ گېپىڭ راستمۇ؟ ئەگەر گېپىڭ يالغان چىقىپ قالسا، بەرگەن ۋەدەمنىمۇ بىكار قىلىپ بېشىڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ. بەختى غايىب ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پادىشاھىمئالەم، قىرىق بىر نەپەر خانىشنىڭ يېنىدىكى قىرىق بىر نەپەر ئاياللچە ياسىنىۋالغان خىزمەتكارنىڭ ئەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىسەم، ئالىي ھۆكۈملىرىگە جىم

نىم پەيدا بولسۇن، ئەگەر دېگەنلىرىم راست بولسا، ئالىي ئىلتىپاتلىرىدىن ئۈمىدۋارمەن، — دەپتىكەن، پادىشاھ:

— مېنىڭ تۇزۇمنى يەپ، تۇزلۇقۇمنى چاققان قىرىق بىر نەپەر تۇزكورنى كۆزۈمگە كۆرسەتسەڭ، پادىشاھلىق تاجۇ تەختىمنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزۈم تەركىدۇنيا بولغايمەن. قايسى يول بىلەن كۆرسەتتىش مۇۋاپىق بولسا، شۇ يول بىلەن ئىش باشلا، — دەپتۇ. بەختى غايىب ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە چارباغقا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىنى توغرىسىغا توسىدىغان ئىككى گەز كەڭلىكتە، بىر گەز چوڭقۇرلۇقتا ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، سۇغا توشقۇزغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەمرلىرىگە بىنائەن تەييارلىق پۈتتى. ئەمدى قىرىق بىر نەپەر خانىش بىلەن قىرىق بىر نەپەر ئايال خىزمەتكارنى چارباغقا كىرىشكە ئەمر قىلغايلا، — دەپتۇ. پادىشاھ شۇ بۇيىچە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ، ئۆزى راۋاققا چىقىپ كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. خانىشلار بىلەن ئايال خىزمەتكارلار مەپىگە ئولتۇرۇپ، چارباغ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇلار كۆۋرۈكى يوق ئۆستەڭ يېنىدا قىلىچ ئېسىپ تۇرغان ناتونۇش بەختى غايىبنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا، بەختى غايىب:

— ھازىر سىلەرگە پادىشاھنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزىمەن، ھەممىڭلار مەپىدىن چۈشۈڭلار ! — دەپتۇ. ھەربىر مەپىدىن بېشىغا رومال سالغان، يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ئىككى نەپەردىن ئايال چىقىپتۇ. بەختى غايىب:

— ھەممىڭلار ئۆستەڭدىن سەكرەپ ئۆتۈڭلار، — دەپتىكەن، قىرىق بىر نەپەر ئايالچە ياسانغانلار ئارقا - ئارقىدىن سەكرەپ ئۆتۈپتۇ. قالغان قىرىق بىر نەپەر ئايال ئۆستەڭنى ياقىلاپ يۈگۈرۈپ زادى ئۆتەلمەپتۇ.

بەختى غايىب قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كېلىپ، ئۈستەڭدىن سەكرەپ ئۆتكەن قىرىق بىر نەپەر «ئايال»نى راۋاقنىڭ تۆۋىگە ھەيدەپ كېلىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرغانىكەن، ھەممىسى ئايالچە ياسىنىۋالغان يىگىرمە بەش ياشلىق يىگىتلەر ئىكەن. پادىشاھ بۇلارنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ - دە، قىرىق بىر نەپەر خوتۇنىنى قىرىق بىر ئاساۋ ئايغىرنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ چۆلگە ھەيدىۋېتىشكە، قىرىق بىر نەپەر خىزمەتكارنى زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ. ئاندىن ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۆز ۋەدىسىگە ئاساسەن پادىشاھلىق تاجىنى بەختى غايىبقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. ئۆزى خىلۋەت ئۆيدە ئارام ئېلىپ، ئىبادەتكە مەشغۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سانسىز ئۆلىما، ئاخۇن - ئەشرەپلەر، تېۋىپ - ھۆكۈمالار، مۇنەججىملەر، موللىلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

شەھەر خەلقى بەختى غايىبنى مۇبارەكلەپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ تەخت ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپتۇ. بەختى غايىب پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇندىن ئادەت بولۇپ كەلگەن: «بىر ئەرگە قىرىق خوتۇن راۋا» دەيدىغان پەتىۋانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىر ئەر بىر خوتۇن ئېلىشنى قانۇنلاشتۇرۇپتۇ. شاھ ئوردىسىدا ئادالەت كۈندىن - كۈنگە ئەمەلگە ئېشىپ، خەلقنىڭ ھاياتى خاتىرجەملىككە ئېرىشىپتۇ. خەلق يېڭى پادىشاھتىن رازى بوپتۇ.

# مەلىكە نۇرجامال

قەدىم زاماندا چىن مەملىكىتىدە مەھمۇد ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن، ئېلىدە ئىلىم ـ مەرىپەت راۋاجلانغانىكەن. شاھ ئادىل بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ئەمىنلىكى ۋە پاراغىتىنى كۆزلەيدىكەن، شۇڭا بۇ ئەلنىڭ پۇقرالىرى ئۆز شاھىدىن مەمنۇن ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرىنى چاقىرتىپتۇ. ۋەزىر كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كېرەملىك شاھىم، مۇبارەك دىللىرى نېمىنى خالايدىكى؟ كەمىنە سادىقلىرى ھۇزۇرلىرىدا ئەمرلىرىگە ئىنتىزارمەن، — دەپتۇ.

— دىلىم شىكار قىلىشنى خالايدۇ. ئوۋ ئوۋلاپ، جاڭگاللارنى سەيلە قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىپ كەلمەكچىمەن، شۇڭا بىر ئايلىق شىكار تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىنسۇن، ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىمىز، — دەپ ئەمر قىپتۇ شاھ.

— جانابىي شاھىم، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

مۆھلەت پۈتكەندىن كېيىن مەھمۇد شاھ بىلەن ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، ئاكابىر ـ ئەشرەپلىرى، سەردار ـ لەشكەرلىرى بولۇپ مىڭ ئادەم قورال ـ ياراغ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى ئېلىپ، داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىپ زور ھەيۋەت

بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار چۆل - جەزىرىلەردە بىرنەچچە
كۈن يۈرگەندىن كېيىن بىر جايغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ جاينىڭ
بىر تەرىپى تاغ، تاغ باغرى بۈك ئورمانلىق، چوڭ - كىچىك
كۆللەرنىڭ ئەتراپى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان خۇش هاۋالىق
ئىكەن. ئەمما، بۇ جاينىڭ هايۋانلىرى بەكمۇ سەزگۈر بولغاچ-
قا، دەبدەبە بىلەن كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ دەرهال جەم
بوپتۇ - دە، ئۆز شاهىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپتۇ. هايۋانلار پادى-
شاهى ئۇلارغا:

— تۆت پۇتلۇقلار ۋە ئۇچالايدىغانلار ئورمان ئارىلاپ تاغ
ئارىسىغا قېچىڭلار، ئۇچالمايدىغانلار بىلەن تېز ماڭالمايدى-
غانلار ئورمانلىققا مەهكەم يوشۇرۇنۇڭلار. بىز مۇشۇ چارە بى-
لەن بەرداشلىق بەرسەك، شىكارچىلار زېرىكىپ يېنىپ كېتى-
دۇ، ئاندىن كېيىن بىز يەنە قايتىپ كېلىپ خاتىرجەم ياشاي-
مىز، — دەپتۇ.

شىكارچىلار چېدىر - بارگاهلىرىنى تىكىپ بولغاندىن
كېيىن شىكارنى باشلاپتۇ. قارىسا، بۇ يەردە بىرەر هايۋاننىڭ
قارىسىمۇ يوقمىش. ئىت ۋە تايغانلارمۇ هېچ نەرسە تاپالماي
تاغقا قاراپ هاۋشىپتۇ. مەرگەنلەر قۇشقاچ، قاغىلارغا بىرنەچ-
چە قېتىم ئوقيا ئۈزگەن بولسىمۇ، زادىلا تەگكۈزەلمەپتۇ. تە-
رەپ - تەرەپكە چېپىشىپ غەنىيمەتكە ئېرىشەلمىگەن شىكار-
چىلار ناهايىتى پەرىشان بوپتۇ. شۇنچە ياخشى جاڭگالدىن بى-
رەر سەيياتقا ئېرىشەلمىگەنلىككە خاپا بولغان پادىشاه ئور-
مانلىقنى بىر ئايغا يېقىن قاتتىق مۇهاسىرىگە ئالغان بولسى-
مۇ هېچنېمىگە ئېرىشەلمەپتۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تۈگەپ قال-
غاچقا، ئىلاجسىز قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇنچە كۆپ شى-
كارغا چىقىپ بۇگۈنكىدەك نائۈمىد بولۇپ باقمىغان پادىشاه
ئىنتايىن مەيۈسلىنىپتۇ. شەهەرگە يېرىم كۈنلۈك يول قالغاندا

بىر ھاۋالىق جايغا كەپتۇ ـ دە، پادىشاھ ۋەزىرىنى چاقىرىپ:
— بۇ يەردە ئارام ئالايلى، ھاۋا يانغاندىن كېيىن مېڭىشنى داۋاملاشتۇرايلى، — دەپتۇ.
مۇلازىملار بۇلاق يېنىدىكى بىر تۈپ تېرەك تۈۋىگە تەخت راسلاپ تۆشەك سېپتۇ، پادىشاھ تۆشەك ئۈستىدە يېتىپتۇ، كۆزىنى ھەرقانچە يۇمۇپ باققان بولسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. شۇنداق ھالەتتە ياتقاندا، بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ تېرەكنىڭ ئۇچىغا قونۇپتۇ ـ دە، قاقىلداپ سايراپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. چۈشكۈن ھالەتتە ياتقان پادىشاھقا قاغىنىڭ ئاۋازى باشقىچە تەسىر قىپتۇ. بۇ قاغا نېمىدەپ سايرايدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىكىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ، ئاندىن ۋەزىرنى چاقىرتىپ:
— ئەي ۋەزىر، سەن بولساڭ ئاقىل ۋە داناسەن. سېنىڭ ئوردىغا كەلگىنىڭگە ئۇزۇن زامان بولدى، شۇنىڭدىن بۇيان سەلتەنىتىمگە شېرىك بولدۇڭ، مەملىكەت خەلقى ئالدىدا چوڭ ئىززەت ۋە شانۇ شۆھرەتكە نائىل بولدۇڭ. بۈگۈن ساڭا خىزمەت قىلىدىغان پۇرسەت كەلدى. سەندىن سوئال سورايمەن، مېنىڭ سوئالىمغا ھەرنېمە قىلىپ جاۋاب بېرىپ، مېنى مۈشكۈلدىن ئازاد قىلغايسەن، — دەپتۇ.
— ئەي پادىشاھئالەم، سۇلتانى باكېرەم، ھەرقانداق بۇيرۇقلىرى ۋە مۈشكۈللىرى بولسا جانۇدىل بىلەن ئورۇنداشقا ھازىرمەن، — دەپتۇ ۋەزىر سەل ھودۇققان ھالدا.
پادىشاھ قاغىنىڭ سايرىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:
— سەن قاغىنىڭ سايرىشىدا نېمە مەنە بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك، ئەگەر تولۇق جاۋابقا ئىگە قىلالمىساڭ، سەلتەنىتىمنىڭ نوپۇزى يۈزىسىدىن دارغا ئېسىلىسەن، — دەپتۇ.
ۋەزىرنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك كۆرۈنۈپتۇ،

ئۆزىنى ئىس - تۈتەك ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىپتۇ ۋە ئىب-سىنى يىغىپ:

— ئەي مۇبارەك شاھىئالەم، ئەمرلىرىنى بېشىم بىلەن ئورۇنداپ، ئۆزلىرىنى مەمنۇن قىلغايمەن. ئىجازەت بولسا، ئۆزلىرىدىن مۆھلەت سورايمەن، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، تەختتە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن بوپتۇ. ھەرقايسى ئەمەلدارلار ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇشۇپتۇ. بىچارە ۋەزىرنىڭ كۆزىدىن نەم، بېشىدىن غەم كەتمەپتۇ. شىكاردىن كېلىپلا ئارامىۇ ئالماي، غىزامۇ يېمەي، بار كىتابلارنى جەملەپ كۆرۈشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. قاغا تىلىغا ئائىت بىرەر كىتاب چىقىپ قالسا ئە-جەب ئەمەس، دەپ ئۇ-مىد قىپتۇ. بەختكە قارشى ئۇ ھەقتە بىر جۈملە سۆزمۇ تاپالماپ-تۇ. مۆھلەت ۋاقتى يې-قىنلاشقانسېرى بىچارە ۋەزىرنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلىشىپ، روھى تېخىمۇ چۈشۈپتۇ.



شۇنداق قىلىپ، ۋەزىر كۈندىن - كۈنگە ياداپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپ-تۇ. خوتۇن - بالىلىرى

تاماق ئەكىرسە، يېمىگەنىنىڭ ئۈستىگە چېچىلىپتۇ، ئۇلار ئەھۋالنى سوراشقا تېخىمۇ پېتىنالماپتۇ. خوتۇنى بىلەن ئامراق قىزى ۋەزىردىنمۇ بەكرەك پەرىشان بوپتۇ.

ۋەزىر ئاق كۆڭۈل، پۇقراپەرۋەر ئادەم بولغاچقا، پۇقرالار ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن. ۋەزىرنىڭ پەرىشانلىقىنى ئاڭلىغان خەلق ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ۋەزىرئەزەمنىڭ مۇشكۈلىنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىپتۇ. ۋەزىر بولسا، ئاخىردا بېرىپ ھاياتىدىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھتىن ئاڭلايلى:

مەھمۇد شاھنىڭ دۇنيالىقتا بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ پەرزەنتلەر ئەقىل ـ ئىدراك، ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۇنەر ـ سەنئەت، لەشكىرىي ئىلىمدە ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، مۇنداق ئوغۇل ـ قىزلار كەم تېپىلىدىكەن. ئوغلىنىڭ ئىسمى شاھزادە قەيسەر بولۇپ، شىجائەتلىك، باتۇر ئىكەنكى، جەڭلەردە دۈشمەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىكەن، نى ـ نى پالۋانلار ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇستۇنلۇكىگە قىلچىمۇ تەمەننا قويمايدىكەن، ھەمىشە خەلقنىڭ ئامانلىقىنى ۋە پاراغەتىنى ئويلايدىكەن. مەھمۇد شاھ ئوغلىدىن مەمنۇن ۋە رازى ئىكەن، چۈنكى، ئوغلى دادىسىنىڭ ئەمرىنى جان ـ دىل بىلەن ئىجرا قىلىدىكەن. چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ ھال ـ ئەرزىنى ئاڭلاپ، قۇدرىتى يەتكەنلىرىنى ھەل قىلىپ، زۆرۈرلىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزىدىكەن.

شاھنىڭ قىزى گۈزەل ۋە چېۋەر، كۆڭلى يۇمشاق، ئاقىل قىز بولۇپ، شۇ ئىقلىمنىڭ تامامىي قىزلىرىغا نەمۇنە ئىكەن، ئاللا بارلىق ئالىي خىسلەتلەرنى بۇ قىزدىن ئايىمىغانىكەن. ئۇ مەكتەپلەردە ئۇستازلىرى ئالدىدا ئىناۋەتلىك، ساۋاقلاردا ئەلا

ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ شانۇ شەۋكىتىگە ھەرگىزمۇ تەمەننا ئەيلىمەيدىكەن، كىبىردىن، ھەسەتتىن، رىيادىن ۋە باشقا ناچار ئەخلاقلاردىن خالىي ئىكەن. قىزنىڭ قەلبى مەرد-پەت گۇلزارىدىن نۇرلانغاچ، تۇرلۇك پەنلەردە يېتۈك ئالىم بو-لۇپلا قالماي، يەنە ئۇستا مەرگەن ئىكەن. ئۇ ئوقياسى بىلەن مۇئەللەقتىكى ئۇچار قۇشلارنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيدىكەن، قى-لىچ بىلەن دەل - دەرەخلەرنى ئۈزەلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇن قارا چاچلىرى تۈن قاراڭغۇسىنى ئەسلەتسە، يۈزى تولۇن ئاينى ئەسلىتىدىكەن. قىيغان قەلەمگە ئوخشاش قاشلىرى ئاستىدا خۇددى خوتەن ئاھۇلىرىنىڭكىدەك مېھىر - شەپقەتلىك كۆز-لىرى بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىكەن، كىرپىكلىرى بۇ كۆزلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشتا قاراۋۇلنىڭ ئۆزى ئىكەن، ھەرقانداق ئا-دەم بۇ گۈزەل چىرايغا نەزەر قىلسا، ھەربىر تال كىرپىك ئوقيا بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ يۈرەككە سانجىلىدىكەن - دە، ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا قىلىدىكەن. ئۇڭ مەڭزىدىكى بىر دانە قارا خال جامالىغا ھۆسن بېغىشلاپ تۇرىدىكەن، لاتاپەت بىلەن مېڭىشى تاۋۇسلارنىمۇ خىجىل قىلىدىكەن. بۇ قىزنىڭ ئىسمى نۇرجامال ئىكەن. ۋەزىرنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ھۆسن - جامالدا نۇرجامالغا تەڭ كېلىدىكەن. ئۇلار بىللە ئۆتىدىكەن.

ئەمدى گەپنى ۋەزىرنىڭ زەئىپ ھالىغا قايتۇرۇپ كېلەيلى:

ۋەزىرنىڭ مۆھلەت ۋاقتىغا بىر كۇنلا قاپتۇ. ئىشنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەنلىكىنى بىلگەن قىز ئانىسىنىڭ قې-شىغا كىرىپتۇ ۋە:

— ئانا، بۈگۈن قىرىق كۈنگە يېقىنلاشتى، بىچارە دادام تىنىم تاپماي كىتاب ۋاراقلايدۇ، ھەركىتى گويا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. دادامدا ئەزەلدىن مۇنداق ھالەت ۋە ئادەت كۆرۈنمىگەنىدى، ئەمدى بىر ئامال قىلمىساق بولمىدى،

تاقەتنىڭ چېكى پۈتتى، سەۋەبىنى بىلمىسەك بولماس، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

— جېنىم بالام، مېنىڭ قايغۇلىرىم داداڭنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشەي دەپ قالدى. بۈگۈن ھەرنە قىلىپ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلەيلى، بولمىسا پۈتۈن ئائىلىمىز ئۆز يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىدۇ، — دەپ ياش تۆكۈپتۇ ئانا. ئانا - بالا ئىككىسى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. قىزى شۇنداق دەپتۇ:

— مېھرىبان دادا، سىلى بىزدىن خۇپىيانە تۇتۇپ كەلدىلە، پەرىشان ھالەتلىرىدىن بىلىپ تۇرۇپتىمىز، روھىي ئالەملىرىگە ئېغىر كۈلپەت بۆسۈپ كىرىپ، ۋۇجۇدلىرىنى ئىنتايىن بىئارام قىلىۋاتىدۇ. ئۆزلىرى ئىشەنمەيلا، مانا ھازىر ۋۇجۇدلىرى زەئىپلىشىپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدىلا. شۇنچە كۈنلەردىن بېرى كەمىنە قىزلىرى ۋە بىچارە ئانام ملڭ ئۆلۈپ - مىڭ تىرىلىپ، سىلىنىڭ دەردلىرىدە كۆيدۇق. ئەگەر بىزگە مېھىر - شەپقەتلىرى تۈگەپ كەتمىگەن بولسا، بىزنى ئاياش، ئۆزلىرىنى ئاسراش يۈزىسىدىن ئىشنىڭ سىرىنى بىزگە مەلۇم قىلغايلا، مەن سىرنى بىلمىسەم قاشلىرىدىن ياناماسمەن. مەن گەرچە قىز بولساممۇ، باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە دەردلىرىگە دەرمان، ۋۇجۇدلىرىغا قالقان بولالمىسام، پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى قانداق ئادا قىلىمەن؟! بىز ئۆزلىرىنىڭ بىر ئېغىز سۆزلىرىگە تەقەززامىز.

ۋەزىر قىزىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە بولغان ئىشنى ئۆز ئەينى دەپتۇ - دە، يىغلاپ كېتىپتۇ. قىز ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئۇستىگە تاشلاپتۇ، كېيىن ئېسىنى يىغىپ دەپتۇ:

— مېھرىبان دادا، ئەھۋالدىن بىزنى بۇرۇنراق ۋاقىپلاندۇرغان بولسىلا، مۇنچىلىك مۈشكۈلچىلىك بولماس ئىدى.

بىزمۇ بالا بولغاندىن كېيىن ئامال ئىزدەپ كۆرەر ئىدۇق، دەردلىرىنىڭ دەرمانى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس ئىدى. ھېلىھەم ئىزدىنىپ كۆرەيلى.

شۇ ئەسنادا بىركىم ئىشىك قېقىپتۇ. قىز نۇرجامالنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ دادىسى بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇلار كۈندە مەكتەپكە بىللە بارىدىكەن. نۇرجامال دوستىنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىقنى كۆرۈپ:

— جېنىم دوستۇم، چىرايىڭدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇرىدۇ، ئۆيدە بىرەر ھادىسە بولدىمۇ، نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمىدى، ئۆزۈمنىڭ بىر ئاز تاۋۇسىم يوق، — دەپتۇ قىز.

— مەندىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايتتىڭ، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن مەندىن سىر تۇتىسەن؟ ئەگەر مېنى ھەقىقىي دوستۇڭ دېسەڭ، ئۆز پەرىشانلىقىڭغا مېنى شېرىك قىلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ نۇرجامال. ۋەزىرنىڭ قىزى ئاخىر ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

— شۇنچىلىك ئىش ئۈچۈن مۇنچىۋالا مۇشكۈلچىلىك تارتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. سەن ۋەزىرئەزەمگە دېگىن، پادىشاھقا: «قاغا ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن، دېدى» دېسۇن، يەنە سەۋەبىنى سورىسا: «ئەر كىشىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئەقىل - پاراستىنىڭ جارى بولۇشى، ئەل - يۇرت ئالدىدا ئىززەت - ئىناۋەتلىك، بەخت - ئىقباللىق بولۇشى شۇ ئەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ھوشيار، يەم - پاراسەتلىك، ئىنساپ - دىيانەتلىك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرسۇن. «بۇ جاۋابنى نەدىن تاپتىڭ؟» دەپ سورىسا، تارتىنماي: «جانابلىرىنىڭ قىزى مەلىكە نۇرجامال ئېيتىپ بەردى» دەپ راستىنى دېسۇن، — دەپتۇ

نۇرجامال.

ۋەزىرنىڭ قىزى دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ، مەلىكىنىڭ پىكرىنى بىرمۇبىر يەتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر نۇرجامالنىڭ جاۋابىغا ئانچە ئېرەن قىلماي، ئۇزلۇكسىز كىتاب كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن ۋەزىرنىڭ ئۆيى گويا مۇسىبەت تۇسىنى ئاپتۇ، پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆكسۈپ يىغلاپ، خۇدادىن ئامانلىق تىلەپتۇ. ۋەزىر يىغا - زار ئىچىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزىنىڭ شاھ ئالدىغا قايسى تەرزدە كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، مۆھلەت توشتى، — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىر ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋېلىپ پادىشاھقا قاراپ: تۇ ۋە لايىق جاۋاب تاپالمىغانلىقىنى ئېيتماقچى بوپتۇيۇ، لېكىن جان ھەلقۇمغا كەلگەن مىنۇتتا نۇرجامال مەلىكىنىڭ ئېيتقانلىرى ئېسىگە كېلىپ، شۇ بويىچە جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ جاۋابنى نەدىن تاپتىڭ؟ كىم ئېيتىپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر راستىنى دەپتۇ. شاھ بىر مەھەل ئويلىنىپتۇ، ئاندىن:

— كەچۈردۇم، ئەقىدە - ئىخلاسىڭنى كۆچەيتىپ، ھوشيارلىق بىلەن خىزمىتىڭگە مەشغۇل بول! — دەپتۇ.

ۋەزىر شاھ ئالدىدا جېنىنى خۇددى قولىدا تۇتۇپ چىققاندەك قايتىپ چىقىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئۆيى خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ سۆزىنى قايتا - قايتا ئويلاپتۇ، ئويلىغانسېرى غەزىپى تېشىپتۇ. «ئۇنىڭچە ئاياللار ھەممىگە قادىر ئىمىش، ئەگەر ئاياللار بولمىسا، ئەرلەر ھېچنېمىگە يارىماسمىش. خوش، مەن سېنىڭ لەۋزىڭگە يارىشا ئۆزۈڭنى شۇنداق بىر تەقدىرگە گىرىپتار قىلايكى، نادانلارچە سۆزۈڭگە مىڭلارچە پۇشايمان قىلغىن، ئۆمۈر بويى خارۇزار بولغىن. سەن

شۇنداق ئەرگە خوتۇن بولكى، قېنى، ئۆز كارامىتىڭنى ئۆزۈڭ تاماشا قىل !» دەپ ئويلاپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھلىگە ئەمر قىپتۇ:

— بىزگە تەئەللۇق يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ بىر-مۇبىر ئىزدەڭلار، قانداقلىكى جايدا مېيىپ ئادەم يولۇقسا، ئۇنى دەرھال بۇ جايغا ئەكېلىڭلار. ئۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىققايمەن !

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە پۈتۈن مەملىكەت بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇلۇپتۇ، مېيىپلارنىڭ ھەممىسى بىر مەيدانغا جەم قىلىنىپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە بۇ مەيدان گاسلار، گاچىلار، دۆتلەر، لەقۋالار، ئاقساقلار، جۇنۇنلار، تەلۋىلەر، غالجىرلار، چاپاقلار، پوقاقلار، چولاقلار، توكۇرلار بىلەن تولۇپتۇ. ئەپسۇس، بۇ مېيىپلار پادىشاھقا يارىماپتۇ. پادىشاھ غەزەپ بىللەن تېخىمۇ قاتتىق پەرمان بېرىپتۇ:

— يىراق - يېقىن، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈلسۇن !

بۇ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر چۆلنىڭ چېتىدە قومۇش كەپىدە بىر تۇل خوتۇن ياشايدىكەن، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمى قاسىم ئىكەن، ئانىسى ھەنىپىخان ئوتۇن سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. قاسىمنىڭ پۈتى باسماس، قولى تۇتماس، بېشى تاز، تىلى كېكەچ، قۇلىقى گاس ئىكەن. ھەنىپىخان بىر تەرەپتىن يېمەك - ئىچمەكنىڭ غېمىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن، قاسىمنىڭ چوڭ - كىچىك تەرىتىنى ئۆزى تۆكىدىكەن، غىزانى يۇمشىتىپ يېگۈزىدىكەن. ئانا بۇ ئېغىر قىسمەتتىن قەددى ئېگىلىپ كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىپتۇ، قاسىم بولسا، جان چىقمىغاندىكىن بۇ ئېغىر تۇرمۇشقا كۆنۈپ قاپتۇ.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى چارلاپ بۇ كەپىگە كەپتۇ، قارىسا، بۇ تۇل خوتۇن كېسەل بالىسىنى بېقىپ ئولتۇرغۇدەك. ياساۋۇللار بۇ ھالنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ، شاھقا يارايدىغىنىنى ئەمدى تاپتۇق دەپ ئويلاپ، ئانا - بالىنى ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ. ئۇلار مېيىپلار مەيدانىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پادىشاھ قاسىمنىڭ قېشىغا كەپتۇ، ئۇنىڭ ئەزايى - بەدەنلىرىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپتۇ، ئانىسىنىڭ ئوغلى توغرۇلۇق بارلىق گەپلىرىنى ئاڭلاپتۇ، ئەڭ ئاخىردا پادىشاھ قاسىمنى كۆيئوغۇللۇققا تاللاپتۇ - دە، ۋەزىرنى چاقىرىپ جىددىي بۇيرۇپتۇ:

— ئاددىي توي رەسمىيىتى ئۆتكۈزۈڭلار، نۇرجامالنى مۇشۇ مېيىپقا نىكاھ قىلدۇرۇڭلار، ئاندىن بۇ ئىككىسىگە قوشۇپ دەرھال ئۇزىتىڭلار!

مەلىكە نۇرجامال دادىسىنىڭ ئۆزى ئۇستىدە نېمە خىيالاردا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، قېينانا بىلەن يىگىتكە سوۋغاتلارنى ھازىرلاپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ ۋە ھەرگىز غەم قىلماسلىقنى، دۇئا قىلىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ، ئاندىن دادىسى مەھمۇد شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئەدەپ بىلەن سۆز باشلاپتۇ:

— ئەسسالام، ئەڭ مېھرىبانىم، قىبلىگاھىم دادا، مەن بولسام ئاللانىڭ ئاجىز بەندىسى، ئۆزلىرىنىڭ جىگەر پارىسىدۇرمەن. مېنى ئۆزلىرى چوڭ ئارزۇ بىلەن پەرۋىش قىلدىلا، ئوقۇتۇپ بىلىم ئېلىشقا تۈرتكە بولدىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەجرى ۋە جانابىي ھەقنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن دىلىمنى تەۋپىق ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرلىرى يورۇتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاغا چەندان شۈكۈر، رەھمەت ئوقۇيمەن، ئۆزلىرىگە چەكسىز رازىلىق

بىلدۇرىمەن. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ بەزى قىزلاردەك ئەر-لەرنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن نېمەتلەرگە ھەييارلارچە ئىگە بولۇپ ھايات كەچۈرۈشىنى خالىمايتتىم، ئوقۇغان ئىلىمنى ئەل - ۋەتەن يولىغا سەرپ ئەتسەم دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. بۇگۈن ئارزۇيۇمنىڭ تۇنجى قەدىمى باشلاندى، بۇنى ئاللانىڭ زور نېمىتى، ئۆزلىرىنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقلىرى ۋە ئىلتىپاتى دەپ بىلىمەن. جېنىم دادا، مەندىن خاتىرجەم بولغايلا، مەن ئارزۇ - ئارمانلىرىم يولىدا ھارمايمەن، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىمەن. جېنىم دادا، ئۆزلىرىگە بىئەدەپلىك قىلىپ كۆڭۈللىرىنى رەنجىتتىم، بۇ گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلىپ، كەمىنە قىزلىرىدىن رازى بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

مەھمۇد شاھ قىزىنىڭ سۆزلىرىدىن كۆپ تەسىرلىنىپتۇ، لېكىن ھۆكۈمىدىن ياناي دېسە، شاھلىق غۇرۇرى يول قويماپتۇ.

— خۇدايىمغا ئامانەت قىلدىم، ئاللا تېنىڭگە سالامەتلىك، ئىشىڭغا ئۇتۇق بەرگەي، ئامىن! — دەپ دۇئا قىپتۇ شاھ.

مەلىكە نۇرجامال دادىسىنىڭ دۇئاسىدىن كېيىن خوشلىشىپ يېنىپ چىقىپتۇ ۋە قاسىمنى زەمبىلگە جايلاشتۇرۇپ، زەمبىلنىڭ بىر بېشىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ يىگىتنىڭ كەپىسىگە راۋان بوپتۇ. ئۇلار ئۇچىنچى كۈنى كەچتە چۆلدىكى كەپىگە يېتىپ كەپتۇ، زەمبىلنى ئاۋايلاپ يەردە قويۇپ، يىگىتنى ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

— ھۆرمەتلىك ئانا، مەن گەرچە ھەشەمەتلىك ئوردىدا راھەت - پاراغەتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شاھ قىزى بولساممۇ، ئاللانىڭ خاھىشى ۋە دادامنىڭ تاللىشى بىلەن ھازىردىن باشلاپ ئۆزۈمنى ئۆزلىرىنىڭ كېلىنى، ئوغۇللىرىنىڭ مەڭگۈلۈك جۈپتى دەپ بىلىمەن. ئۆزلىرى بىزنىڭ ۋاپادار ئانىمىز.

بۇ چاغقىچە تۇرمۇشنىڭ پۈتكۈل ئىغىرچىلىقلىرىنى ئۆزلىرى يالغۇز تارتىپ، تۇرمۇش ئازابىدا ۋۇجۇدلىرى زەئىپلىشىپتۇ. شۇنچىۋالا قىينالغانلىرى يېتەر. ئەمدى ئوغۇللىرى خوتۇنلۇق، ئۆزلىرى كېلىنلىك بولدىلا. كېلىن دېگەن قېينانىغا قول ـ قانات بولۇشى كېرەك. ھازىردىن ئېتىبارەن تۇرمۇشتىكى تا-مامىي ئىشلارنى باشتىن ـ ئاياغ ئۆزۈم قىلىمەن، ئۆزلىرى ئارام ئېلىپ ياتقايلا. ئۆزلىرىدىن ئىلتىجايىم شۇكى، مەن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى توسمىغايلا، — دەپتۇ مەلىكە.

ھەنىپىخان قۇلىقىغا ئىشەنمەي قاپتۇ. قۇلاقتىن كىرگەن شېرىن سۆز يۈرەككە تەسىر قىلغاندەك، ھەنىپىخاننىڭ يۈزىگە قىزىل قان يۈگۈرۈپتۇ، كۆزلىرىدىن بەخت ياشلىرى تۆكۈلۈپتۇ.

— ئۆزلىرىنىڭ شېرىن سۆزلىرى تېنىمگە ئارام بېغىش-لىدى، يۈرىكىمنى ياشارتتى. خۇدايىم بەرگەن قىزىم، ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇنداق بولسۇن. شۇغىنىسى، بۇ ئوغلۇمنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر، تەرەتكە تۇرالمايدۇ، بۇنداق ئىش ئۆزلى-رىگە ھەرگىز خوپ كەلمەيدۇ. بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلاي، — دەپتۇ ھەنىپىخان.

— كېلىن يوق چاغدا ئۆزلىرى قىلدىلا، ئەمدى كېلىن كەلدى، مەجبۇرىيەت مېنىڭ زىممەمگە يۆتكىلىشى لازىم. بۇ مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، — دەپتۇ قىز.

مەلىكە نۇرجامال ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ چاچلىرىنى تۇ-رۇپ، پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، قاسىمنى سىرتقا ئاچىقىپ پاخالغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، كەپە ئىچىدىكى ئەسكى كىگىز، ئەسكى يوتقان، قازان ـ داڭقان، قاچا ـ قومۇچلارنى سىرتقا ئاچىقىپتۇ. كەپىنىڭ بوران ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تۆشۈكلىرىنى ھىملەپتۇ، تامنىڭ سىڭايانلىرىنى رۇسلاپتۇ، چاشقانلارنى قوغلاپتۇ. كەپىنىڭ بىر تەرىپىگە سۇپا، بىر تەرىپىگە ئوچاق

ساپتۇ. قازاننى كۆيدۈرۈپ تازىلاپتۇ، سۇ ئېسسىتىپ قاچىلار-
نى پاكىز يۇيۇپتۇ، تام - تورۇس ۋە هويلا - ئاراملارنى سۇ-
پۇرۇپتۇ. ئىسسىق سۇ بىلەن قىپىنانىسىنى يۇيۇندۇرۇپ، كىر-
گىنزدەك چاچلىرىنى تاراپتۇ، ئاخىردا ئاق كۆڭلەك، ئاق ئىش-
تان، ئاق ياغلىق، تاۋار چاپان ۋە مەسە قاتارلىقلارنى كىيدۈ-
رۈپتۇ. ھەنىپىخان ئۆزىنى خۇددى ياش چوكاندەك ھېس قى-
لىپ، ئىككى يانغا قاراپ قويۇپ، تېتىكلىشىپ، ئۇيان - بۇيان
دىك - دىك مېڭىپ بېقىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى رەت پاكىز
بولۇپ، يېڭى كىيىم كىيىشى بولغاچقا، ئۆز - ئۆزىگە ئىشەن-
مەي قاپتۇ. كىچىكىمدە ئانام ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى، ئۇ
دۇنيادا جەننەت ۋە دوزاخ دەيدىغان ئىككى نەرسە بار ئىمىش.
جەننەت پۈتۈنلەي پاراغەت ئورنى بولۇپ، دوزاخ ئازابنىڭ جايى
ئىمىش. مەن تېخى ھايات بولسامۇ، خۇدايىم مېنىڭ ئۆزۈن-
دىن بېرى تارتقان رىيازىتىمگە رەھىم قىلىپ، ماڭا جەننەت
ئىلتىپات قىلغان ئوخشايدۇ. بۇ قىز چوقۇم ئاشۇ جەننەت
ھۆرلىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ
قاپتۇ. ھەنىپىخان بۇ كېچە ئۆز ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ
ھۇزۇرلىنىپ ئارام ئاپتۇ.

نۇرجامال سەھەر تۇرۇپ قىپىنانىسىغا بىر تىللا پۇل
تەڭلەپ:

— جېنىم ئانا، مالال كەلمىسە، شەھەرگە بېرىپ بۇ پۇل-
غا يېمەك - ئىچمەك ئەكەلسىلە، سىلى كەلگۈچە مەن چالا
ئىشلارنى قىلغاچ تۇراي، — دەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم بالام، بۇ ئىشنى خۇشاللىق بىلەن
ئورۇندايمەن، — دەپ، يولغا راۋان بوپتۇ ئانا.

ئانا بازارغا كېتىۋېتىپ بۇرۇنقى كەچۈرمىشلىرىنى
ئويلاپتۇ. يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى ھەنىپىخان بارات ئاخۇن

ئىسمىلىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ مەزكۇر بالىسى قاسىمنى تۇغقانىكەن. بالا تۇغۇلۇپ ئۇلارنىڭ ھاياتىغا يېڭى خۇشاللىق قوشۇلۇپتۇ، ئەمما بايلار ئۇلارنى زىيادە بوزەك ئەتـ-كەچكە، يۇرتىنى تاشلاپ، چۆل بولسىمۇ ئارامخۇدا بۇ دەرگاھقا كېلىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئېغىر چىلىق دەردىدىن بارات ئاخۇنغا سىل كېسەل يامىشىپتۇ، بۇ كېسەل ئاخىر ئۇنىڭ جېنىنى ئەكېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ بىتەلەيلەر ئېچىنىشلىق ھالدا ھايات كەچۈرۈپتۇ... بۇ سەرگۈزەشتىلەر ھەنىپىخانىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەنسېرى ئىختىيارسىز يىغلاپ ساپتۇ، بىردىنلا ۋاپادار كېلىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خۇداغا شۈكۈر ئېيـ-تىپتۇ: «خۇدايا، مەن ئاجىز بەندىگە رەھىم قىلىپ جەننەت ھۆرلىرىدىن ئەۋەتىپسەن، چۈنكى بۇ قىزدىكى ھۆسن - لاتاـ-پەت، ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاق - پەزىلەت، ئىنساپ - دىياـ-نەتلەر جەننەت ھۆرلىرىدىلا بولۇپ، ئىنسانلاردا كەم تېپىلىدۇ. ئىلاھىم، بۇ مەلىكەمنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزگەيسەن، پېقىر ناتىۋاننى بۇ مەلىكەمدىن جۇدا قىلمىغايسەن» دەپ مىڭـ-ڭىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

نۇرجامال بۇ چاغدا بۇ خالىي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاـ-سىمنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ پاخال ئۈستىگە ئاپتۇ - دە، كىيـ-يىملىرىنى سالدۇرۇپتۇ، بەدەنلىرىنى سوپۇنداپ قايتا - قايتا يۇيۇپتۇ، تىرناقلىرىنى ئېلىپ، چاچلىرىنى قىرقىپتۇ، تاز ياـ-رىلىرىنى پاكىز تازىلاپ دورا سۈركەپتۇ، يېڭىدىن كىيىم - كېچەك كىيدۈرۈپتۇ، سۇپا ئۈستىگە يۇمشاق پاخال سېلىپ ياتقۇزۇپتۇ. قالغان چالا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئۆيدە قالغان بار - يوقى بىر ئاشلىق ئارپا ئۇنىدا چامغۇر توغراپ سۇيۇقئاش ئېتىپتۇ. بۇ ئاش شۇنداق لەززەتلىك ئاش بوپتۇكى، قاسىمنىڭ مۇنداق مەززىلىك ئاشنى تۇنجى قېتىم ئىچىشى ئىكەن.

كەچتە ھەنپىخان ئانا بازاردىن قايتىپ كەپتۇ.

— ئەسسالام، ھارمىغايلا قەدىرلىك ئانا، — دەپتۇ كېلىن قېينانىسى ئەكەلگەن نەرسىلەرنى قولىدىن ئېلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، جېنىم مەلىكەم بالام، ئىنشا-ئاللا خاتىرجەم بولغايلا، — دەپتۇ ھەنپىخان.

نۇرجامال قېينانىسىنىڭ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ. ھەنپىخان كېلىپ قارىسا، كەپىنىڭ ئىچى پاكىز، ئوغلى يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ كۈلۈمسىرەپ ياتقۇدەك.

مەلىكە غىزا ئېتىشكە تۇتۇنۇپتۇ. ئىپار ھىدلىق پولۇ پىشىپ، داستىخانغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. قېينانا تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، ئۇنىڭ لەززىتىدىن ھەيرانۇ ھەس قاپتۇ ۋە كۆڭ-لىدە بۇ قىز چوقۇم جەننەت ھۆرلىرىدىن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى شۇنچىۋالا گۈزەل ۋە چىرايلىق بولۇشتىن تاشقىرى، ئەتكەن غىزاسىمۇ نېمىدېگەن مەززىلىك؟! ئىلاھا، بۇ مەلىكەمگە نۇسرەت بەرگەيسەن ۋە مەقسىتىگە يەتكۈزگەيسەن، دەپ دۇ-ئا قىپتۇ. نۇر-جامال بولسا قا-سىمغا تاماق يې-گۈزۈپتۇ.



مەلىكە نۇر-جامال قاسىمنى ساقايتىش ھەق-قىدە كۆپ ئويلى-نىپتۇ ۋە كۆپ داۋالاپتۇ. بىر مەزگىل تاماقلار-نى ئۆزى يېگۈزۈپ

قويۇپتۇ. كېيىن يىگىتنى يېنىچە ياتقۇزۇپ، تاماقنى ئۇنىڭغا يېقىن جايغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. ئاشنىڭ ھىدى قاسىمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ: «بىر قوشۇق يېگۇ-زۇپ قويسىلا» دەپ يالۋۇرۇپتۇ، كېلىن ياكى ئانا پەرۋا قىل-ماپتۇ. ئاخىر ئىشتىھا قاسىمنىڭ قولىنى مىدىرلىتىشقا مەج-بۇرلاپتۇ، ناھايىتى تەسلىكتە قوشۇقنى تۇتۇپ، بىرقانچە قې-تىم تەڭلەپ ئاران ئاغزىغا ساپتۇ، يەنە بىر قوشۇق ئاشمۇ شۇنداق تەسلىكتە قولغا كەپتۇ، لېكىن بۇ ئىش تەكرارلىنى-ۋېرىپ، بارا - بارا قولى بىرئاز كۆنۈپ قاپتۇ. نۇرجامال ئەم-دى غىزانى قاسىمنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قويۇپ قويۇپتۇ. قاسىم-غا پۇتىنىڭ ئۇچىدا تۇرغان ئاشنى يېيىش ئۈچۈن باشنى كۆ-تۈرۈپ، بەلنى ئېگىپ، قولىنى ئۇزىتىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇ ئىككى قولىنى تىرەپ، كۆكرىكىنى كۆتۈرۈشكە ئىنتىلىپتۇ-يۇ، بىراق مادارى يەتمەپتۇ. قايتا - قايتا ئۇرۇنغاندىن كېيىن مىلىك مۇشەققەتتە ئولتۇرالايدىغان ھالەتكە كەپتۇ. بۇ ئۇسۇل تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، بەلىنىڭ يۇقىرىقى قىسمى ھەرد-كەتلىنىپتۇ. ئەمدى نۇرجامال غىزانى قاسىمدىن بىر غۇلاچ نېرىغا قويىدىغان بوپتۇ. قاسىم تاماققا قاراپ ئۆمىلەيدىغان بوپتۇ... بۇ ھەرىكەتلەر بىر مەزگىل تەكرارلىنىپ، قاسىمنىڭ تېنىدە كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ. قاسىم ساقى-يىشقا باشلىغاندىن كېيىن، نۇرجامال ئانىسىغا:

— جېنىم ئانا، بۈگۈن شەھەرگە بارغاندا يىپەك يىپ، ئەن رەخت ئالغاچ كەلسىلە، ئەمدى كەشتىچىلىك قىلىپ كۆ-رەي، بەلكى بۇنىڭ پۇلى بىلەن خىراجەتنى قىلالماسمىز، — دەپتۇ. ئانا بەكمۇ خۇش بولغان ھالدا بازارغا بېرىپ دېگەن لازىملىقلارنى ئەكەپتۇ. نۇرجامال بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن تۈرلۈك - تۈرلۈك نۇسخىلاردا كەشتە تەييارلاپ

ئانىسىغا بېرىپتۇ ھەمدە:

— ئانا، بۇ كەشتىلەرنى كۆرگەنلەر «كىم تىككەن؟» دەپ سورىسا، «قىزىم تىككەن» دېمەي، «باشقا شەھەردىن ئەكەلگەن» دېسىلە، بولمىسا ھەممىمىز كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرايمىز، — دەپتۇ. ھەنىپىخان ئانا ھەممە ئىشنى قىزىنىڭ دېگىنىچە ئورۇنداپ قايتىپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ چىرايلىق كەشتىلەرنىڭ داڭقى ھەممە جايغا تارقىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمۇ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشقا قاراپ مېڭىپتۇ. نۇرجامالنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى نەتىجىسىدە قاسىممۇ سەللىمازا ساقىيىپ، زەبەردەس يىگىتكە ئايلىنىپتۇ.

بىر كۈنى مەلىكە قاسىمغا:

— ئانىمىز كۆپ جاپا تارتتى، ئەمدى سىز ساقايدىڭىز، سودا ئىشلىرىنى ئانىمىزنىڭ قولىدىن ئېلىڭ، ئۇنى ئېغىر - يېنىك ئىشلارغا سالماي دۇئاسىنى ئالايلى، — دەپتۇ. بۇ سۆزدىن قاسىم بەك خۇرسەن بوپتۇ ۋە مەلىكىگە رەھمەتلەر ئېيتىپ:

— مېنىڭ يىرگىنچلىك بەتبۇي ھالىم سىز ئۈچۈن يىرگىنچلىك تۇيۇلمىدى. ناۋادا شەپقىتىڭىزگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسام، بۇ دۇنيادىن ئاللىقاچان ئايرىلغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

— مېنى كۆپ ماختاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئالدىمىزدا تېخى يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار. ئەتىدىن باشلاپ تىجارەتنى ئۆز قولىڭىزغا ئېلىڭ، — دەپتۇ نۇرجامال.

ئەتىسىدىن باشلاپ كەشتىلەرنى قاسىم سېتىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى قاسىم بازاردىن ياناشىدا بىر توپ ئادەمنىڭ لايغا پېتىپ قالغان تۆگە بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ياردەمگە بېرىپتۇ. ئۇ بىر تاختاي تېپىپ كېلىپ، ئۇنى

لاي ئۈستىگە قويۇپ دەسسەپ تۇرۇپ تۆگىنى پۇتۇن كۈچى بىلەن تارتىپ لايدىن چىقىرىپتۇ. تۆگىچىلەر ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. كارۋان بېشى:

— رەھمەت، غوجام، تۆگىمىزنى ئۆلۈمدىن، بىزنى غەمدىن قۇتقۇزدىلا، بىز سىلىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمىز. ئەگەر مالال كۆرمىسىلە بىز بىلەن سەپەر قىلسىلا، يولدىكى خەج - خىراجەتلىرىنى بىز كۆتۈرىمىز. ئادەم ياش ۋاقتىدا يىراق - يېقىننى كۆرۈپ، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆگەنگىنى تۈزۈك، — دەپتۇ. قاسىم ئۇلارغا ئائىلىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بەرمەكچى بوپتۇ.

مەلىكە ئاڭلاپ:

— ئىنتايىن ياخشى ئىش بوپتۇ. سەپەردە مېڭە ئېچىلىدۇ، ساغلاملىق ئاشىدۇ. سەپەردە ھوشيار بولغايسىز، — دەپ يىگىتنىڭ قولىغا بىرنېمىلەرنى دەپتۇ.

يىگىت مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى قەلبىگە پۈكۈپ كارۋانلارغا قوشۇلۇپتۇ، ئۇلار بىلەن بىر تۇغقاندەك چىقىشىپ كېتىپتۇ. كارۋان قىرىق كۈندىن كېيىن بىر جەزىرىگە يېتىپ كەپتۇ. سۇ تۈگەپتۇ، كارۋانلارنىڭ ھالى تەڭ بوپتۇ، ئۇلار سۇ ئىزدەپ ھەريان چېپىپ ئاخىر بىر قۇدۇقنى تېپىپتۇ. كارۋان بېشى:

— ئارغامچا بىلەن بىر ئادەمنى قۇدۇققا چۈشۈرەيلى، سۇ ئاچىقايلى ! — دەپتۇ - دە، بىر ئادەمنى قۇدۇققا چۈشۈرۈپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئارغامچىنى تارتىپتۇ، قارىسا، ھېلىقى ئادەمنىڭ باشسىز جەسىتى چىقىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كارۋانلار قورقۇشۇپ ھەيران بوپتۇ. شۇ چاغدا قاسىم مەلىكىنىڭ ئۆز قۇلىقىغا دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپتۇ - دە، كارۋان بېشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:



— ماڭا رۇخسەت بەرسىلە، قۇدۇققا چۈشۈپ سۇ ئاچىقسام، — دەپتۇ. كارۋان بېشى ئۇنىڭغا كۆزى قىيماي قوشۇلماپتۇ.

— ھېچكىم ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيدۇ، زورلاپ چۈشۈرسەك ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىش-نىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەيدۇ، شۇڭلاشقا مېنىڭ چۈشۈ-شۈم ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر، — دەپتۇ قاسىم.

كارۋان بېشى نائىلاج قاسىمغا رۇخسەت بېرىپتۇ. قاسىم قۇدۇققا چۈشۈپتۇ. قۇدۇقنىڭ ئىچىگە سەپسىلىپ قاراپ، يو-رۇق بىر جاينى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا، بىر چار-باغ، باغ ئىچىدە ئىككى تەخت تۇرغۇدەك، بۇ ئىككى تەختتە ھەيۋەتلىك دىۋە پادىشاھلىرى ئولتۇرغۇدەك. قاسىم تەخت ئال-دىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپتۇ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پادىشاھىئالەم !

— نېمە ئادەمسەن؟ نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپتۇ دىۋىلەر.

— مەن بىر تۆگىچى كارۋان، ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن ھالسىز خاراب بولۇپ جانابىي ئالىيلىرىدىن سۇ سوراپ كەلدىم، — دەپتۇ قاسىم.
دىۋە پادىشاھلىرى:
— كەلگىنىڭ ياخشى بوپتۇ. سەندىن سوئال سورايمىز، توغرا جاۋاب بىرەلىسەڭ، ھەممە تىلىكىڭ ھەل بولىدۇ. توغرا جاۋاب بىرەلمىسەڭ، كاللاڭدىن جۇدا بولىسەن! — دەپتۇ.
قاسىم:
— مەرھەمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى فۇزۇن بولغاي، سوئاللىرىنى قويغايلا، — دەپتۇ.
دىۋە شاھىدىن بىرى شۇنداق دەپتۇ:
— مېنىڭ خوتۇنۇم بولسا مانا ماۋۇ گۈزەل مەلىكە، بۇ دوستۇمنىڭ خوتۇنى بولسا پاقا. مەن خوتۇنۇمنى چىرايلىق دېسەم، بۇ بۇرادەر مېنىڭ خوتۇنۇم چىرايلىق، دەيدۇ. ھەر ئىككىمىز ئۆز گېپىمىزدە چىڭ تۇرىمىز. شۇڭا، بىز بۇ سوئالنى ئادەمزاتتىن سوراپ ئاڭلاپ قانائەتلىنىش قارارىغا كەلگەنتۇق. بۇگۈن ياخشى ۋاقىتدا كەپسەن، سوئالىمىزغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەرگىن. زادى مېنىڭ خوتۇنۇم چىرايلىقمۇ ياكى بۇرادىرىمنىڭمۇ؟
قاسىم دىۋىنىڭ سوئالىغا نۇرجامالنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە جاۋاب بېرىپتۇ:
— بېشىڭنى كىم سىلىسا، ماشايىقىڭ شۇ، يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا، چىرايلىقىڭ شۇ. ھەرقايسىڭلار ئۇچۇن ئۆز مەشۇقۇڭلار چىرايلىق، چۈنكى سىلەر بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشۇپ، ئوت - پىراقىڭلاردا كۆيۈشكەن.
دىۋىلەر جاۋابتىن سۆيۈنۈپ:
— بارىكاللا، يىگىت، جاۋابىڭدىن قانائەتلەندۇق، ئەمدى

مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمىز. كۆپ ئادەمزات بۇ سوئالغا مەلىكىنى چىرايلىق، پاقىنى سەت، دەپ جاۋاب بېرىپ جېنىدىن ئايرىلدى. ئەنە ئاۋۇ دۆڭلۈكلەر ئادەم كاللىسىدىن پەيدا بولغان. سەن يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى قۇتقۇزدۇڭ. ئەمدى سەن بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ سورىغىن، — دەپتۇ.

— مەن سىلەردىن سۇ تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ قاسىم. دىۋە پادىشاھلىرى:

— قۇدۇقتىن يەر ئۈستىگە بىر ئۆستەڭ سۇ داۋاملىق ئاققاي، بۇ سۇ ئەبەدىلئەبەد سېنىڭ بولغاي. يەنە سورىغىن، — دەپتۇ. قاسىم:

— مەن بىر ھاجەتمەن يولۇچى، سىلەر ئۇلۇغ شاھ، ماڭا ئاتاپ نېمە بەرسەڭلار، شۇنى چوڭ مۇكاپات بىلىپ قوبۇل قىلىمەن، — دەپتۇ. دىۋىلەر:

— مانا ماۋۇ خىسلەتلىك ساندۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە لىقمۇلىق جاۋاھىرلار بار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى دۇنيادەپىنىنى ئېلىپ، ئاغزىنى يەنە ياپساڭ ئاۋۋالقىدەكلا جاۋاھىراتلارغا تولىدۇ. ماۋۇ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر. ئۇنى ھەرقانداق بىر كېسەل ئەزاغا سۈرتسەڭ شىپالىق تاپىدۇ. بۇلارنى سەن ئال، سېنىڭ ئۆمۈرلۈك مۈلكۈڭ بولسۇن. ئەگەر بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر كەلسە بىزنى ياد قىل، بىز دەرھال يېتىپ كېلىپ مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىلىمىز، — دەپتۇ. قاسىم كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ ساندۇقنى كۆتۈرۈپتۇ ۋە ئەڭگۈشتەرنى قولىغا سېپتۇ. دىۋە پادىشاھلىرى يىگىتكە قاراپ يەنە دەپتۇ:

— يەنە تەلەپ - مۇددىئالىرىڭ بارمۇ؟

قاسىم دەرھال ئۈنلىنىپ:

— مەن سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتىمەن، يول بويى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ يۈرسەم، ھەسەتخورلار كۆرسە، مېنى ئاۋارە قىلىدۇ.

ئەگەر ھەربىرلىرىگە مالال كەلمىسە، بۇنى ئۆيۈمگە يەتكۈزۈپ بەرسەڭلار مىلىڭ مەرتە خۇشال بولار ئىدىم، — دەپتۇ.

— ياخشى، بۇ بىز ئۇچۇن ھېچقانچە ئىش ئەمەس، خاتىرجەم بول، — دەپتۇ دېۋىلەر، ئاندىن بۇنى بىر دېۋىگە تاپشۇرۇپتۇ، ئۇ دېۋە ھەش - پەش دېگۈچە ساندۇقنى مەلىكە نۇرجامالغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۇچۇرىدىن بىر دانە كەشتىلەنگەن ياغلىق ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. قاسىم كەشتە ياغلىقنى ئېلىپ خاتىرجەم بوپتۇ.

قاسىم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ قۇدۇقتىن سىرتقا چىقىشى بىلەن تەڭ بىر ئۇستەڭ سۇ ئېتىلىپ چىقىپ، چۆلگە جان كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. كارۋانلار ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپتۇ. قاسىم ياغلىقنى بېلىگە باغلاپ، ئەڭگۈشتەرنى قولىغا سېلىپ مېڭىپتۇ.

نۇرجامال خاسىيەتلىك ساندۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قېيىنانىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— جېنىم ئانا، مالال كۆرمەي شەھەرگە بارسىلا، ئىزدەپ - سوراپ تامچى، ياغاچچى، تۆمۈرچى، خۇمدانچى، ئويمىچى، خەتتات، نەققاش، دېھقان، باغۋەن، تىكىمچى، موزدۇز، ئاشپەز، ناۋاي قاتارلىق تۇرلۇك كاسىپلار بىلەن سۆزلىشىپ، ماقۇل كۆرگەنلىرىنى باشلاپ كەلسىلە. ئۇلارنى دېگىنىمدەك رازى قىلىمىز. ئەمدى بۇگۈندىن باشلاپ مېنى قىزىم دېمەي، ئوغلۇم دەپ ئاتىغايلا، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمىغايلا.

ئانا دەرھال شەھەرگە راۋان بوپتۇ. ھەر تەرەپتىن ئىزدەپ - سوراپ ئوتتۇزغا يېقىن كاسىپ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى چۆلدىكى ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ. بۇ ئۇستىلارنى كېلىشكەن، چىرايلىق بىر «يىگىت» قارشى ئاپتۇ، ئاندىن ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ. تاماقتىن كېيىن «يىگىت» سۆز باشلاپ:



— ھۆرمەتلىك ئۇستىلار، مۇشۇ چۆلنىڭ ئۆزىدە چوڭ بىر شەھەر بەرپا قىلماقچىمىز. ھەربىرلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىردۇق. سىلەر ماقۇل كۆرسەڭلار، ھەربىرىڭلار يەنە بىر قىسىم ئۇستىلارنى باشلاپ كەلسەڭلار، ئىشىمىزنى باشلىۋەتسەك. كىمكى بۇ يەردە ئىشلەشنى ئىختىيار قىلسا، ئۇنداقلارغا شەھەردىكىدىن ئىككى ھەسسە زىيادە ھەق ھەمدە يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك تولۇق بېرىلىدۇ. قېنى، نېمە دەيسىلەر؟! — دەپتۇ.

— يىگىت غوجام، — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — بۇ گەپلىرىڭگە مىڭ مەرتە ماقۇللۇق بىلدۈرىمىز. بىز قايتىپ بېرىپ يارەنلەرگە بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزەيلى، يەنە نۇرغۇن كەسىپداشلارنى بۇ جايغا تەكلىپ قىلايلى، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. خوشلىشىش ئالدىدا «يىگىت» ئۇلارغا بىردىن تىللا ھەدىيە قىپتۇ. بىر ئاي جان تىكىپ ئىشلەپ بىرەر تىللاغا ئېرىشەلمەيدىغان بۇ بىچارىلەر

خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي، ئۆيلىرىگە كىلىپ ئارام ئېلىشقىمۇ تاقەت قىلماي دوست ـ يارەنلىرىگە خەۋەر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەچچە يۈز ھۈنەرۋەن بۇ يەرگە جەم بوپتۇ ـ دە، شەھەر قۇرۇش ئىشى باشلىنىپ كىتىپتۇ. ھەممە ئادەم پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئۆز ھۈنىرى ۋە غەيرىتىنى ئىشقا ساپ. تۇ. قۇرۇلۇۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇ يەرگە كىلىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار مەلىكە نۇرجامالنى «پادىشاھ يىگىت» دەپ ئاتىشىپتۇ.

«پادىشاھ يىگىت» لەشكىرىي قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپتۇ، ئۇلارنى تەربىيىلەپتۇ. نۆكەرلەر ئىچىدە بىر يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى سۇلتانقۇل ئىكەن. ئۇ كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە ئۈستۈن، «پادىشاھ يىگىت»كە سادىق ئىكەن. «پادىشاھ يىگىت» ئۇنى پۈتكۈل قوشۇنلارغا سەردار ۋە ئۆزىگە ياردەمچى قىپتۇ.

بىر كۈنى «پادىشاھ يىگىت»نىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا شۇنداق مەسلىھەت بىرىپتۇ:

— ئۇزۇن ۋاقىتتىن بىرىكى مىھنەت نەتىجىسىدە تەنلى. رىگە ھاردۇق يەتكەنلىكىنىڭ روشەن ئالامەتلىرى سىزىلمەكتە، ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ ئارام ئالغايلا، بۇ بولسىمۇ ئاباتلىقى. مىزنىڭ بەختى ئۈچۈن، — دەپتۇ. «پادىشاھ يىگىت» ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئۇ سۇلتانقۇلنى چاقىرىپ:

— يارەنلەرنىڭ شىكار قىلىپ بىر مەھەل ئارام ئېلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەن شىكاردىن كەلگۈچە ئاباتلىقنىڭ پۈتكۈل ئىشىنى سىزنىڭ بىجىرىشى. ڭىزگە تاپشۇردۇم، ساداقەت ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىشلىشىڭىزنى ئۈتۈنىمەن، — دەپتۇ.

سۇلتانقۇل ئورنىدىن تۇرۇپ سىپاھلارچە سالام بەرگەندىن

كېيىن، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، «پادىشاھ يىگىت» ئىككى نۆكىرى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. شەرق تەرەپتىن بىر توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ، توزان بارغانسېرى يېقىنلىشىپتۇ، قارىسا بىر كېيىك ئىكەن. «پادىشاھ يىگىت» پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئوقيادىن كېيىككە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. كېيىكنىڭ ئارقا ئىككى پۇتى زەخىملىنىپ دەرھال يىقىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا يەنە بىر توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ. توزان يېقىنلاشقاندىن كېيىن قارىسا، بېشىغا تاج كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان، يېنىغا قىلىچ ئاسقان سەلتەنەتلىك بىر پادىشاھ ئىكەن. «پادىشاھ يىگىت» دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ شاھانە سالام قىپتۇ.

— ئۇقۇشماسلىق بولغان ئوخشايدۇ، بىلمەستىن سەييادلىرىنى ئېتىپ سالاپتىمەن. گۆدەكلىكىمنى ئەپۇ



قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپتۇ - دە، كېيىكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئېتىغا غانجۇغىلاپ قويۇپتۇ.

— كېرەك يوق، — دەپتۇ پادىشاھ كۈلۈمسىرەپ، — تا-سادىپىي ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ.

«پادىشاھ يىگىت» چوڭ پادىشاھنى ناشتىلىق غىزاغا تەك-لىپ قىپتۇ. ئارىلىقتا ئىككىسى قىسقىچە ئەھۋاللىشىپتۇ. چوڭ پادىشاھ «پادىشاھ يىگىت»كە:

— بىزنىڭ تۇرۇشلۇق شەھىرىمىز بۇ يەرگە يىراق ئە-مەس، مالال كەلمىسە شەھىرىمىزگە بېرىپ مېھمان بولسىلا، — دەپتۇ.

— تەكلىپلىرىدىن باش تارتىش مەن ئۈچۈن ئەيىب. مىڭ مەرتە بارغايمەن، — دەپتۇ «پادىشاھ يىگىت».

ئۇلار يولغا چىقىپتۇ. چوڭ پادىشاھ يول بويى كۆڭلىدە، مانا مۇشۇنداق يىگىتكە قىزىڭنى بەرسەڭ، دۆلەت ۋە سەلتە-نەتكە شۇنداقلار ۋارىسلىق قىلسا، مەنمۇ ئارمانسىز كېتەر ئى-دىم. ئۇنىڭ ئەپتىدىن ئەقىل - پاراسەت، دىيانەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار چوڭ پادىشاھنىڭ شەھى-رىگە كەپتۇ. خالايىق داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. سازەندىلەرنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق نەغمە - ناۋاسى، پەردىدەك قىزلارنىڭ لەرزان ئۇسسۇلى، گۈزەل سىيماسى مېھمانغا تەسىر قىلىپ، ۋۇجۇدىدىكى هارغىنلىق يۇيۇلۇپ، روھىي ھالىتىدە خۇشاللىق ئەكس ئېتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ياش «يىگىت»نى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىشنى ئويلاپ ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ:

— بۇ مېھمان شىكاردا يولۇقۇپ قالدى. ئۇنىڭ خۇلق - ئەخلاقى، پەم - پاراستى كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدى. بۇ يى-گىت ئۆيلەنمىگەن بولسا، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالسام، دېگەن

خىيال كۆڭلۈمگە كىرىۋالدى، — دەپتۇ ۋەزىر:

— پادىشاھىم، بۇ ئىش ئۇنچە قىيىن بولمىسا كېرەك. ئاۋۋال ئەھۋالنى ئۇقۇپ كۆرەيلى. مېنىڭچە، ئۆيلەنمىگەندەك تۇرىدۇ. ئۆيلەنگەن ھالدا ھەم ئىنشائاللا ئامالىنى قىلغىلى بولار، — دەپتۇ.

ئۇلار بىر كۈنى سەيلىگە چىقىپتۇ. ۋەزىر سەيلىگاھتا ئولتۇرۇپ «يىگىت»كە دەپتۇ:

— ئادەم تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يۈزلىنىپ، مۇھەببەت غوۋ-غاسىغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭ قايناملىرىغا كىرىدىكەن. بۇ قايناملىرىدا بەزىلەر ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەلەيدىكەن، بەزىلەر شۇڭغۇپ غەرق بولىدىكەن.... بۇ سەۋدالار بىلەن ھەش - پەش دېگۈچە ياشلىقىدىن مەھرۇم بولىدىكەن. پەمىمچە، ئۆزلىرى تېخى ئۆيلەنمىگەن بولسىلا كېرەك؟

— شۇنداق، ۋەزىرئەزەم، — دەپتۇ «پادىشاھ يىگىت»، — مەن تېخى بۇ قاينام تەرەپكە قەدەم ئالمىدىم، ئەمدىلەتىن خىيال قىلساق ئەيىب بولماس.

— ناھايىتى مەمنۇنلۇق پىكىر، — دەپتۇ ۋەزىر، — مېنىڭ ئاددىي بىر تەكلىپىم بار. خوپ كەلسە، ئۆزلىرىنى ئۆيلەپ قويساق قانداق بولار؟

— مەن بولسام سىلەرگە مېھمان، بۇ ھەقتە سۆز ئاچسام ئۇيات بولۇر. خىجالەت قىلماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ «پادىشاھ يىگىت».

— پادىشاھىمىز تولىمۇ ئاقىل، ئادىل ۋە پاك ئادەم، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ تەرىپ ۋە تەۋسىپلىرىنى كۆپرەك قىلىدۇ. ئۆزلىرىنى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش پادىشاھىمىزنىڭ ئارزۇسى.

بۇنى ئاڭلىغان «پادىشاھ يىگىت»نىڭ يۈزى قىزىرىپتۇ ۋە:

— ئاكام تېخى ئۆيلەنمىگەن. ئىنى ئاكىغا يول بەرمىكى

زۆرۇر، شۇڭا خۇدا نېسىپ ئەتسە، پادىشاھنىڭ بۇ قىزى ئاشۇ ئاكامنىڭ جۈپتى بولۇشقا لايىق ئىكەن، — دەپتۇ.

— ئۆزلىرىنى كۆيئوغۇل قىلىۋېلىش پادىشاھىمىزنىڭ ئارزۇسى، سىلى ماقۇل كۆرسىلە تولا ئوبدان ئىش بولاتتى، ياق دېمىسىلە، — دەپتۇ ۋەزىر. ئامالسىز قالغان «پادىشاھ يىگىت»:

— ئۇلۇغ شاھ مېنى بالىلىققا لايىق كۆرگەن بولسا بوپتۇ، — دەپتۇ.

— دىيانەتلىرىگە بارىكاللا ! — دەپتۇ ۋەزىر خۇشال بولۇپ.

ۋەزىر بۇ خەۋەرنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ:

— مېنى غەمدىن قۇتقۇزغىنىڭىز ئۈچۈن كۆپ تۆھپە بېردىڭىز. سىز توي مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ. داغدۇغىلىق توي ئۆتكۈزۈپ، يۇرت ئەھلىنى شادىمان قىلايلى ! — دەپتۇ خۇشال بولۇپ.

توي ئىشىدىن خەۋەر تاپقان مەلىكە دىلئارام مىسلىسىز خۇشال بوپتۇ. ۋاقتى - سائىتى يېتىپ، داغدۇغىلىق توي باشلىنىپتۇ. تويىنىڭ ناغرا - سۇناي ساداسى پۈتكۈل شەھەر ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار شاھانە ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. كۆشكىگە كىرگەندە، «يىگىت» دىلئارامغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئاللانىڭ ئىرادىسى، شاھ ئاتىمىزنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىككىمىز بەختلىك ھالدا قوشۇلدۇق. لېكىن، مەن ئانامنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي خوتۇنۇم بىلەن بىر يەردە بولماسلىقنى قەسەم قىلغاندىم، بۇ قەسەمگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلالمايمەن. ئانام بىلەن كۆرۈشكۈچىلىك تەخىر قىلساق، — دەپتۇ.

— كۆڭۈللىرىچە بولسۇن، شاھزادەم. ئانا ئالدىدىكى ئەھدە بىز پەرزەنتلەرنىڭ قەرزى، — دەپتۇ مەلىكە. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى «يىگىت» مەلىكىگە دەپتۇ:

— مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىمغا بىر ئاي بولدى. ئانامنى بەكمۇ سېغىنىدىم. مەندىمۇ بىر شەھەرنىڭ شاھلىق مەجبۇرد-يىتى بار. يەنە بىر مۇھىم كىشىمىز يىراق يۇرتقا سەپەرگە كەتكەن، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىزمەن. زۆرۈرىيەت مېنى قىستاۋاتىدۇ. ئىلتىجايىمنى شاھ ئاتىمىزغا مەلۇم قىلساق، ئىجازەت بېرىپ بىزنى ئۇزىتىپ قويسىكەن. پات - پات كې-لىپ شاھ ئاتىمىزنى زىيارەت قىلىپ تۇرساق.

بۇ تەكلىپ دىلئارامغا ئىنتايىن يېقىپتۇ. شاھ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بەش يۈز نۆكەر، يۈز كېنىزەك، قىرىق قې-چىر جاۋاھىراتلار بىلەن سوۋغات تەييارلاپ، بۇ ئىككىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى قاسىمدىن ئاڭلايلى:

قاسىم قۇدۇقتىن ئەڭگۈشتەرنى ئاچىققاندىن كېيىن كارۋانلار بىلەن بىر قەدىمىي شەھەرگە كەپتۇ. ئۇ كارۋان باشلىقىدىن رۇخسەت ئېلىپ، شۇ شەھەردە قاپتۇ. ئەڭگۈشتەر-نىڭ كارامىتىنى كۆرمەكچى بولۇپ، بىر دوقمۇشتا تېۋىپلىق قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. كەلگەن ھەرقانداق كېسەلگە ئاز ھەم ئاد-دىي دورا بېرىدىكەن - دە، ئاغرىغان جايغا ئەڭگۈشتەرنى شۇنداق تەگكۈزسە، كېسەل شۇئان ساقىيىدىكەن. ئۇنىڭ داڭقى تارقىلىپ تەرەپ - تەرەپتىن كىشىلەر كەپتۇ، شەھەر - شەھەرگە تەكلىپ قىلىنىپتۇ، نۇرغۇن مال - مۈلۈككە ئىگە بوپتۇ.

بىر شەھەرنىڭ ھەكىم شاھ دېگەن پادىشاھى بولۇپ، ئۇ-نىڭ گۈلسارەم ئىسىملىك يالغۇز قىزى بار ئىكەن. ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز بۇ گۈزەل قىزغا پادىشاھ بەكمۇ ئامراق ئىكەن. پادىشاھ ھەر كۈنى قىزىنى كۆتۈرۈپ قىزىلگۈلنىڭ

شېخنى ئېگىپ پۈرتىدىكەن. بۇ ئىش قىزنىڭ ئادىتىگە ئاي-لىنىپتۇ. قىز بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىدا، بىر كۈنى گۈل پۇراۋاتقاندا گۈل ئارىسىدىن يىلان چىقىپ قىزنىڭ كۆزىنى چېقىۋاپتۇ. قىزنىڭ كۆزى ئىششىپ، يىلاننىڭ زەھىرى پۈتۈن ئەزايىغا تارقىلىپ، بىچارە قىز دەھشەتلىك ئازاب ئىچىدە قاپتۇ.

شاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، قىزنى داۋالىغان تېۋىپقا كۆپ ئىنئاملارنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەر يەر – ھەر يەردىن تېۋىپلار كەپتۇ. قىزنىڭ ئازابى كۈچىيىش-كە باشلاپتۇ. ئامالسىز قالغان پادىشاھ قىزىنى داۋالىغۇچىنى ۋەزىر، كۈيئوغۇل، ھەتتا شاھ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇ كۈنلەردە قاسىم بۇ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئوردا ئەھلى ئۇنى شاھ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قاسىمغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ:



— كۆپ كىشىلەر كەلدى، داۋالاپ كۆردى، ئۇنۇم بەرمىدى... — دەپ، بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ قاسىمدىن قىزىنى ساقايتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قاسىم چوقۇم قىزنى ساقايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ قىزنى سۈت بىلەن يۇيۇندۇرۇپ، ئەڭگۈشتەرنى كۆزىگە سۈركىگەنىكەن، قىزنىڭ كۆزى ۋاللىدە يورۇپتۇ.

شاھ قاسىمغا كۆپ تەشەككۇر بىلدۈرۈپ:

— سىزگە مىڭلارچە رەھمەت، قىزىمنىڭ ھاياتىنى قۇت-قۇزدىڭىز، جانغا جان قوشتىڭىز. ئوردا ئىچىدە ئازادە ئارام ئېلىڭ! — دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال تامامىي خاسلىرىنى يىغىپ، توي ئىشىنى كېڭەش قىپتۇ. ھەممەيلەن شاھنىڭ پىكرىنى قوللاپتۇ. تەييارلىق پۈتۈپ، توي باشلىنىپتۇ. توينىڭ ئاخىرقى كۈنى گۈلسارەمنى قاسىمغا نىكاھلاپتۇ ۋە شاھانە ھۇجرىلارغا جايلاشتۇرۇپتۇ. پۇرسەت پىشقاندىن كېيىن، قاسىم مەلىكىگە مۇنداق دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك مەلىكەم، مېنىڭ دۇنيالىقتا ياشاۋاتقان بىرلا ئانام بار. مەن سەپەرگە چىققان چاغدا، ئانامنىڭ ئىجازىتىسىز خوتۇن كىشى بىلەن بىر جايدا بولمايمەن، دەپ ئەھدە قىلغانىدىم، ئەھدىمنى بۇزالمايمەن. شۇڭا، مۇبارەك كۆڭلىڭىزگە مالال كەلمىسۇن، بىر مەزگىل سەۋر قىلايلى، ئانامنىڭ ئىجازىتى مەلۇم بولسۇن.

مەلىكە قاسىمنىڭ ئىلتىماسىغا چىن دىلىدىن رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، شاھ قاسىمنىڭ ئۆز ئورنىغا شاھ بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ، ئەمما قاسىم ئىكرام بىلەن رەت قىپتۇ. ئاخىر پادىشاھ قاسىمنىڭ پىكرىگە ماقۇل بوپتۇ، ئۇنىڭ ساپ نىيىتىگە، يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىگە زوقلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، توي قىلغىلى ئالتە ئاي بوپتۇ. قاسىم ئانىسى ۋە مەلىكىسىنى ئىنتايىن سېغىنىپتۇ. بىر كۈنى قاسىم گۈلسارەمگە مەسلىھەت سېلىپ:

— مەن ئۆيدىن چىققىلى ئۇزۇن بولدى، ئانامنى بەكمۇ سېغىندىم. مەنغۇ ئاتىڭىزنىڭ دۆلىتىدە غەم - غۇسسىسىز

ئۆتۈۋاتىمەن، لېكىن بىچارە ئانام چۈشۈمگە تولا كىرىدۇ. شاھ ئاتىمىزغا ئىلتىماسىمنى يەتكۈزۈپ، يۇرتىمىزغا بېرىشقا ئىجازەت ئالسىڭىز، — دەپتۇ. مەلىكە گۈلسارەم قاسىمنىڭ ئىلتىماسىنى ئاتا - ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ ماقۇل بوپتۇ. سەپەر تەييارلىقى باشلىنىپتۇ. بەش يۈز نۆكەر، يۈز كېنىزەك، يۈز قېچىر مال - دۇنيا راسلىنىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش ئۇلارنى كۆزى قىيمىغان ھالدا كۆپ دۇئالار بىلەن يولغا سالپتۇ.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ھېلىقى قۇدۇق بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە بىر ئۆستەڭ سۇ داۋاملىق ئېقىپ تۇرغۇدەك. جەزىرىنىڭ قىياپىتى ئۆزگەرگەن، نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. قاسىم بىلەن مەلىكە ئىككىسى ئۇ يەردە بىر ئاخشام قونغاندىن كېيىن، يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. قاسىم يول بويى ئاجىزلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار نەچچە ئون كۈن يول يۈرۈپ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. قاسىم بۇ يەرلەرنى تونۇيالماي قاپتۇ، قارىسا، بۇ يەردە يېڭى بىر شەھەر بەرپا بولغان. شەھەرنىڭ ھەشەمەتلىك بىنالىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىكەن، سودا - تىجارەتلىرى ئىنتايىن جانلانغان، ئادەملىرى خۇشال - خۇرام ئىكەن. قاسىم مەلىكە نۇرجامالدىن چەكسىز سۆيۈنۈپتۇ ۋە ئۇنى سېغىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى «پادىشاھ يىگىت»تىن ئاڭلايلى:

«پادىشاھ يىگىت» دىلئارامنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى كەچتە ياساۋۇللار ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ شۇنداق مەلۇمات بېرىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىمىز، جانابلىرى سەپەرگە ئەۋەتكەن كىشىلىرى سەپەرنى تۈگىتىپ قايتىپتۇ، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن قوشۇنى ۋە باشقا مال - دۇنيالىرى بار ئىكەن.

خەۋەرنى ئاڭلىغان پادشاھ:

— قوشۇنلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، ئۇ كىشىنى ئۇچىنچى دەرۋازىدىكى مېھمانخانىغا ئەكىرىڭلار ! — دەپتۇ - دە، ئۆزى ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ، ئالدى بىلەن مەلىكە دىلئارامغا پۈتۈن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە دىلئارام ھەممە ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. ئاندىن ئەرەنچە شاھلىق لىباسىنى سېلىپ، ئەسلىدىكى مەلىكە سىياقىغا يېنىپتۇ. ھەيھات !... بىر پەرى پەيكار، ئاي يۈزلۈك گۈزەل بوپتۇكى، ئوردا گويا قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپتۇ. دىلئارامۇ جابدۇنۇپتۇ. كېنىزەكلەر ئوتتۇرىسىدا ئىككى مەلىكە خۇددى جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك مېڭىشىپتۇ. قاسىم مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېھتىرام بىلەن كەپتۇ. نۇرجامال پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن سېغىنغان دىلدارىغا ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ، دىلئارامۇ تەزىم قىپتۇ. مەلىكە شېرىن سۇخەنلىك بىلەن يىگىتتىن ئېسەنلىك سوراپتۇ. يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى ھارارەت بېسىپتۇ. قاسىم ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىدىۋېتىپ، بىر نەرسە ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك كەينىگە قاراپتۇ. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ:

— ئارقىدا بىركىم بارمىدى؟ قوشۇنلار ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلدى، — دەپتۇ.

— يوقسۇ، مەلىكەم، ئۆزلىرىگە كېنىزەك ئالغاچ كەلگەنىدىم، — دەپتۇ قاسىم گۈلسارەمنى تونۇشتۇرۇپ.

مېھمانلار ئازادە ھۇجرىلارغا باشلىنىپ زىياپەت بېرىلىپتۇ. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانىلار غىزادىن كېيىن ئازادە ئولتۇرۇپ كۆپ سۆھبەت قىلىشىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن مەلىكە ۋەزىر سۇلتانقۇلغا پۈتۈن خالايىقنى يىغىشنى تاپشۇرۇپتۇ. پۇقرالار دېگەن قەرەلدە توپ - توپ بولۇپ مەيدانغا ئېقىپ

كېلىشىپتۇ. «پادىشاھ يىگىت» كاتتا بېزەلگەن مۇنبەرگە چىقىپتۇ ۋە خەلققە ئېھتىرام بىلدۇرۇپتۇ، ئاندىن:

— بۈگۈن مەن خەلقىمگە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پىنھان تۇتۇپ كەلگەن سىرىمنى ئېچىش قارارىغا كەلدىم. مەن ئەسلىدە ئايال ئىدىم. ئۆز ھەمراھىم، — دەپتۇ ئۇ قاسىمنى كۆرسىتىپ، — يېنىمدا بولمىغانلىق تۈپەيلىدىن ۋاقىتنچە ئاياللىق سالاھىيىتىمنى يوشۇردۇم. مانا ھازىر ئۆز جۈپتۈم قايتىپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسى. پادىشاھلىقنى بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئۆتۈنىمەن.

مەلىكە نۇرجامال بېشىدىكى تاج ۋە ئۈستىدىكى شاھانە لىباسنى قاسىمغا كىيدۈرۈپتۇ. خەلق قاسىمنى مۇبارەكلەپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھەنىپخان ئانا چەكسىز شادلىققا چۆمۈپتۇ.

قاسىم شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن نۇرجامال قاسىمغا:

— دادامدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى، ئۇلارنى بەك سېغىندىم، شۇڭا، شاھ ئاتىمىزنى ئاباتلىقىمىزغا زىيابەتكە چاقىرتساقمىكىن، — دەپتۇ.

— مېنىڭ خىيالىممۇ شۇنداق ئىدى، — دەپتۇ قاسىم.

شاھانە تەكلىپنامە يېزىلىپتۇ. قىرىق قېچىر سوۋغات تەييارلىنىپتۇ. سۇلتانقۇل باشلىق بىر توپ كىشىلەر مەھمۇد شاھنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى قىيام ۋاقتىدا شەھەرگە كەپتۇ. شاھ بۇ تاسادىپىي ئەلچىلەرنى قوبۇل قىپتۇ. سۇلتانقۇل تەكلىپنامىنى شاھقا سۇنۇپتۇ. مەھمۇد شاھ ئامراق قىزىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ جۇدالىقىدا ھەسرەت چېكىدىكەن، يىغلايدىكەن.

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالىرى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، قىزلىرىنىڭ دەردىدە كېچە - كۈندۈز غەم - ھەسرەت چېكىپ، مۇبارەك چىرايلىرىمۇ سارغىيىپ كەتتى. سەيلە - ساياھەت قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كەلگەنلىرى سالامەتلىكلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، شۇڭا بۇ تەكلىپنامىنى ئەۋەتكەن پادىشاھنىڭ يۇرتىغا بېرىپ كەلسىلە، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. مەھمۇد شاھ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆرۈپتۇ.

مەھمۇت شاھ يولغا چىقىپتۇ. مېھمانلار يول بويى مىسلىسىز ئىززەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىپتۇ. شاھ ئاخىر نۇرجامالنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. نۆكەرلەر كوچا - كوچىلاردا ھۆرمەت بىلەن تۇرۇپتۇ. مېھمانلار ئېسىل ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، ئارقىدىن زىياپەت باشلىنىپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، — دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ مەلىكە نۇرجامال زىياپەتتە يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ، — سىلىنىڭ قىزلىرى نۇرجامال بولىمەن. ئۆزلىرىدىن كۆپ ئەپۇ تىلەيمەن، ئۆز ۋاقتىدا مۇبارەك دىللىرىنى رەنجىتتىم. سىلى مېنى قوشۇپ قويغان ھېلىقى مېيىپ يىگىت ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، ئاندىن قالسا پېقىر قىزلىرىنىڭ ئاز - تولا سەۋەبكارلىقى بىلەن ئەسلىگە كېلىپ، ئاباتلىقىمىزنىڭ يېتەكچىسى بولۇۋاتىدۇ. مانا بۇ قەمەر شاھنىڭ قىزى دىلئارام بولىدۇ. بۇ قىز ھەكىم شاھنىڭ قىزى گۈلسارەم. مانا بۇ مېنىڭ قېينانام.

— ئاھ قىزىم، — دەپ ھوشىدىن كېتىپتۇ پادىشاھ. نۇرجامال دەرھال دادىسىنى يۆلەپتۇ. پادىشاھ بىرپەستىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ.

— مەرھەمەتلىك دادا، — دەپ يەنە سۆز باشلاپتۇ

نۇرجامال، — ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. خۇدا بىزنى مۇشۇنداق بەختلىك هالدا كۆرۈشۇشكە نېسىپ قىلدى. بىز ھەممىمىز ئۆزلىرىنى بەك سېغىندۇق، كېچە - كۈندۈز ياد قىلدۇق. دىدارلىرىغا مۇشەررەپ بولۇش ئارزۇسىدا پۈتۈن قان - تەرىمنى سەرپ قىلىپ: «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن ھېكمەتنىڭ ئەمەللىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ھۆرمەتلىك دادا، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا.

پادىشاھ قىزى نۇرجامالنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ، كۆڭلىدىكى قايغۇ - ھەسرەتلەر تامام كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى شاھ قىزىنى ۋە كۈيئوغلىنى چاقىرىپ دەپتۇ:

— بالىلىرىم، كۆڭلۈمنىڭ مەمنۇنلۇقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردا بەكمۇ ئازادە، خۇشال - خۇرام بىر ئاينى ئۆتكۈزدۈم، كۆڭلۈمنىڭ ئىنتىزارلىقى قاندى، سىلەرنى كۆرۈپ بىر ئۆمۈر خاتىرجەملىككە ئېرىشتىم. ئوردىنىڭ ئىشلىرى ئەمدى مېنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. ئېغىر كۆرمىسەڭلار، مېنى ئۇزىتىپ قويساڭلار.



— مەرھەمەتلىك دادا، — دەپتۇ نۇرجامال، — ئۆزلىرى بىلەن يەنە بىر مەسلىھەت قىلىشىدىغان ئىشىمىز بار. ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بەرگىنىمىزدەك، دىلئارام مەن بىلەن كەلدى، گۈلسارەم كۆيئوغۇللىرى بىلەن كەلدى. ئۈچ پادىشاھنىڭ ئامراق ئۈچ مەلىكىسى بىر يەرگە جەم بولدۇق. زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن شۇنداق بولدى. دىلئارامنى قوبۇل قىلىشتا پىقىرلىرى جانجىگەر ئاكامنى كۆزدە تۇتقانىدىم، چۈنكى، بىچارە ئاكام مېنىڭ جۇدالىقىمدا تا ھازىرغىچە نىكاھلانماپتۇ. گۈلسارەمنى بولسا، لەشكىري سەردارىمىز سۇلتانقۇلغا نىكاھلىساق. ئەگەر مېنىڭ توپۇمنى قايتا قىلىپ بېرىمەن دېگەن ئۈمىدلىرى بولسا، مۇشۇ تويلار بىلەن بىرلىكتە قىلساقمۇ بولىدۇ.

پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۆزى دەرھال قايتىپ، زۆرۈر تەييارلىقلارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

مەلىكە يۈز قېچىر زەر - جاۋاھىراتلار سوۋغا قىپتۇ، تۆت يۈز نۆكەرنى بىللە ماڭدۇرۇپتۇ. شاھ ئوردىسىغا يېتىپ كېلىپ دەرھال مۇلازىملارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ قىرىق كۈنلۈك توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىشىنى تاپىلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كاتتا توي مەرىكىسى باشلىنىپتۇ. نەغمە - ناۋا، داغدۇغىلار ئۇزۇلمەي قىرىق كۈن داۋاملىشىپتۇ. تويدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز جايلىرىغا يۈزلىنىپتۇ.

ۋاقتى - سائىتى يېتىپ مەلىكە نۇرجامال ئايئاق، بۇدرۇق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئۇنىڭغا «بەختى ئابات» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

ئاڭلىساق، شاھزادە بەختى ئابات ئاتا - ئانىسىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرۇپ، ئاتا - ئانىسى بەرپا قىلغان ئاباتلىقنى مىسلىسىز گۈللەندۈرۈپتۇ.

# بېلىقچى شامىدۇن

قەدىمكى زاماندا هامىدۇن، شامىدۇن دەپ ئاتا ـ بالا ئۆتكەنىكەن. هامىدۇن دادىسى، شامىدۇن بالىسى ئىكەن. هامىدۇن، ئايالى ۋە بالىسى شامىدۇن — ئۈچ جان ئادەم بىر ئائىلىدە ياشايدىكەن. ئاتا ـ بالا يىل بويى دەرياغا قارماق سېلىپ بېلىق تۇتۇپ، تۇتقان بېلىقلىرىنى سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيى دەرياغا يېقىن ئىكەن.

بىر كۈنى هامىدۇن ئوغلى شامىدۇننى ئەگەشتۈرۈپ دەرياغا بېرىپ، دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە قارماق سېپتۇ، بىردەمدىن كېيىن قارماققا بېلىق چۈشكەندەك بوپتۇ. ئۇلار قارماقنى تارتقانىكەن، يوغان بىر لەھەڭ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار لەھەڭنى دەريا قىرغىقىغا سۆرەپ ئەكەلگەن بولسىمۇ، قورۇقلۇققا ئاچىقالماپتۇ. هامىدۇن ئۆمرىدە بۇنداق چوڭ لەھەڭ تۇتۇپ باقمىغاچقا ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ـ دە، لەھەڭنى دەريا ئىچىدە پارچىلىۋالماقچى بوپتۇ، شامىدۇننى ئۆيگە پالتا ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. شامىدۇن ئۆيگە بېرىپ خېلى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ پالتىنى تاپالماي، يۈگۈرگەن پېتى هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— دادا، قانچە ئىزدىسەممۇ پالتىنى تاپالمىدىم، — دەپتۇ. هامىدۇن:

— ۋاي ھاڭقاينىڭ بالىسى، ئۇ پالتىنى ئۆينىڭ تورۇسىغا قىستۇرۇپ قويغان تۇرسام، ئۆينىڭ تورۇسىغا قارىمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. شامىدۇن:

— ئۆينىڭ تورۇسىغا قارىماپتىمەن، دادا. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ بەك ھېرىپ كەتتىم، ئۆزىڭىز بېرىپ ئەكەلسىڭىز، — دەپتۇ. ھامىدۇن:

— بوپتۇ، ئەمىسە قارماقنى چىڭ تۇت، ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمە، — دەپتۇ - دە، ئۆيدىن پالتا ئەكېلىشكە مېڭىپتۇ. لەھەڭ قانداق قىلارىنى بىلمەي شامىدۇنغا يالۋۇرۇپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ - دە، زۇۋانغا كېلىپ:

— ھەي يىگىت، مەن بېلىقلار پادىشاھى ئىدىم، بۇ يەرگە ساياھەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ سېنىڭ قارمىقىڭغا ئىلىنىپ قالدىم. رەھىم قىلىپ مېنى قويۇۋەتسەڭ، بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسەم. سەنمۇ ياش يىگىت ئىكەنسەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېشىڭغا كۈن چۈشكۈدەك بولسا ياردەم قىلاتتىم، — دەپتۇ. شامىدۇن:

— مېنىڭ سېنى قويۇۋەتكۈم بار ئىدى، لېكىن دادام بەكمۇ تەرسا ئادەم. مەن سېنى قويۇۋەتسەم، دادام مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ، — دەپتۇ. لەھەڭ:

— ئۇنداق بولسا، داداڭنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان: «ۋاي دادا، چاققان كېلىڭ، لەھەڭ سۆرەپ كەتكىلى تۇرىدۇ، كۈچۈم يەتمەيۋاتىدۇ» دەپ ۋارقىرايسەن، داداڭ يېقىن كەلگەندە: «ئاپلا، كۈچۈم يەتمىدى» دەيسەن - دە، مېنى قويۇۋېتىسەن. داداڭنىڭ نىيىتى بۇزۇلغۇدەك بولسا، ئۆزۈڭنى دەرياغا تاشلىغىن، مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن، — دەپتۇ. شامىدۇن لەھەڭنى قويۇۋېتىش نىيىتىگە كەپتۇ. دادىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا:

— ۋاي دادا، چاققان بولۇڭ، كۆچۈم يەتمەيۋاتىدۇ ! — دەپ ۋارقىراۋېرىپتۇ. دادىسى: «چىڭ تۇت، ھەرگىز قويۇۋەتمە» دېگىنىچە تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈپتۇ.

دادىسى يېقىن كەلگەندە، بالىسى:

— ئاپلا، كۈچۈم يەتمىدى، — دەپتۇ - دە، قارماقنى قويۇۋېتىپتۇ. ھامىدۇن:

— ھەي ئەبگار، ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ بۇنداق چوڭ بېلىق تۇتۇپ باقمىغان تۇرساق. ئۇ بېلىق بىلەن بىزنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىمىز ھەل بولاتتى ئەمەسمۇ؟ بىردەم بەرداشلىق بېرەلمەي قويۇۋەتكىنىڭ نېمىسى؟ — دېگىنىچە شامىدۇننى چاپماقچى بولۇپ پالتىنى ئېگىز كۆتۈرگەنىكەن، شامىدۇن شۇ ھامان ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. لەھەڭ شامىدۇننى قۇتقۇزۇشقا تەييار تۇرغانىكەن، ئۇ شامىدۇننى بىرلا دەم تارتىپ قورسىقىغا يوشۇرۇپتۇ - دە، دەريانىڭ ئېقىنىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

شامىدۇن لەھەڭنىڭ قورسىقىدا بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن:

— مېنى قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويساڭ، — دەپتۇ. لەھەڭ شامىدۇننى بىرلا پۈركۈپ قۇملۇققا چىقىرىپ قويۇپ:

— ئەي يىگىت، سەن مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ. قاچانكى بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ ھاياتىڭغا خەۋپ يەتسە، مۇشۇ جايغا كېلىپ: «لەھەڭ، مەن كەلدىم» دەپ ئۈچ قېتىم ۋارقىرىساڭ، مەن شۇ ھامان ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن - دە، ساڭا ياردەم قىلىمەن، — دەپتۇ. شامىدۇن: «بولىدۇ» دەپ لەھەڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئادەم بار بىرەر مەھەللىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ، ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر ئېدىرلىققا كېلىپ قاپتۇ. شامىدۇن ئېدىرلىقتا كېتىۋاتسا، ئورۇقلاپ جېنى ئاز

قالغان بىر قېرى تۆلكە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي يىگىت، ئاۋۇ ئوۋچى مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ مېنى ئاتماقچى. مېنىڭ ئۈچ كۈنلۈك بولغان بەش كۈچۈكۈم بار، مەن ئۆلسەم، بەش بالامۇ ناھەق ئۆلىدۇ. خۇدا ھەققى مېنى قۇتقۇزۇپ قالساڭ، — دەپتۇ. شامىدۇن قارىغۇدەك بولسا، راستىنلا بىر ئوۋچى ئۇ تۆلكىنى قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك. شامىدۇننىڭ تۆلكىگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئېدىرنىڭ دالدىسىغا مۆكتۈرۈپ قويۇپ ئوۋچىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە، ئۇنى توختىتىپ:

— ئەي ئوۋچى، سىز قوغلاپ كېلىۋاتقان تۆلكىنىڭ بەش بالىسى بار ئىكەن. ئۇنى ئۆلتۈرسىڭىز، بەش بالىسىمۇ ناھەق ئۆلىدىكەن. خۇدا ھەققى ئۇنى ئاتمىسىڭىز، سىزگىمۇ خۇدايىم باشقا يەردىن رىزقى ئاتا قىلار، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئوۋچى تەسىرلىنىپ، تۆلكىنى ئېتىش نىيىتىدىن يېنىپ كېتىپ قاپتۇ. تۆلكە شامىدۇننىڭ ئايىغىدا كۈچۈكلىنىپ:

— ئەي يىگىت، سەن ئالتە جاننى قۇتقۇلدۇرۇپ قالدىڭ، ساڭا قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، قانداق قىيىنچىلىقىڭ بولسا ئېيت، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي، — دەپتۇ. شامىدۇن:

— مېنىڭ ھازىرچە ساڭا ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. مەنمۇ ئۆز يولۇمغا ماڭاي، سەنمۇ باللىرىڭنىڭ قېشىغا بارغىن، — دەپتۇ. تۆلكە بەدىنىدىن ئازراق تۈكنى يۇلۇۋېلىپ شامىدۇنغا بېرىۋېتىپ:

— ئەي يىگىت، بۇ تۈكۈمنى ساڭا بېرەي، قاچانكى بېشىڭغا كۈن چۈشسە، مۇشۇ تۈكنى كۆيدۈرسەڭ، مەن شۇ ھامان قېشىڭدا پەيدا بولۇپ ساڭا ياردەم قىلىمەن. بۇ تۈكنى ھەرگىزمۇ يىتتۈرۈپ قويما، — دەپتۇ. شامىدۇن تۆلكىنىڭ

تۈكىنى يانچۇقىغا سېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

شامىدۇن يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، ئېدىر-لىقتىن ئۆتۈپ بۈك-باراقسان بىر ئورمانلىققا كەپتۇ-دە، ئەپلىك بىر جايىنى تېپىپ بىر كېچە تۈنەپتۇ. ئەتىسى سەھەر-دە يولىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، بىر ئەجدىھا يوغان بىر چىنارغا يامىشىپ چىقىۋاتقۇدەك، چىنار ئۈستىدىكى ئۇۋىدا سۈرمە قۇشنىڭ ئىككى بالىسى چۇرقىرىشىپ زارلىنىۋاتقۇدەك. شامىدۇننىڭ سۈرمە قۇشنىڭ بالىلىرىغا ئىچى ئاغرىپتۇ-دە،



دەرھال دەرەخ شاخلىرىدىن ئوقيا ياساپ، قاتتىق ياغاچلارنى ئۇچلاپ ئوق ياساپ ئەجدىھاغا كەينى ـ كەينىدىن بىرقانچە تال ئوق ئۈزگەنىكەن، ئەجدىھا شۇ ھامان يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. پۈتۈن ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان سۇرمە قۇش باللىرى خۇشاللىقىدا شا ـ مىدۇننى ئۆز ئۇۋىسىغا تەكلىپ قىپتۇ. شامىدۇن قۇش باللىـ ـرىنىڭ ئۇۋىسىغا چىقىپتۇ. قۇش باللىرى:

— ئەي يىگىت، سىز بىزنىڭ ھاياتىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز. ئاتا ـ ئانىمىز ئوۋدىن قايتىپ كەلسە، سىزدىن كۆپ خۇش بولىدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگۈچە قانىتىمىزنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ. شامىدۇن ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ بىر قۇش بوران چىقىرىپ بالىسىنىڭ قانىتىنىڭ ئاستىغا كىرگەنىكەن، كۆرۈنمەيلا قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ھاۋا گۈلدۈرلەپتۇ، ئىككى سۇرمە قۇش بوران چىقىـ ـرىپ يېتىپ كەپتۇ ـ دە، ئەجدىھانىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپتۇ. با ـ لىلىرىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى قىزغىن قارشى ئالماي جىمجىتلا يېتىشىپتۇ. سۇرمە قۇش ھەيران بولۇپ:

— ئېيتىڭلارچۇ، باللىرىم، ئەجدىھا قانداق بولۇپ ئۆلدى؟ سىلەر نېمە ئۈچۈن جىمجىتلا ياتىسىلەر؟ زادى نېمە ئىش بولدى، دېسەڭلارچۇ؟ — دەپتۇ. قۇش باللىرى:

— ئەي ئاتا ـ ئانا، ياخشىلىققا ياخشىلىقمۇ ياكى ياخشى ـ لىققا يامانلىقمۇ؟ — دەپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭلار، باللىرىم، ئەلۋەتتە ياخشىلىققا ياخشىلىق، — دەپتۇ. قۇش باللىرى:

— ئۇنداق بولسا، ئەجدىھانى بىر يىگىت ئۆلتۈرۈپ بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسسىز، — دەپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى:

— قېنى ئۇ يىگىت؟ بىز ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىمىز،

هاجىتى بولسا ھاجىتىدىن چىقىمىز، — دەپتۇ. قۇش باللىرى قانىتى ئاستىدىن شامدۇننى چىقىرىپتۇ. ئاتا - ئانا سۇرمە قۇشلار شامدۇننى كۆرۈپلا:

— ئەي يىگىت، سىز ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ئىككى بالىمىزنى، ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز. بۇرۇنقى يىللاردا ھەر قېتىم باللىرىمىز ئۇچۇرما بولغاندا ئەجدىھا يەپ كېتەتتى. سىزگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالدۇق. قانداق قىيىنچىلىقىڭىز بولسا دەڭ، بىز سىزگە ياردەم قىلايلى، — دەپتۇ. شامدۇن:

— سىلەرمۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدىڭلار، مېنىڭ ھازىر ھېچقانداق قىيىنچىلىقىم يوق، مەنمۇ يولۇمغا مېڭىۋالاي، — دەپتۇ.

سۇرمە قۇشلار بىر تالدىن پېيىنى شامدۇنغا بېرىپتىپ:

— ئەي يىگىت، بۇ پەينى ئېلىۋېلىڭ، ئەسقېتىپ قالىدۇ. قاچانكى بېشىڭىزغا بىرەر مۇشكۇلچىلىك چۈشسە، مۇشۇ پەينى كۆيدۈرسىڭىز، شۇ ھامان سىزنىڭ قېشىڭىزدا ھازىر بولىمىز، — دەپتۇ.

شامدۇن پەينى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، داغدام چوڭ يولغا چىقىپتۇ. چوڭ يول بىلەن بىر مەھەل ماڭغاندىن كېيىن بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شامدۇن كوچا ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر جايدا نەچچە ئون مىڭ كىشىنىڭ توپلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ روھى چۈشكۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شامدۇن ئۇ يەردە زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، بىر بوۋاينى چەتكە تارتىپ:

— ئەي بوۋا، بۇ يەردە زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي شامدۇنغا بىر قارىۋېتىپ:

— بالام، سەن بۇ شەھەردىن ئەمەس ئوخشايسەن. شەھەر پادىشاھىنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ئاجايىپ گۈزەل بىر ساھىبجامال مەلىكىسى بار. ئۇ مەلىكە ياتلىق بولۇش ئۈچۈن شەرت قويغان. ھازىرغىچە تالاي يىگىتلەر مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالماي باشلىرىدىن ئايرىلدى. بۈگۈنمۇ ئىككى يىگىتنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىندى. بىز ئاشۇ ئىشلارنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن، — دەپتۇ. شامىدۇن:

— ئېيتىڭچۇ، بوۋا، ئۇ مەلىكە زادى قانداق شەرت قويغان؟ — دەپتۇ. بوۋاي:

— مەلىكە بىلەن توي قىلماقچى بولغان يىگىت مەلىكىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئۆزى خالىغان يەرگە يوشۇرۇنۇشى لازىم. ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۈچىنچى كۈنى شۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، مەلىكە ئېگىز راۋاققا چىقىپ جاھان ئەينىكى بىلەن يوشۇرۇنغان يىگىتنى ئىزدەيدۇ، تېپىۋالسا، بېشىنى ئالىدۇ، تاپالمىسا، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئۆتىدۇ. ھازىرغىچە ئۇ شەرتنى ئورۇندىغان بىرەرمۇ يىگىت چىقمىدى، — دەپتۇ.

شامىدۇن تەلەي سىناپ باقماقچى بولۇپ ئۇتتۇر مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. مەلىكە شامىدۇننىڭ يوشۇرۇنۇشىغا ئىجازەت بېرىپ، ئۈچىنچى كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا ئېگىز راۋاققا چىقىپ جاھان ئەينىكى بىلەن قارايدىغانلىقىنى، شامىدۇننى تېپىۋالالىسا، كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى، تاپالمىسا، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئۆتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شامىدۇن مەلىكىنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقىپ قەيەرگە يوشۇرۇنۇشنى بىر ھازا ئويلىغاندىن كېيىن ئاخىر لەھەڭ ئېسىگە كېپتۇ ـ دە، بىر كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ دەريا بويىغا كېلىپ:

— ھەي لەھەڭ، مەن كەلدىم، — دەپ ئۈچ قېتىم

توۋلىغانىكەن، لەھەڭ سۇنىڭ ئىچىدىن بېشىنى چىقىرىپ:
— بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشتى؟ دەرھال دېگىن، سېنى
قۇتقۇزۇشقا مەن تەييار، — دەپتۇ. شامىدۇن بارلىق ئىشلارنى
لەھەڭگە ئېيتىپ بېرىپتۇ. لەھەڭ بىرلا دەم تارتىپ شامىدۇن-
نى قورسىقىغا سولاپتۇ - دە، بارلىق بېلىقلارغا ئەمر قىلىپ،
دەريا سۈيىنى ئۇماچتەك لېيىتقۇزۇپتۇ، ئۆزى بولسا دەريانىڭ
ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ.

شامىدۇننىڭ يوشۇرۇنۇش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن مەلى-
كە ئېگىز راۋاقتا چىقىپ جاھان ئەينىكى بىلەن قارىغانىكەن،
شامىدۇننى كۆرەلمەپتۇ، ئىككىنچى قېتىم كۆزەتكەنىكەن، يە-
نىلا كۆرەلمەپتۇ. مەلىكە سەل جىددىيلىشىپتۇ، ئۈچىنچى قې-
تىم قارىغانىكەن، شامىدۇننىڭ ئىككى كۈنلۈك نېرىدىكى بىر
دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىدە ياتقان بىر لەھەڭنىڭ قورسىقىدا
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە بىرقانچە لەشكەرنى شامىدۇننى
باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. لەشكەرلەر شامىدۇن يوشۇرۇن-
غان دەرياغا بېرىپ:

— ھەي شامىدۇن، مەلىكە سېنى كۆرۈپ قالدى. سەن
ھازىر بىر لەھەڭنىڭ قارنىدا ياتىسەن. دەرھال چىق، — دەپ-
تىكەن، شامىدۇن لەھەڭگە قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويۇشنى
ئېيتىپتۇ. لەھەڭ بىرقانچە يىلغىچە قورسىقىدىن چىقارماي
بېقىشقا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، شامىدۇن:

— مەلىكە مېنى كۆرۈپ قاپتۇ. كۆرۈپ قالغانلىقىنى بى-
لىپ تۇرۇپ بارمىسام نامەردلىك بولىدۇ. بېشىم كەتسىمۇ بې-
رىشىم كېرەك، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لەھەڭ نائىلاج شامىدۇننى
قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويۇپتۇ. شامىدۇن مەلىكىنىڭ ئالدىغا
كەلگەندە، ئۇنىڭ بېشىنى ئالماقچى بوپتۇ، لېكىن پادىشاھ ئا-
رىغا چۈشۈپ:

— قىزىم، ھازىرغىچە تالاي يىگىتلەر ئادەتتىكى جايلارغا مۆكۈنۈپ باشلىرىدىن ئايرىلدى. بۇ يىگىتنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ناھەق ئۆلۈپ كەتمىسە، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنۇشقا ئىجازەت بەرسەڭ، — دەپتۇ. مەلىكە شاھ دادىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن شامىدۇنغا يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنۇش پۇرسىتى بېرىپتۇ.

شامىدۇن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر سۇرمە قۇشنى



ئېسىگە ئاپتۇ - دە، خالىي بىر جايغا بېرىپ قۇشلارنىڭ پېي-يىنى كۈيدۈرگەنىكەن، شۇ ھامان ئىككى سۇرمە قۇش غارقىراپ ئۇچقان پېتى شامىدۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ چۇشۇپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، بېشىڭغا قانداق كۈن چۇشتى، دەرھال دېگىن، — دەپتۇ. شامىدۇن پۈتۈن ئەھۋالنى ئىككى سۇرمە قۇشقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. سۇرمە قۇشلار:

— ئۇنداق بولسا، سەن بىزنىڭ ئۇستىمىزگە مىنگىن، بىز سېنى نۆۋەت بىلەن كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ يەتتە قات ئاسمان-نىڭ ئۇستىگە ئاچىقىپ كېتىمىز، — دەپتۇ. شامىدۇن سۇر-مە قۇشقا مىنىپتۇ. قۇشلار شامىدۇننى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۇستىگە ئاچىقىپ كېتىپتۇ.

ۋاقتى - قەرەلى توشقاندا، مەلىكە ئېگىز راۋاقتا چىقىپ جاھان ئەينىكى بىلەن شامىدۇننى ئىزدەشكە باشلاپتۇ، تاغ - ئۆڭكۈرلەرگە قاراپتۇ، دەريا، دېڭىز - ئوكيانلارغا قاراپتۇ، تا-پالماپتۇ، چۆل - جەزىرە، ئورمانلىقلارغا قاراپتۇ، تاپالماپتۇ، ئاخىر ئاسمانغا قارىسا، شامىدۇننىڭ يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىدە، سۇرمە قۇشنىڭ ئۇستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، پادىشاھقا:

— ئەي شاھ دادا، ئۇ يىگىت يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرى-دە بىر سۇرمە قۇشنىڭ ئۇستىدە تۇرىدۇ. ئۇنى قانداق تۇتقىلى بولىدۇ؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:

— غەم قىلما، قىزىم، شىمال تەرەپتىكى تاغنىڭ باغرىدا سۇرمە قۇش سۇ ئىچىدىغان بىر بۇلاق بار. سۇرمە قۇشلار ھامان شۇ بۇلاقتا سۇ ئىچكىلى چۇشىدۇ. بىرقانچە لەشكەر بۇلاق بويىدا ماراپ ياتسا ئۇنى تۇتۇپ كېلەلەيدۇ، — دەپتۇ - دە، شۇ ھامان تۆت لەشكەرنى بۇلاق بويىغا ماڭدۇرۇپتۇ. تۆت لەشكەر بۇلاق بويىغا بېرىپ، ئورمانلىقتا يوشۇرۇنۇپ ئول-

تورۇپتۇ. ئەتىسى كۈن چۈش بولغاندا سۇرمە قۇشلار شامدۇننى مىندۇرۇپ، بۇلاققا سۇ ئىچىشكە چۈشۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا تۆت لەشكەر:

— ھەي شامدۇن، مەلىكە سىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىدە ئاشۇ سۇرمە قۇشنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىڭنى كۆرۈپتۇ. بىز ساڭا خەۋەر قىلغىلى كەلدۇق، — دەپتۇ. ئىككى سۇرمە قۇش شامدۇننى ئېلىپ قېچىپ ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، شامدۇن:

— مەلىكە مېنى كۆرۈپ قالغانىكەن، بېرىشىم كېرەك. نامەردلىك قىلىپ قېچىپ كەتكەندىن كۆرە، مەردلىك بىلەن ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپتۇ ۋە قۇش بىلەن خوشلىشىپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مەلىكە جاللاتلارنى شامدۇننىڭ بېشىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىشقا تەييارلانغاندا، خانىش ئالدىغا كىرىپ:

— قىزىم، بۇ دۇنيادا ئۇ يىگىتتەك چېچەن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان يەنە بىر يىگىت چىقماس. ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇشىدىن قارىغاندا، قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئانىلىق ھۆرمىتىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنۇش پۇرسىتى بەرسەڭ، — دەپتۇ. مەلىكە:

— بولىدۇ، ئانا، سىزنىڭ ئانىلىق ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنۇش پۇرسىتى بېرەي، — دەپتۇ. شامدۇن جازا مەيداندىن قايتىپ كېلىپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن ھېلىقى تۈلكە ئېسىگە كەپتۇ - دە، يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانلىققا بېرىپ تۈلكىنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرۈپتۇ. بىردەمدىن كېيىن تۈلكە بەش بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ شامدۇننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشتى، دەرھال

دېگىن، — دەپتۇ. شامىدۇن بارلىق ئىشلارنى تۈلكىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. تۈلكە:

— ئۇنداق بولسا، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن. مەن سېنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي، — دەپتۇ ۋە بەش بالىسى بىلەن يەرنى كولاپ كىرىپ كېتىپتۇ، ئەتىسى كەچ بولغۇچە قايتىپ چىقماپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى مەلىكىنىڭ راۋاقتا چىقىپ قارايدىغان ۋاقتى بولۇپ قالاي دەپتۇ، تۈلكە يەنىلا چىقماپتۇ. شامىدۇن مەن تۈلكىگە ئالدىنىپتىمەن، دەپ تىت - تىت بولۇپ تۇرغاندا، تۈلكە بەش بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپتۇ - دە:

— يىگىت، ئىش پۈتتى. مۇشۇ تۆشۈك بىلەن ماڭساڭ مەلىكە تۇرغان راۋاقتا چىقىسەن. راۋاقتا چىقىدىغان تۆشۈككە بىر گۈل تەشتىكى قويۇپ قويدۇم. ئاشۇ گۈل تەشتىكىنىڭ تۆشۈكىدىن مەلىكىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرالايسەن ھەم شۇ يەردە تۇرساڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن، — دەپتۇ. شامىدۇن يەر ئاستى يولى بىلەن مېڭىپ، راست دېگەندەك، راۋاقتىكى گۈل تەشتىكىنىڭ ئاستىغا كېلىپ قاپتۇ. ۋاقتىمۇ توشۇپتۇ. مەلىكە راۋاقتا چىقىپ جاھان ئەينىكى بىلەن پۈتۈن جاھاننى، يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىنى، يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىنى بىرقانچە قېتىمدىن تەكشۈرۈپمۇ شامىدۇننى كۆرەلمەپتۇ. مەلىكىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىنى شامىدۇن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە شامىدۇننى تاپالمىغاندىن كېيىن:

— مەن شامىدۇننى ئىزدەپ تاپالمىدىم، ئۇ ھەرقانداق جايدا بولسا قايتىپ كېلىپ، مېنى ئۆز ئەمرىگە ئالسا بولىدۇ، — دەپ خەلقئالەمگە جاكار قىپتۇ. شامىدۇن شۇ ھامان گۈل تەشتىكىنى ئۆرۈۋېتىپ راۋاقتا چىقىپتۇ.



— مانا مەن كەلدىم، خۇدايىم سىزنى ماڭا نىسىپ قىپتۇ، — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئاپلا، «چىراغ تۇۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك، مەن تاپ-ىنىمنىڭ ئاستىغا قارىماپتىمەن ئەمەسمۇ. خۇدايىم مىنى سىزگە بۇيرۇپتۇ. ئەسلىدە پېشانىمىزگىمۇ مۇشۇنداق پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

مەيداندىكى نەچچە تۈمەن ئادەم تەبرىكلىشىپتۇ. پادىشاھ ۋە خانىش ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپتۇ.

پادىشاھ بىرنەچچە كۈنلۈك توي تەييارلىقىدىن كېيىن، قىرىق كېچە - كۈندۈز كاتتا توي - مەرىكە ئۆتكۈزۈپ مەل-كىنى شامىدۇنغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، شامىدۇن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مە-لىكە بىلەن بەختلىك ياشاپ ئۆتكەنىكەن.

# سەنگۇ سۇلاتاش

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئارىلىقىدا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئۇ يۇرتنىڭ بىر شەھىرىدە بىر بوۋايغا يالغۇز قىز نەۋرىسى ھەمراھ بولۇپ ياشايدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بوۋاينىڭ قىزى ئوقۇش يېشىغا يېتىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوۋاي قىزىغا:

— قىزىم، سەن موللىغا بارغۇدەك بولۇپ قالدىڭ. موللىغا ئاپىرىپ قوياي، تەلىم ئالغىن، — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قىز خۇشاللىقىدىن چاچلىرىنى تال - تال ئۆرۈپ، موللىغا بېرىشقا تەييارلىنىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار موللىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. موللام ئۇلارنى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈتۈپ، قىزنى ئېلىپ قېلىپ، بوۋاينى يولغا سېپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى قىز ئۆزى يالغۇز موللىغا بېرىپتۇ. موللام ئۇنى:

— كەل، تەلەيكەش بىدىماق، مەيەردە ئولتۇر، — دەپ ئىشكىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، باشقا بالىلارنى بولسا، — كېلىڭلار، باللىرىم، تۆرگە چىقىڭلار، — دەپ ئىززەتلەپتۇ. بۇ ئال قىزغا ئار كېلىپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ قىز موللىسىنىڭ ئۆي، ھويلا - ئاراملى-

-رىنى سۇپۇرۇپ، سۇ چېچىپ تىنىم تاپماي ئىشلەپتۇ، لېكىن موللىسى مۇئامىلىسىنى ھېچ ئۆزگەرتمەپتۇ. قىز يەنىلا كۈن-دىكىدەك ئىشىكنىڭ كەينىدىن بېرى كېلەلمەپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قىزنىڭ موللىغا بېرىش رايى يېنىپتۇ. قىز بىر كۈنى بوۋىسىدىن:

— بوۋا، مەن موللىغا بارمىسام، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

بوۋاي قىزنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ:

— قىزىم، موللىغا نېمىدەپ بارمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بوۋا، موللام باشقا بالىلار كەلسە: «كەل، بالام» دەپ تۆرگە چىقىرىپ قويىدۇ، مەن بارسام: «كەل، تەلەيكەش بىدى-ماق، ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆت!» دەپ ئىشىكنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ قىز.

قىزنىڭ كۆز ياشلىرىدىن بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ، لېكىن موللىغا گۇناھ ئارتقۇسى كەلمەي:

— قىزىم، بۈگۈن موللىغا بارغىن، بېرىپ موللاڭدىن دۇئا ئېلىپ كەلگىن، — دەپ يولغا ساپتۇ. ئۆزى قىزنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئەھۋالنىڭ قىز ئېيتقاندەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بوپتۇ، قىزنى بۇ موللىدىن باشقا بىر موللىغا بېرىپ ئوقۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ، قاي-تىپ كېلىپ، قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. قىز كەچتە قاي-تىپ كەلگەندە:

— قىزىم، سەن ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرمىساڭ بولماي-دۇ. سېنى باشقا بىر شەھەرگە ئاپىرىپ ئوقۇتاي، — دەپ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئېيتىپتۇ. قىز پەقەت بوۋىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا باشقا موللىغا بېرىپ ئوقۇشقا قوشۇلۇپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ يول تەييارلىقى قىلىپ، بىر تۆگىگە يېمەك - ئىچمەك ئارتىپ، بىر تۆگىگە مىنىپ سەپەرگە

چىقىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. شۇنداق يۈرۈپ، بىر ئاي بىر ھەپتە ئۈچ كۈن يول يۈرگەندە، يول ئۈستىدە چوڭ بىر ساراي ئۇچراپتۇ. ئۇ سارايىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك، ساراي ئىچىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەرخىل - ھەر رەڭدىكى گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ ئەتراپىنى بىر ئالغان، ھەر خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان. قىز بۇ ھالدىن ھەيرانۇ ھەس بوپتۇ - دە، گۈلگە مېھرى باغلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ گۈل ئۈزۈۋېلىش ئىشتىياقى قوزغىلىپ، بوۋىسىغا يېلىنىپ:

— بوۋا، شۇ گۈللەردىن بىر تال ئۈزۈۋالسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— بولمايدۇ، كىشىنىڭ سارىيىدىكى گۈلنى ئۈزسەڭ، ئىگىسى كۆرسە خاپا بولىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي. قىز بوۋىسىغا تېخىمۇ يالۋۇرۇپ:



— بوۋا، بىر تالىلا ئۈزۈۋالسام بولىدى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

بوۋاي قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ:

— بوپتۇ، ئۈزۈۋالغىن، — دەپتۇ. قىز خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ ساراي ئىچىگە كىرىپتۇ. ئەتراپقا قارىسا ئادەمزات كۆرۈنمىگۈدەك. ئۇ

گۈللەرگە قاراپ بىرھازا تۇرۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا بوۋىسىنىڭ:

— قىزىم، تېز بولغىن ! — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئېسىنى يىغىپتۇ. ئاندىن گۈلنى ئۈزمەكچى بولۇپ گۈلگە قول ئۇزىتىپتۇ، گۈلنىڭ چىرايلىقلىقى بىر تەرەپتىن قىزنىڭ گۈل ئۈزۈش ھەۋىسىنى باسقاندەك قىپتۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن گۈلنى ئۈزمەي كېتىشكە كۆڭلى قىيماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن گۈلدىن بىر تال ئۈزۈپتۇ، ئەمما قانائەت ھاسىل قىلماپتۇ، شۇڭا ئارقا - ئارقىدىن يەنە بىرنەچچە تال گۈل ئۈزۈپتۇ. شۇ چاغدا سارايىنىڭ دەرۋازىسى «غارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېتىلىپ قاپتۇ. ساراي تېمى تېخىمۇ ئېگىزلەپ، ئۈستىگە كۆز يەتكۈسىز ھالغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن قىزنى ۋەھىمە بېسىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپتۇ. قىز كېلىپ دەرۋازىنى ئىتتىرىپ بېقىپتۇ، ئۇرۇپ بېقىپتۇ، ھېچبىر تەۋرەنمەي تۇرغۇدەك، ئاخىر زار - زار يىغلاپ - قاقشاپتۇ. بوۋايمۇ سىرتتا تۇرۇپ دەرۋازىنى ئىتتىرىپتۇ، قېقىپتۇ، ھېچبىر ئۈمىد بولمىغاچقا قىزىغا قوشۇلۇپ خۇدادىن ئىلتىپات تىلەپ زار - زار يىغلاشقا باشلاپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يىغا - زار، داد - پەريادلىرى ھېچبىر جاۋابقا مۇيەسسەر بولالماي ئارىدىن بىر ھەپتە ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ:

— خوش، قىزىم، گۈلنى ئۈزمىگىن دېسەم ئۇنىمىدىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ. پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم، قىيامەتتە كۆرۈشەرمىز، — دەپ زار - زار يىغلاپ، قان يۇتۇپ، قىزى بىلەن خوشلىشىپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە يول ئاپتۇ. بوۋاي ئۆز يولىغا مېڭىپ تۇرسۇن.

قىز بوۋىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە بىر ھەپتە ئۈچ كۈن يىغلاپ كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتۇپتۇ، دەرۋازىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ساراي ئىچىگە قاراپ بىر ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قىز ئىشىك تەرەپكە مېڭىپتۇ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي پەرۋەردىگارىم، ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، — دەپ كۆزىنى يۇمۇپ بىر ئۆينىڭ بوسۇغا ئىچىگە پۇتىنى سايتۇ. كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ تۆرىدە تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە پاقلاندەك چوڭلۇقتىكى بىر مۈشۈك كۆزلىرىنى مۈلايىملىق بىلەن يېرىم ئېچىپ سوزۇلۇپ ياتقۇدەك. قىز مۈشۈككە يېقىن كېلىپ:

— يارەھمان، سەنمۇ خۇدانىڭ بىر جانىۋىرى، — دەپ مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىنى بىر سىلىغانىكەن، مۈشۈك ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا «شاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر چاڭگال ئاچقۇچ كۆرپە ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتۇ. مۈشۈك ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

قىز ئاچقۇچلارنى قولىغا ئېلىپ ساناپ كۆرسە، ئوشۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس دەلمۇدەل قىرىق بىر تال ئالتۇن ئاچقۇچ ئىكەن. قىز ئاچقۇچنى تۇتقىنىچە ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپتۇ. شۇ چاغدا قىز غەربىي تامدىكى ئالتۇن قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىكنى كۆرۈپتۇ. قىز بېرىپ قۇلۇپقا بىرىنچى ئاچقۇچنى سالغانىكەن، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئايهاي! ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى خۇددى ئالتۇن - كۈمۈش، ئاۋار - دۇردۇن، ئۈنچە - مەرۋايىت، لەئەل - ياقۇت كانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندەكلا تۇيۇلۇپتۇ. قىز ئۇ نەرسىلەردىن كۆز ئۈزۈپ ئالدىغا قارىغانىكەن، يەنە بىر قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىكنى كۆرۈپتۇ. قىز قۇلۇپقا يەنە بىر ئاچقۇچنى

سالغانىكەن، ئىشىك يەنە ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى قىز ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىكەن. بۇ ئۆيدىكى بايلىقلار بىرىنچى ئۆيدىكى بايلىقلارنىڭ جەۋھىرى يىغىلغاندەكلا ئېسىل ئىكەن. قىز بۇلاردىنمۇ كۆز ئۈزۈپ يەنە بىر قۇلۇپنى كۆرۈپتۇ. قىز بۇ قۇلۇپقىمۇ ئاچقۇچ سېپتۇ، ئۈچىنچى ئىشىكمۇ ئېچىلىپتۇ... شۇنداق قىلىپ، قىز قولىدىكى قىرىق بىر تال ئاچقۇچ بىلەن قىرىق بىر ئىشىكنى ئېچىپ، ئەڭ ئاخىردا تاملىرىغا ھەر رەڭ - ھەر خىل نۇسخىدىكى



گىلەملەر تارتىلغان، پادىشاھلارنىڭ خاس ھۇجرىسىدەك جاب-
دۇلغان ئازادە بىر ئۆيگە چىقىپ قاپتۇ. قىز قارىغۇدەك بول-
سا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا نەچچە قات ماموق كۆرپە ئۈستىدە
ياتقان بىر يىگىتنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ چىرايى ئون تۆت
كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق ھەم سۈزۈك، قاش - كىرپىك-
لىرى قىياقتەك، بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتقان، سەرۋى
قامەتلىك بىر يىگىت ئىكەن. قىز يىگىتنى بىر كۆرۈپلا:
«ئاھ !» دەپ ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە چىڭ بېسىپ، يى-
گىتنىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ
قاپتۇ. شۇ ئولتۇرغانچە بىر ھەپتە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئول-
تۇرۇپتۇ. ئاخىر يىگىتنىڭ ئاستىغا سېلىنغان ماموق كۆرپە
قىزنىڭ تىزىغا پېتىپ ئاغرىغاندىلا ئېسىگە كېلىپ، ھەيران
بولۇپ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، يىگىتنىڭ ياستۇقى ئاستى-
دىكى تۇمارنى كۆرۈپتۇ. ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، تۇمارغا:
«يىگىتنى قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز يەلپۈسە ئويغىنىدۇ،
كىمدەكىم ئويغاتسا، يىگىت شۇنىڭ بولىدۇ !» دەپ پۈتۈلگەنى-
كەن. قىز: «ئۆز ئايىغىم بىلەن بۇ يەرگە كەلگىنىمگە قارى-
غاندا خۇدا مېنىڭ پېشانەمگە مۇشۇنى پۈتكەن ئوخشايدۇ» دەپ-
تۇ - دە، يىگىتنىڭ بېشىدىكى قۇش قانىتىدىن ياسالغان
يەلپۈگۈچنى ئېلىپ يىگىتنى يەلپۈشكە باشلاپتۇ. يەلپۈگەنىدى-
مۇ بەش ھەپتە بەش كېچە - كۈندۈز يەلپۈپتۇ. شۇ كۈنى قىز
يىگىتنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ
كېتىپتۇ. قىز ئۈستۈبېشىنىڭ مەينەتلىشىپ، چاچلىرىنىڭ
چۇۋۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئادەم سىياقىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى
كۆرۈپ، مېنى بۇ ھالدا كۆرسە ئالۋاستىمۇ قورقۇپ كېتەمدۇ،
ياردەملىشىدىغان بىرەرى بولغان بولسا ئۈستۈبېشىمدىكى كىر -
قاتلىرىمنى ئادالىۋەتكەن بولسام بولاتتى، دەپ ئويلاپ سىرتقا

قاراپ مېڭىپتۇ. ھويلىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، تامغا يۆلەپ قويۇلغان شوتا تۇرغۇدەك. قىز شوتا ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىغانىكەن، سارايىنىڭ كەينىدە توققۇز ئوغرى بىر ئايالنى «مەن ئالىمەن!» دېسە، «مەن ئالىمەن!» دەپ بىر - بىرى بىلەن تارتىشىۋاتقانلىقىنى، ئايالنىڭ ئوغرىلارنىڭ قولىدا پارە - پارە بولۇپ كېتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالغا ئىچى ئاغرىپ:

— ھەي ئاكىلار، بۇ بىچارە ئايالنى مۇشۇنداق تالاشسائىڭلار ھېچقايسىڭلار ئالالماي ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ قۇرۇق قول قالىسىلەر، ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا ئوتتۇز تەڭگە سېتىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ. قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئوغرىلار بىكاردىن كېلىدىغان ئوتتۇز تەڭگىنى ئېلىشقا ئالدىراپ، تېزلا ماقۇل بوپتۇ. قىز ئۆگزىدىن چېچىنى تاشلاپ ئايالنى تارتىپ چىقىرىۋېلىپ، ئوغرىلارغا ئوتتۇز تەڭگىنى تاشلاپ بېرىپتۇ.

قىز ئايالنى يىگىت ياتقان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ:

— سىز ھازىرچە بۇ يىگىتنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئۇستۇپىشىمنى تازىلىۋالاي، — دەپ ئايالغا جېكىلەپ ئېيتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. قىز تازىلىق قىلىپ ئولتۇرۇپ قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلىمىغاچقا، قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەمدى قىز ئۇخلاپ تۇرسۇن، گەپنى ئايالدىن ئاڭلايلى:

قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئايال ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا خۇش بولۇپ، ئۆيدىن سىرتقا چىقماي يىگىتنى يەلپۈپتۇ، كەچ كىرىپتۇ، يەنە يەلپۈپتۇ... بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتقان چاغدا يىگىت: «ئۇھ! ئەجەبمۇ ئۇخلاپتىمەنغۇ» دەپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. بېشىدا ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان بىر ئايالنى كۆرۈپ، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ

ئۇ ئايالنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ ئەر - خوتۇن بولۇپ كېتىپتۇ...

بىر ھەپتە ئۈچ كۈندىن كېيىن قىز ئويغىنىپ ھۇجرىغا كىرىپ، يىگىت بىلەن ئايالنىڭ ئاللىبۇرۇن بىر ياستۇققا باش قويۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە: «ئاھ! ھەممە دەرد - ئەلەم ماڭىلا كېلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يىگىت بىلەن ئايال خوجايىن، قىز غالچا بولۇپ ياشاپتۇ. ئايال قىزنى خورلاپ، تىللاپ يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا تىنىم تاپ-تۇرماي ماڭدۇرۇپ، «ئۇھ» دېگۈچىلىك ھالىنى قويماپتۇ. قىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، غىڭ قىلماي ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋېرىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىگىت يىراق بىر شەھەرگە سودىغا بېرىشقا تەييارلىنىپتۇ. ئايال بۇنى ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ ئۆيدىكى بايلىق، زىبۇزىننەتلەرگە ئىگە بولغان-لىقىغا قانائەتلەنمەي، يىگىتكە يەنە نۇرغۇنلىغان مال - دۇنيا، زىبۇزىننەت ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. قىزغا بولسا پالانى نەرسىنى ئالغاچ كەلگىن دېيىشنى ھېچبىر يادىغا كەلتۈرمەپتۇ.

بۇ ھالنى كۆرۈپ قىز ۋاپاغا جاپا دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغاندا، يىگىت:

— ساڭا نېمە ئالغاچ كېلىمەن؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

— خوش، تەقسىر، مېنىڭ ھەممە نەرسەم تولۇق، — دەپتۇ قىز بىرئاز تىترەپ، — مۇمكىن بولسا بىر سەنگۇسۇلا تاش ئالغاچ كەلسىلە، — دەپتۇ. يىگىت ماقۇللۇقىنى بىلدۇ-رۈپ، سودىسىغا مېڭىپتۇ.

يىگىت سودا قىلىدىغان شەھەرگە يېتىپ بېرىپ بىر ھەپتە ئۈچ كۈن ئايلىنىپ ھەممە سودىسىنى قىلىپ بولۇپ، يەنىلا بىرەرنەرسىسى كەم قالغاندەك ھېس قىپتۇ، ئاخىر قىزغا ئالىدىغان مالنى تېخى ئالمىغانلىقىنى بىلىپ، سەنگۇسۇلا

تاشنى ئىزدەپ شەھەردىكى ھەممە بازارلارنى ئارىلاپمۇ تاپالماي ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىپ بارسا، بىر دۇكان ئۇچراپ- تۇ. يىگىت مۇشۇ دۇكانغا كىرىپ باقاي، قىزنىڭ مېلى تېپىد- لىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ دۇكانغا كىرىپتۇ. دۇ- كان خوجايىنى:

— كەلسىلە، يىگىت، نېمە ئالىلىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئالىدىغان نەرسىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— مېنىڭ بۇ دۇكىنىمدىن شەھەردە تېپىلمىغان نەر- سىلەر تېپىلىدۇ، ھەتتا سەنگۇسۇلا تاشمۇ بار، — دەپتۇ دۇ- كان خوجايىنى يىگىتنىڭ سوئالىغا جاۋابەن. سەنگۇسۇلا تاش- نىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان يىگىت ناھايىتى خۇش بولۇپ:

— ئۇنداق بولسا سەنگۇسۇلا تاشتىن بىرنى بېرىڭ، — دەپتۇ. دۇكان خوجايىنى سەنگۇسۇلا تاشنى يىگىتكە ئېلىپ بېرىپ:

— بۇ تاشنى دەرد ـ پىراقى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئادەم ئىشلىتىدۇ. دىققەت قىلىڭ ! — دەپ مىڭ تىللاغا بېرىپتۇ.

يىگىت سودىسىنى تۈگىتىپ، ئۆز سارىيىغا قايتىپ كەپ- تۇ. ئايال يىگىتنىڭ ئەكەلگەن ماللىرىنى كۆرۈپ يىگىت بىد- لەن كارى بولماي، ماللارغا قاراپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. قىز بولسا يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقماپتۇ، يىگىت چاقىرىپ:

— مانا، سەنگۇسۇلا تاش، ئېلىۋالغىن، — دەپ سەنگۇ- سۇلا تاشنى بېرىپتۇ. قىز تاشنى يىگىتنىڭ قولىدىن ئېلىۋې- تىپ، يىگىتكە قاراپ ۋىلىققىدە كۈلۈپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يىگىتنىڭ خىيالىغا

سەنگۇسۇلا تاشنى ساتقان دۇكان خوجايىنىنىڭ ئېيتقانلىرى يادىغا كېلىپ، قىزغا بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ قويماقچى بولۇپ سارايىنى بىر ئىزدەپ چىقىپتۇ، قىز تېپىلماپتۇ. يىگىتنىڭ قەلبىنى قورقۇنچ قاپلاپ، كۆڭلى دەككە - دۇككىگە چۈشۈپتۇ. قىزنى ئىزدەپ چىقىپ سارايىنىڭ كەينىگە قارىغۇدەك بولسا، قىز قولىدىكى تاشقا قاراپ زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقۇدەك:

«سەنگۇسۇلا تاش، مېنىڭ دەردىمگە يەتسەڭچۇ، مېنى ئۆز قوينۇڭغا ئالساڭچۇ ! » دەپ ئۈچ نۆۋەت تەكرارلاپ سەنگۇسۇلا تاشنى ئالدىدىكى يوغان قارا تاشقا ئۇرغانىكەن، شۇ زامات گۇلدۇر - غاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ غەزەپ بىلەن ئۆر - كەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا ھاسىل بولۇپ، تۆۋەنگە قاراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن يىگىت قورققىنىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، قىزنى سۇغا سەكرەتمەپتۇ ۋە:

— نېمە دەردىڭ بولسا ماڭا ئېيتقىن ! — دەپ قىزدىن ئەھۋال سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز كىچىكىدىن تارتىپ تاكى شۇ كەمگىچە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەرنى سۆز - لەپ كېلىپ:

— قىرىق كۈن يەلپۈگەن غالچا بولدى، بىر كۈن يەلپۈ - گەن ئاغىچا بولدى، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. يىگىت قىزنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى بىلىپ، ھېلىقى ۋاپاسىز ئايالنى چېچىدىن قېچىرنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىپ ئۇرۇلغان تەپچە ئې - ڭىزىغا قويۇپ بېرىپتۇ. قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ، بەختلىك كۈن كەچۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئىچىگە: «بىر كۈن يەلپۈگەن ئاغىچا بوپتۇ، قىرىق كۈن يەلپۈگەن غالچا بوپتۇ» دېگەن سۆز تارقىلىپتۇ.

# قىلىچ باتۇر

بۇرۇن بىر كەمبەغەل ئوتۇنچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئوتۇنچىنىڭ ئايالى خېلى بۇرۇنلا ئۆ-لۈپ كەتكەچكە، ئوتۇنچى ئانىسىدىن كىچىك قالغان ئوغلىغا ھەم ئانا، ھەم ئاتا بوپتۇ.

بالا ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەندە ئوتۇنچى قېرىپ ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ ـ دە، ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

ـــ بالام، يوقسۇزچىلىقنىڭ كاساپىتىدىن مەن سېنى ئو-قۇتالمىدىم يا بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىشكە بېرەلمىدىم. ساڭا مىراس قىلىپ قالدۇرغۇدەك بىرەرنەرسەممۇ يوق. شۇڭا، مەن-دىن كېيىن قالغاندا قانداق ھايات كەچۈرۈشۈڭدىن قايغۇرۇۋا-تىمەن. بۇرۇنقىلارنىڭ: «يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدى-مىساڭ ئۆلەرسەن» دېگەن ماقالى بار، قانداقلا بولمىسۇن ئانا يۇرتۇڭدىن ئايرىلما، ئۇنىڭ بىر چىمدىم توپىسىنىمۇ تۇتىيا بىل، ـــ دەپتۇ ـ دە، كۆزى يۇمۇلۇپتۇ. بالا قاقشاپتۇ، يىغلاپتۇ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتىسىنى يەرلىككە قويۇپتۇ.

بىر يىلى بۇ ئەلگە ياۋ باستۇرۇپ كىرىپتۇ. پادىشاھ ئەلنى قوغدىيالماي زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ، لەشكەرلىرى تىرىپىرەن

بوپتۇ. خەلق مال - مۈلكىدىن، يەر - زېمىنىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بالىنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ، ئىچ - باغرى كاۋاپ بوپتۇ. ئۇ ئانا يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلماقچى بولسىمۇ ئامال تاپالماپتۇ.

بىر كۈنى چۈشىدە بىر ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «ئوغلۇم، ئالدىڭدا يىلان بار، قولۇڭغا قامچا ئالغىن. ئالدىڭدا دۈشمەن بار، قولۇڭغا قىلىچ ئالغىن.» يىگىت ئويغىنىپ قارىسا، چۈشى ئىكەن. ئۇ چۈشىدىكى بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە، بىرەر قىلىچ تاپماقچى بولسىمۇ، ياۋ ھەممە تۆمۈر - تەرسەكنى يىغىۋالغاچقا قىلىچ ياسىتالماپتۇ. ئۇ شۇ زامات دادىسى ئېيتىپ بەرگەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېسىگە ئاپتۇ: «شىمالىي تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدا بىر غار بو-لۇپ، ئۇ يەرگە ئىنسۇجىنمۇ بارالمايدىكەن. تاغنىڭ يېنىدا كۈمۈش يىلاندەك تولغىنىپ ئاققان دەريا بار ئىكەن. بۇرۇن بىر پادىشاھ غەربكە يۈرۈش قىلىپ كېتىۋېتىپ شۇ دەريادا ئېتىنى سۇغىرىپتۇ. بۇ زېمىننىڭ كۆركەم، باي، خەلقىنىڭ ئىشچان، خۇشخۇي ئىكەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك قىلىچىنى غارنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن قوزۇققا ئېسىپ قويۇپتۇ. قىلىچنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئالتۇن يۇگەنمۇ ئېسىقلىق ئىمىش. ئەگەر بۇ يۇرت بىرەر بالا - قازاغا دۇچار بولسا، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمىغان بىرەر باتۇر غارغا كېلىپ، ئالتۇن يۇگەننى سىلكىسە، بىر تۇلپار پەيدا بولىدى-كەن. خاسىيەتلىك قىلىچنى قولغا چۈشۈرسە، بۇ ئەلنى ياۋدىن خالاس قىلالايدىكەن.»

يىگىتنىڭ كۆڭلى يورۇپ كېتىپتۇ. «ھەببەللى، — دەپتۇ يىگىت ئۆز - ئۆزىگە، — بۇ تاغ تەڭرىتاغلىرى بولسا كېرەك.

تاغ يېنىمىزدىغۇ، بىر چىقىپ كۆرمەيمەنمۇ؟ !» يىگىت تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ. چوققىلىرى كۆنگە قاراپ بوي تارتقان تاغ يىگىتكە يول بەرمەپتۇ. يىگىت ئارغامچىنى تاغدىكى دەل ـ دەرەخلەرگە ئېسىپ تاغقا يامىشىپتۇ، لېكىن ئۇ ئۈچ كۈن يا ـ ماشقان بولسىمۇ دېگەن يېرىگە چىقالماپتۇ. ئۇ تاغنىڭ قاق بېلىدىن ئېشىپ ئادەم ئىزى باسمىغان بىر تاغ يولىنى كۆ ـ رۈپتۇ ـ دە، ئەمدىلا شۇ يولغا چۈشۈپ ماڭاي دېيىشىگە، بىر يوغان يىلان ۋىشىلداپ بالىنىڭ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ ۋە ھەيۋە قىپتۇ. بالا يوغان بىر تاشنى يىلانغا ئاتقانىكەن، يىلاننىڭ كاللىسى مىجىلىپ ئۆلۈپتۇ. بالا بىر كۈن يول مېڭىپ ئازراق دەم ئاپتۇ ـ دە، يەنە بىر چوققىغا يامىشىپ چىقىپتۇ. تاغ يولۋىسى، قاپلان، ئېيىقلار بالىغا خىرىس قىلغان بولسىمۇ، بالا ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ يەر چىشلىتىپتۇ. ئاخىر يەتتىنچى كۈنى ھېلىقى غارغا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا، ئالتۇن قوزۇقتا بىر قىلىچ ھەم يۈگەن ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. بالا قىلىچنى ئېلىپ بېلىگە ئېسىپتۇ، يۈگەننى بىر سىلكىگەنىكەن، كۆز ئالدىدا بىر ئاق تۇلپار پەيدا بوپتۇ. بالا ئاتقا مىنىپ: «چۇھ» دېگەنىكەن، بىردەمدىلا تاغدىن يېنىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەل سۆيەر يىگىتلەرنى توپلاپ، ياۋغا ھۇجۇم قىپتۇ. خاسىيەتلىك قىلىچنىڭ كارامىتىدىن باسقۇنچىلارنىڭ كاللىسى نەشپۈت چېچىكى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپتۇ، ھايات قالغانلىرى، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ. خەلق بالىنى پادىشاھ قىلىمىز دېگەن بولسىمۇ بالا زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئۇلار بىر ئادىل كىشىنى پادىشاھ قىلىپ سايلاپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بۇ يۇرت تېخىمۇ روناق تېپىپتۇ.

نۇرغۇن پادىشاھلار ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، قىلىچ بىلەن تۇلپارنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، قولغا



چۇشۇرەلمەپتۇ.

ئەلنىڭ بارغانسېرى گۈللىنىپ كۆچەيگەنلىكىنى كۆرگەن يىگىت خاتىرجەم بولۇپ تۇلپار ئېتىغا مىنىپتۇ ـ دە، ھېلىقى غارغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ قىلىچ بىلەن يوگەننى ئاۋۋالقىدەكلا ئالتۇن قوزۇققا ئېسىپ قويۇپتۇ ـ دە: «خەير، ۋاپادار ئېتىم» دەپ ئاتنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۆزى يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدە مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن تاغدىن چۈشۈپتۇ.

يىگىت ئۆيلىنىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھېلىقى قىلىچ بىلەن يوگەن تا ھازىرغىچە غاردا شۇ پېتى ئېسىقلىق تۇرارمىش، نۇرغۇن ئادەملەر قولغا چۈشۈرىمىز دېگەن بىلەنمۇ چۈشۈرەلمەپتۇ.

بۇ «قىلىچ باتۇر» دېگەن چۆچەك شۇنداق قىلىپ ئېغىزدىن ئېغىزغا، قۇلاقتىن قۇلاققا تارقىلىپ، ھازىرقى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەپتۇ.

# خاسىيەتلىك رەسىم

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرتتا بىر يېتىم بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇ يىل بويى بىر باي ئايالنىڭ قويلىرىنى باقىدىكەن، لېكىن ئۆزى ئاچ - يالىڭاچ ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ جاڭگالدا قوي بېقىۋاتسا، بىر بۈركۈت بىر يىلاننى چاڭگاللاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك. قويچى بالا يىلانغا ئىچى ئاغرىپ، بېشىدىكى تۇمىقىنى پۇلاڭلىتىپ: «هايت، كۇش، ئال !» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۈركۈت يىلاننى تاشلاپ تۇماققا ئېتىلىپتۇ - دە، تۇماقنى چاڭگاللىۋالغىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قويچى بالا يەردە ياتقان يىلاننىڭ قورسىقى يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى يىرتىپ يىلاننىڭ قورسىقىنى تېڭىپتۇ. يىلاننى كەپىسىگە ئەكېتىپ كۆڭۈل قويۇپ قارىغانىكەن، يىلان بىرقانچە كۈندىلا سەللىمازا ساقىيىپتۇ. بۇ يىلان ئەسلىدە يىلانلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ، سەيلە - تاماشا ئۈچۈن يەر يۈزىگە چىققان چېغىدا بۇ پالاكەتكە يولۇققانىكەن. يىلان زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي رەھىمدىل بالا، سەن مېنىڭ هاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن مەندىن نېمىنى تىلىسەڭ شۇنى بېرەي، — دەپتۇ.

— ماڭا هېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپ جاۋاب

بېرىپتۇ بالا. يىلان يەنە:

— مەن سېنى ئوردامغا ئېلىپ باراي، سەن ئوردامدىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى ئالغىن، مەن يىلانلارنىڭ پادىشاھـ-مەن، — دەپتۇ ۋە: «كۆزۈڭنى يۇم، ئەمدى ئاچ !» دەپ بولغۇچە قويچى بالا ئۆزىنى ھەشەمەتلىك ئوردىدا كۆرۈپتۇ. قويچى بالا ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، ئالتۇن - كۈمۈش، لەـ ئەل - ياقۇتلار كۆزنى چاقنىتىپ تۆكۈلۈپ ياتقۇدەك، تامدا بىر پارچە رەسىم ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. ئۇ يىڭىدىن ئېچىلغان قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ سۈرىتى ئىكەن. قويچى بالا رەسىمگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. يىلان پادىشاھ:

— خالىساڭ بۇ رەسىمنى ساڭا ھەدىيە قىلاي، — دەپ، تامدىن رەسىمنى ئېلىپ بالىغا بېرىپتۇ. قويچى بالا رەھمەت دەپ، رەسىمنى ئېلىپ ئۆز يېرىگە قايتىپ كېتىشنى ئىلتىـ-ماس قىپتۇ. يىلان پادىشاھ ماقۇل بولۇپ: «كۆزۈڭنى يۇم، ئەمدى ئاچ !» دېگەنىكەن، بالا كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى قويـ-لىرى بار جاڭگالدا كۆرۈپتۇ.

قويچى بالا كەچقۇرۇن ئۆز كەپىسىگە قايتىپ كەپتۇ. ھېـ-لىقى رەسىمنى ئۆزى كۆرەلەيدىغان ئېگىز يەرگە ئاۋايلاپ چاپلاپ قويۇپتۇ. ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن بالا بىردەمدىلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، داستىخان سېلىنىپ، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر تەييار تۇرغۇدەك. ئۇ، بۇ تامدىكى رەسىمنىڭ خىسلىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ قورسىقىنى ئوبدان تويدۇرۇپ، قوي بېقىشقا كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن قويلىرىنى ھەيدەپ كەلسە، كەپىنىڭ ئىچى پاك - پاكىز تازىلىنىپ، چىرايلىق بېزىلىپ، داستىخاندا شۇنداق مەززىلىك غىزالار تولۇپ تۇرغۇدەك. قويچى بالا ھۇزۇرلىنىپ تاماقلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىش

داۋاملىشىۋېرىپتۇ. قويچى بالىنىڭ يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ، كىشىلەر كۆرسە ھەيران قالغۇدەك بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى باي ئايال قويچىنىڭ قامەتلىك، چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە جىن چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ كەينىگە بىرىپ باقماقچى بوپتۇ. بالا قوي باققىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايال ئاستا ئۇنىڭ كەينىگە كېلىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە قارىسا، ئىلگىرىكى ئەسكى كەپە شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەن، يوپيورۇق ۋە ئازادە تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاراپ تۇرسا، تامدىكى رەسىم سىيرىلىپ چۈشۈپ بىر ساھىبجامالغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ قويچى بالىنىڭ كېلىشىگە تاماقنى تەييارلاپ قويۇش ئۈچۈن ئەمدى داستىخان سالغىلى تۇرۇشىغا ھېلىقى ئايال كەينىگە كىرىپ، قىزنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ قىزنى ئەكەتمەكچى بولۇپ كەينىنىڭ سىرتىغا زورلاپ تارتىپتۇ. ساھىبجامال:

— ئەگەر مېنى قويچى بالىدىن ئايرىۋەتمەكچى بولىدىكەنسەن، پۈتۈن ئۆي ـ جاي، بىساتلىرىڭنى غايىب قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

باي ئايال قورقۇپ قىزنى قويۇۋېتىپتۇ. قىز دەرھال رەسىمگە ئايلىنىپ تامغا چاپلىنىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ باي ئايالنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ رەسىمدىكى قىزنى ئىككى ئوغلىدىن بىرىگە ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئاجايىپ مۆجىزىگە ئىگە بولماقچى بوپتۇ، شۇڭا ئۇ قويچى بالىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى قويچى بالا قويلىرىنى قوتانغا سولاپ، كەينىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىدا، باي ئايال ئۇنى چاقىرىپ:

— مەن يېڭى ساراي سالماقچى. بۇگۈن كېچە باغدىكى ھەممە دەرەخلەرنى كېسىپ، ئىلىم ھەم تورۇس ياغاچلىرىنى ئاقلاپ، ئەتە تاڭ ئاتقۇچە تەييارلاپ بول. ئەگەر بۇ ئىشنى ئو- رۇندىيالمىساڭ جاجاڭنى يەيسەن! — دەپتۇ ھەم قويچى بالىغا بىر پالتا بىلەن ئورغاقنى تاشلاپ بېرىپتۇ. قويچى بالا پالتا بىلەن ئورغاقنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ كەپىسىگە كىرىپ غەم بې- سىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا رەسىم تامدىن سىيرىلىپ سا- ھىبجامالغا ئايلىنىپ، قويچى بالىغا:

— سىز غەم قىلماڭ، پالتا بىلەن ئورغاقنى باغقا ئاچىد- قىپ قويۇڭ، ئۆزىڭىز كەپىدە خاتىرجەم ئارام ئېلىپ ئۇخلاڭ، — دەپتۇ. ئۇ قىز يەنە رەسىمگە ئايلىنىپ تامغا چاپ- لىنىپتۇ. قويچى بالا قىزنىڭ دېگىنى بويىچە غىزالىنىپ خا- تىرجەم ئۇخلاپتۇ.

ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، باغدىكى دەل - دەرەخ- لەر كېسىلىپ، باي ئايال تەلەپ قىلغاندىنمۇ جىق ئىلىم يا- غاچلار تەييار بوپتۇ. باي ئايال بۇنى كۆرۈپ نىيىتى تېخىمۇ بۇزۇلۇپتۇ. كۆڭلىگە يەنە يامان نىيەت پۈكۈپ، قويچىغا ساراي- نى هازىر سالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ دەل - دەرەخلەرنى باغقا ئاپىرىپ ئاۋۋالقىدەك قىلىپ قويۇشنى، بۇ ئىشنى بۈگۈن كې- چە ئورۇنداپ بولمىسا جاجىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

قويچى بالا كەپىسىگە قايتىپ داستىخاندىكى تاماقلارنى يېمەي غەم بېسىپ ئولتۇرغىنىدا، تامدىكى رەسىم ساھىبجا- مالغا ئايلىنىپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل بالا، غەمگە پاتماڭ، خاتىرجەم ئارام ئېلىڭ، — دەپتۇ. قويچى بالا يەنە غىزالىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

قويچى بالا ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ باغقا كىرىپ قارىسا، دەل - دەرەخلەر ئەسلىدىكىدەك كۆكىرىپ تۇرغۇدەك. ئۇ يەنە

خاتىرجەم قوي باقىشلى كېتىپتۇ.

باي ئايال بۇ پىلاننىڭمۇ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇغىسى تېخىمۇ قايناپتۇ، كۆڭلىگە تېخىمۇ يامان نىيەت پۈكۈپتۇ.

كەچقۇرۇن قويچى بالا قويلارنى ھەيدەپ كېلىشىگە، باي ئايال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— بۈگۈن كېچە سەن ئىشىك ئالدىغا بىر كۆل چاپىدە-سەن، كۆلگە سۇ تولدۇرۇپ، قاينىتىسەن، — دەپ قويچىغا بىر كەكە، بىر قولتۇق ئوتۇن ھەم سېۋەت تاشلاپ بېرىپتۇ.

بالا غەمگە پېتىپ كەپىسىگە كەپتۇ. رەسىم ساھىبجامالغا ئېيتىپتۇ:

— ئۇ ئازازۇل جادۇگەر خوتۇن ئۆزىنىڭ گۆرىنى كولاتـ-قۇزغۇدەك. سىز ئۇ بەرگەن نەرسىلەرنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا قويۇپ خاتىرجەم ئۇخلاڭ، — دەپتۇ. قويچى بالا قىزنىڭ دې-گىنى بويىچە خاتىرجەم يېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن باي ئايال ئىككى ئوغلىنى كەينىگە سېلىپ چىقسا، ئىشىكى ئالدىدا يوغان بىر كۆل تۇرغۇدەك، كۆلدىكى سۇ پورۇقلاپ قايناپ تۇرغۇدەك. باي ئايال يەنە ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىدىن بىئارام بولۇپ تۇرغاندا، قويچى بالا بىلەن ساھىبجامال كۆل بويىغا كەپتۇ.

باي ئايال قويچى بالىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— سېنى ئازاد قىلدىم، ئەركىن ھايات كەچۈرگىن، — دېگەچ پادىچى بالىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنى كۆلگە ئىتـ-تىرىۋېتىپ، ئىككى ئوغلىغا قىزنى تۇتۇپ باغلاشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار قىزنى تۇتۇپ باغلاشقا تەمشەلگەندە، قويچى بالا بىر قو-لىدا ئالتۇن، يەنە بىر قولىدا گۆھەر كۆتۈرگىنىچە كۆلدىن چىقىپتۇ. باي ئايال بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئالاچەكمەن

بولۇپ كېتىپتۇ - دە، بالىدىن:

— كۆلنىڭ تېگىدە ئالتۇن، گۆھەرلەر بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قويچى بالا:

— شۇنداق، كۆلنىڭ تېگىدە ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر - ياقۇتلار نۇرغۇن ئىكەن، قاچىلاشقا بىرنەرسە ئالغىلى چىقتىم، — دەپتۇ.

ئاچ كۆز باي ئايال كۆلنىڭ تەكتىدىكى بايلىقلارغا بۇ ئىگە بولۇۋالمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئىككى ئوغلىغا:

— بالىلىرىم، مەن كۆلگە چۈشىمەن، قولۇمنى پۇلاڭلاتسام تېزدىن چۈشۈڭلار، — دەپ قايناۋاتقان كۆلگە سەكرەپتۇ. ئۇ دەقىقە ئۆتمەي تۇنجۇقۇشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپتۇ. ئىككى بالىسى ئاپام بايلىقلارنى كۆتۈرەلمەي بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، كەينى - كەينىدىن كۆلگە سەكرەپتۇ. ئۇلار قايناق سۇدا ئۆلۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ساھىبجامال ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قويچى بىلەن خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.



# ئامەتلىك شاھزادە

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر شەھەردە سەلتەنەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ ئۈچ خانىشى بولسىمۇ پەرزەنت كۆرمەپتۇ. پادىشاھ پەرزەنت ئوتىدا قوقاستەك پۇچىلىنىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاھى ئاللاغا يېتىپ، كىچىك خانىشى ھامىلدار بوپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، كىچىك خانىشىنى ئىززەتلەپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. بۇنىڭغا چوڭ خانىشلىرىنىڭ ئىچى ئاداپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، كىچىك خانىشنىڭ ئاي - كۈنى توشۇپ كۆزى يورۇشقا ساناقلىقلا كۈنلىرى قاپتۇ. شۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ شىكار خۇمارى تۇتۇپ شىكارغا كېتىپتۇ. پادىشاھ شىكارغا كېتىپ تۆتىنچى كۈنى كىچىك خانىشنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، يەڭگىشىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپتۇ. ئىككى چوڭ خانىش كىچىك خانىش يەڭگىگەندە بوۋاقلارنى كۈچۈككە ئالماشتۇرۇۋېتىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. كىچىك خانىش قوشكېزەك تۇغۇپتۇ، تۇغۇتتا ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئىككى خانىش كىچىك خانىشنىڭ ئىككى بالىسىنى ئىككى كۈچۈككە ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر جادۇگەر ئايالغا بالىلارنى ئەسكى چاپانغا ئورىتىپ، شەھەر سىرتىدىكى چۆل - جەزىرىگە تاشلاتقۇزۇۋېتىپتۇ. ھەپتە توشۇپ پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ

كەلگەندە، چوڭ خانىشلىرى پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ كىچىك خانىش ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ شىكايىتىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئوردىغا كىرسە خانىش بىھوش ياتقان، ئىككى كۈچۈك ئۇنى ئىمۋاتقانىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ خانىشنى زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ.

بۇ پادىشاھقا قوشنا شەھەردە بىر پادىشاھ بار ئىكەن، ئۇ پادىشاھمۇ شىكارغا خۇمار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ شىكارغا چىقىپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالدىغا بىر چىشى بۆرە ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ئوقياسى بىلەن بۆرىنى چەنلىگەنىكەن، بۆرە بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۆرىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپتۇ. پادىشاھ كېلىپ قارىسا بۆرە يوق، يۇلغۇن تۈۋىدە بىر زاكىدا يېڭى تۇغۇلغان بىر قىز، بىر ئوغۇل ياتقۇدەك. پادىشاھ بالىلارنى ئېلىپ شىكاردىن قايتىپتۇ.

پادىشاھ بالىلارنى ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئوغۇلغا «غېرىب»، قىزغا «سەرۋەر» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. غېرىب بىلەن سەرۋەر قۇرامىغا يېتىپتۇ. غېرىب ئەقىللىق يىگىت بوپتۇ، سەرۋەر ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز قىز بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. مەلىكە بويىغا يېتىپ، غېرىبقا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، غېرىبمۇ مەلىكىگە ئاشىق ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، پادىشاھ مەلىكىسى بىلەن غېرىبنىڭ كۆڭۈل سىرىنى سېزىپ قاپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە غېرىبنىڭ تېگى ـ تەكتى ئېنىق ئەمەس، قىزىمنى بەرسەم قانداق بولار؟ دەپ ئويلاپ ۋەزىرگە مەسلىھەت ساپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھىئالەم، غېرىبنى ئادەم بالىسى بەجا كەلتۈرەلمەيدىغان بىر ئىشقا بۇيرۇيلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆرۈپتۇ.

پادىشاھ غېرىبنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي غېرىب، مەن سېنى بېقىپ قاتارغا قوشتۇم. سەن مەلىكەمگە ئاشىق ئىكەنسەن، ۋىسالغا يېتەي دېسەڭ شەرتىم بار، شۇنى ئورۇندىشىڭ شەرت، — دەپتۇ.

— نېمە شەرت بولسا باش ئۇستىگە ئورۇندايمەن، — دەپتۇ غېرىب.

— بىزدىن يىراق بىر شەھەردە بىر موزدۇز بار ئىكەن، ئۇ موزدۇزلۇق قىلغاندا، بىگىزنى ئاياغقا سانجىغاندا يىغلايدىكەن، يىپنى تارتقاندا قاقاقلاپ كۈلىدىكەن، شۇنىڭ سىرىنى بىلىپ كەل، — دەپتۇ پادىشاھ.

غېرىب بىر يىللىق مۆھلەت سوراپتۇ. ئۇ يول تەييارلىقنى پۇتتۇرۇپ سەپەرگە چىقىپتۇ. غېرىب كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. يەتتە كۈن ئىزدىگەن بولسىمۇ، بىر يىغلاپ - بىر كۈلىدىغان موزدۇزنى بۇ شەھەردىن تاپالماپتۇ. كەچ كىرگەندە بىر ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن ئاجىز بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. غېرىب ئۆيگە كىرىپ قارىسا، بىر بوۋاي نىمجان ھالەتتە ياتقانىكەن. بوۋاي غېرىبنى كۆرۈپ ئۇسسۇزلۇق بېرىشنى ئىشارەت قىپتۇ. غېرىب بوۋاينىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم، سېنى خۇدا ئەۋەتتى. سەن مېنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قوي، بۇنىڭ بەدىلىگە مەن ساڭا خاسىيەتلىك بىر ئەڭگۈشتەر بېرىمەن، موھتاج بولساڭ، بۇ ئەڭگۈشتەر سېنىڭ ھاجىتىڭدىن چىقىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. غېرىب بوۋاينى ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىپتۇ، لېكىن ئەڭگۈشتەرنىڭ ئەپسۇنىنى بوۋاي ئېيتىپ بەرمىگەچكە، ئەڭگۈشتەر ئۇنىڭ موھتاجلىقىدىن چىقالماپتۇ. غېرىب باشقا شەھەرگە بېرىشنى

مەقسەت قىلىپ شەھەردىن چىقىشىغا، بىر توپ قاراقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قاراقچىلار غېرىبنىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەرنى تارتىۋاپتۇ. قاراقچىلارنىڭ سەردارى ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ:

— مەن ئۆمرۈمدە ئېرىشمەكچى بولغان ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولدۇم، ئەي خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەر، بۇ يېتىمچىنى موزدۇز بار شەھەرگە تاشلىۋەت، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

غېرىبنىڭ قۇلىقىغا دەھشەتلىك چاقماق چېقىلغاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. غېرىب كۆزىنى چىڭ يۇمۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىغا ئاۋازى كىرىپتۇ. ئۇ، نىمە ئالامەت بولغاندۇ، دەپ كۆزىنى ئاچسا، ئۆزىنى باشقا بىر شەھەردە كۆرۈپتۇ، ئۆزى بىر موزدۇزنىڭ ئالدىدا تۇرغۇدەك. موزدۇز چەمگە بىگىز سانجىپ يىغلايدىكەن، يىپىنى تارتىپ قاقاقلاپ كۈلىدىكەن. غېرىب موزدۇزغا سالام بېرىپ:

— بىر يىغلاپ، بىر كۈلۈشلىرىنىڭ سەۋەبى نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ. موزدۇز غېرىبنىڭ ئۇستۇېشىغا قاراپ:

— ئەي بالام، بۇ ئىشنى سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ.

غېرىب يېلىنىپتۇ، يالۋۇرۇپتۇ. موزدۇز پەرۋا قىلماپتۇ. ئاخىر غېرىب مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. موزدۇز غېرىبنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بىر ھاجەتمەن ئىكەنسەن، شۇنداقتىمۇ سەن مېنىڭ دەردىمگە يەتكىن، ئاندىن ساڭا سىرىمنى ئېيتىپ بېرەي. بۇ شەھەردىن تۆت كۈنلۈك يىراقتا بىر شەھەر بار، شۇ شەھەردە بىر مەزىن بار. ئۇ مەزىن ھەر كۈنى سەھەردە ئېگىز پەشتاققا چىقىپ ئەزان ئېيتىدۇ. ئەزاننى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن پەشتاقتىن ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ

بىھوش بولىدۇ، خېلى ياتقاندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ھەر كۈنى تەكرارلايدۇ. سەن مەزىننىڭ سىرىنى بىلىپ كەلسەڭ، سىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

غېرىب موزدۇز كۆرسەتكەن يول بويىچە مەزىن بار شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ مەزىننى تېپىپتۇ.

ئەتىسى بامدات نامىزى ۋاقتىدا مەزىن ئېگىز پەشتاقتا چىقىپ ئەزان ئېيتىپتۇ. ئەزان ئېيتىپ بولۇپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتۇ، خېلىدىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ. غېرىب مەزىننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي مەزىن، بۇنداق قىلىشلىرىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. مەزىن غېرىبنىڭ ئۇستۇۋېشىغا قاراپ:

— ئەي بالام، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ. غېرىب مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، سەن ھاجەتمەن ئىكەنسەن، شۇنداقتىمۇ سەن ئاۋۋال مېنىڭ ھاجىتىمدىن چىققىن، — دەپتۇ مەزىن، — بۇ يەردىن يەتمىش كۈنلۈك يىراقتا بىر شەھەر بار. شۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى قۇملۇقتا بىر ئاخۇنۇم بار. ئۇ ھەر كۈنى بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى بۆلەك، پۇتىنى بۆلەك، تېنىنى بۆلەك، ئۇستىخىنىنى بۆلەك قىلىپ تاشلايدۇ، ئاندىن ئۇ يەنە كالىغا قاراپ قان - زار يىغلاپ، دۇئا ئوقۇپ كالىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىشنى ھەر كۈنى تەكرارلايدۇ. سەن شۇ سىرنى بىلىپ كەلسەڭ، سىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن.

غېرىب ماقۇل بولۇپ، مەزىن بىلەن خوشلىشىپ، ئاخۇنۇمنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. يەتمىش كۈن يول يۈرۈپ ئاخىر ئاخۇنۇمنى تېپىپتۇ. ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، ئەتىسى مەزىن ئېيتقان ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ. ئاخۇنۇم كالىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈپ بولغاندا، غېرىب ئاخۇنۇمدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئاخۇنۇم غېرىبنىڭ ئۇستۇۋىشىغا قاراپ:

— ئەي بالام، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ. غېرىب مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، بۇ سىرنى بىلمىگۈچە نىيىتىڭدىن يانمايدىغان ئوخشايسەن. ئۇنداق بولسا، سەن مېنىڭ ھاجىتىمدىن چىققىن، — دەپتۇ ئاخۇنۇم، — مۇشۇ يەردىن قىرىق توققۇز كۈن يول يۈرسەڭ، بىر چىنار تۈۋگە بارىسەن. چىنارنىڭ ئوڭ تەرىپىنى سىلىساڭ، بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئىشىكتىن كىرىپ مېڭىۋەرسەڭ، بىر يەرگە بېرىپ توسۇلىسەن. شۇ يەردىكى تامنى باسساڭ، يەنە بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئىشىكتىن كىرىپ بىر تۇلپارنى كۆرىسەن. شۇ تۇلپارنى مىنەلىسەڭ، ئۇ سېنى ئۇچۇرۇپ بىر باغقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇ باغدا بىر پەرىزات بار. شۇ پەرىزاتنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مۇشۇ يەرگە كەلسەڭ، ئۆز سىرىمنى ئېيتىپ بېرىمەن.



غېرىب يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى چېكىپ قىرىق توققۇز كۈندە ئاخۇنۇم ئېيتقان چىنارنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپتۇ. چىنار تۈۋىدە ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپئاق ساقال، نۇرانە چىراي بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. غېرىب بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەپىرىڭ قايان؟ — دەپ سوراپتۇ. غېرىب ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، خەتەرلىك يولغا قەدەم بېسىپسەن. تۇلپارنى مىنگەندە تىزگىنىنى ھەرگىز تارتما. تىزگىنىنى تارتىپ قويساڭ ھالاك بولىسەن. غەپلەت ئۇيقۇڭنى ئاچ، بۇ دىۋىلەر ماكانى، — دەپتۇ بوۋاي. غېرىب چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ چىنارنىڭ ئوڭ تەرىپىنى باسقانىكەن، بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئۇ شۇ ئىشىكتىن كىرىپ يەنە بىر ئىشىكنىمۇ ئېچىپ كىرىپ تۇلپارنى كۆرۈپتۇ. غېرىب تۇلپارغا مىنىپتۇ، تۇلپار شۇ ھامان بىر كىشنەپ ئۇچۇپتۇ. كەينىدىن دىۋە قوغلاپتۇ. غېرىب تۇلپارنىڭ بوينىدىكى ئوقيانى ئېلىپ دىۋىنىڭ سىڭار كۆزىنى چەنلەپ ئېتىپتۇ. ئوق دەل جايىغا تېگىپتۇ، دىۋە ئۆلۈپتۇ. شۇ ھامان قارا بوران كۆتۈرۈلۈپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. غېرىب تۇلپارنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ئېگەرگە چىڭ يېپىشىۋاپتۇ. بوران توختىغاندا، غېرىب يەر ھەيدەۋاتقان بىر بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بوۋايغا سالام بېرىپ، بۇ يەرنى سوراپتۇ. بوۋاي غېرىبنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— بالام، ئاۋازىڭنى بوش قىل، بۇ يەر دىۋىلەرنىڭ ماكانى. دىۋىلەر ئاڭلاپ قالسا، مەن تۇرماق، كالىلارمۇ ئامان قالمايدۇ، شۇڭا كالىلارنىمۇ ھوش ـ پوش دېمەي جىمىمىدە

ھەيدەۋاتىمەن، — دەپتۇ. غېرىب:
— ئەي بوۋا، سىلىنىڭ قوشلىرىنى مەن ھەيدەپ تۇراي، سىلى بازارغا بېرىپ نان، قېتىق ئەكەلسىلە، — دەپ بوۋايغا ئون تىللا بېرىپ بازارغا يولغا سالپتۇ.
بوۋاي بازارغا كېتىپتۇ. غېرىب بوۋاينىڭ ئورنىدا قوش ھەيدەپتۇ. كالىلار ئېتىزنى ئۈچ ئايلىنىپ يېتىۋاپتۇ. غېرىب كالىلارنى قامچىلاپتۇ، كالىلار كۆچەپ تۇرۇپ بىر تارتىپتىكەن، شۇ ھامان «قاراس» قىلغان ئاۋاز چىقىپ، يەر - جاھاننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كېتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن شامال چىقىپ، ئىس - تۈتەكنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ كېتىپتۇ. غېرىب كۆرۈپتۇكى، ئېتىزلىقتا ئادەم پاتقۇدەك بىر كامار تۇرغۇدەك. ئۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ قارىسا، بۇ يەردە قىرىق بىر ھۇجرا بار ئىكەن. ئۇ ھۇجرىلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ يىگىرمە بىرىنچى ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلسە، ئىشىككە خەت يېزىقلىق تۇرغۇدەك. خەتتە: «بۇ تىلسىم غېرىب ئىسىملىك شاھزادىنىڭ نامىدا پۈتۈلگەن. غېرىب بۇ تىلسىماتتىكى ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكنى ئېلىپ، ئۇنى سول قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا سېلىپ، مەلىكىنىڭ ئەمرى دەپ ئەمر قىلسا، مۇرادى ھاسىل بولغاي. يەر ئاستىدىكى بارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭ قولىغا ئايلانغاي» دەپ يېزىلغانىكەن. غېرىب ساندۇقنى ئېچىپ، ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكنى ئېلىپ سول قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا سېلىپ: «مەلىكىنىڭ ئەمرى» دەپ ئەمر قىلغانىكەن، غاردىكى ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، تىللا - جاۋاھىرلار ئەسلىگە كەپتۇ. ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئۈچ غېرىچ دۆلەتلەر غېرىبنىڭ ئايىغى ئاستىغا باش قويۇپ:

— نېمە خىزمەتلىرى بار؟ — دەپتۇ.
غېرىب دىۋىلەرگە غار ئىچىدىكى مال - دۇنيانى تاشقىرىغا ئاچىقىشنى ئەمر قىپتۇ. دىۋىلەر ھەش - پەش دېگۈچە مال - دۇنيانىڭ ھەممىسىنى تاشقىرىغا ئاچىقىپتۇ، نەچچە يۈز تۆگىنى تەييارلاپ، مال - دۇنيانى ئارتىپ تەخلەپ قويۇپ:
— يەنە نېمە خىزمەتلىرى بار؟ — دەپتۇ.
— ئەمدى تاماق تەييارلاڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ غېرىب.
شۇ ھامان تاۋاق - تاۋاقتا تۈرلۈك - تۈمەن تائاملار ھازىر بوپتۇ. غېرىب بۇ تائاملارنى ھۇزۇرلىنىپ يەۋاتقاندا بوۋاي يېتىپ كەپتۇ. بوۋاي بۇ كارامەتلەرنى كۆرۈپ:
— ئەي بالام، نېمە كارامەت بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. غېرىب بوۋايغا:
— مەن ئەسلىدە بىر سودىگەر ئىدىم، كارۋانلىرىم كەينىمدە كېلىۋاتقانىدى، ھازىر يېتىپ كەلدى، — دەپتۇ.
غېرىب بىر تۆگىدىكى مال - دۇنيانى بوۋايغا قالدۇرۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ.
غېرىب بارلىق مال - دۇنيانى ئېلىپ، دىۋىلەرگە ناغرا - سۇنايلارنى چالدۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپ:
— ئەي ئاخۇنۇم، ئەمدى كالىنىڭ سىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ، — دەپتۇ. ئاخۇنۇم بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:
— ئەي ئوغلۇم، كىشىنىڭ رىزقى كىشىگە سىڭمەيدىكەن، ئاللا ھەممە بەندىسىنى ئۆز مەئىشىتى، رىزقى بىلەن ياراتقانىكەن. مەن ئەسلىي ئاخۇن ئەمەس، بىر سېھرىگەر. مەن كىتاب ئېچىپ سېنىڭ نامىڭدا پۈتۈلگەن بىر تىلسىمنىڭ

بارلىقىنى كۆردۈم. ئۇ تىلسىمنى ساڭا ئاچقۇزۇپ ئەڭگۈشتەر-گە ئېرىشمەكچى بولدۇم. شۇ مەقسەت بىلەن سېنى بۇ يەرگە ئالداپ ئەكەلدىم. سەن كۆرگەن كالا راست كالا ئەمەس، ياغاچ كالا. سەن كۆرگەن بىر يىغلاپ، بىر كۈلىدىغان موزدۇز، پەشتاقتىن ئۆزىنى ئېتىپ بىھوش بولىدىغان مەزىن مېنىڭ شاگىرتلىرىم، — دەپ ئۆز سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

غېرىب ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— بۇ تىلسىم نېمە ئۈچۈن مېنىڭ نامىمدا پۈتۈلدى؟ — دەپ سوراپتۇ. سېھىرگەر:

— ئەي ئوغلۇم، سەن تېگى - تەكتىڭنى ئۇقمايسەن. سەن بىلەن سىڭلىڭ ئىككىڭلار ئەسلىدە پادىشاھنىڭ كىچىك خانىشىدىن تۇغۇلغان قوشكېزەك بالىلار. پادىشاھنىڭ چوڭ خانىشلىرى تۇغماس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك خانىشقا ھەسەت قىلىپ سىلەرنى چۆلگە تاشلاتقۇزۇۋەتكەن. سېنىڭ مانا مۇشۇ تېگى - تەكتىڭنى ساڭا بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ تىلسىم پۈتۈلگەن، — دەپ پۈتۈن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

غېرىب سېھىرگەرگە بىر تۈگە مال - دۇنيا بېرىپ خوشلىشىپ مېڭىپتۇ. كۆپ يوللارنى بېسىپ مەزىننىڭ ئالدى-غا بېرىپتۇ. غېرىب بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بې-رىپ، مەزىننىڭ سىرىنى سوراپتۇ. مەزىن:

— مەن سېھىرگەرنىڭ شاگىرتى، ئۇ مېنى سېھىرلەپ قويغان. مەن ئەزاننى ئېيتىپ بولسام، غايىبتىن بىر قول كېلىپ گېلىمنى بوغىدۇ. مەن شۇ چاغدىلا بىھوش بولۇپ پەشتاقتىن ئۇچۇپ چۈشىمەن. ئۆزۈمنى پەشتاقتىن ئېتىشىم-نىڭ سەۋەبى شۇ. مەن ئىلگىرى بۇ سىرنى ساڭا ئاشكارىلاپ قويغان بولسام، ھېلىقى غايىب قول مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەت-كەن بولاتتى، — دەپ ئۆز سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

غېرىب مەزىنىگە بىر تۆگىدىكى مال ـ دۇنيانى قالدۇرۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ كۆپ يوللارنى بېسىپ موزدۇزنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ موزدۇز بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ موزدۇزنىڭ سىردىنى سوراپتۇ.

— مەن ئاشۇ سېھىرگەرنىڭ شاگىرتى. مېنىڭ بىر يىغلاپ، بىر كۈلۈشۈمدىكى سەۋەب، ئۇ مېنى سېھىرلەپ قويغان. ھەر نۆۋەت ئاياغنىڭ چەمىگە بىگىز سانجىغاندا، بىگىز يۈرىكىمگە سانجىلىدۇ، مەن شۇ ئازابقا چىدىماي يىغلايمەن. يېپنى تارتقاندا ئاغرىق تۈگەپ بىر قول مېنى غىدىقلايدۇ، شۇڭا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىمەن، — دەپ ئۆز سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

غېرىب موزدۇزغىمۇ بىر تۆگىدىكى مال ـ دۇنيانى بېرىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. غېرىب كۆپ يوللارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۇ ئالەمگە ئۆزىتىپ قويغان بوۋاينىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ دۇئا قىلىپ قايتماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا غايىبتىن:

— ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن مەن بەرگەن ئامانەت يامان ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. شۇ سەۋەنلىكىمدىن مەن گۆرۈمدە تىنچ ياتالمايۋاتىمەن. سەن ئاشۇ ئامانەتنى ئۆز قولۇڭغا قايتۇرۇۋېلىپ، مېنى خاتىرجەم قىلغىن، — دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ.

غېرىب دىۋىلەرگە: «بۇ شەھەردە بىر توپ قاراقچى بار، تۇتۇپ كېلىڭلار!» دەپ ئەمر قىپتۇ. دىۋىلەر قۇيۇنتاز قايىنتىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە قىرىق بىر قاراقچىنى تۇتۇپ كەپتۇ. غېرىب قاراقچىلاردىن ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكنى تارتىۋاپتۇ ۋە دىۋىلەرگە قاراقچىلارنى ئىنسان ئاياغ

باسمايدىغان جەزىرىگە ئاپىرىپ تاشلاشنى ئەمر قىپتۇ.

غېرىب بوۋاينىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ يولغا راۋان بوپ-تۇ. ئۇ بىر يىل مۇھلەت توشىدىغانغا بىر كۈن قالغاندا داغدۇغا بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ. شەھەر ئەھلى ھەيران قاپتۇ. پادىشاھ غېرىبنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. غېرىب پۈتكۈل كەچۈرمىشلىرىنى پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قايىل بوپتۇ ۋە قىزىنى غېرىبقا بېرىشكە رازىلىق بېرىپ، قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ئەل - يۇرتقا داستىخان ساپتۇ. غېرىب ۋىسال شادلىقىغا چۈمۈپتۇ. ئاشۇ كۈنلەردە غېرىب ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە بېرىشقا رۇخسەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئىجازەت بېرىپتۇ. غېرىب سىڭلىسىنى ئېلىپ ئاتى-سىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار يەتتە كېچە - كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ ئاتى-سىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى شاھ ئاتىسىغا سۆزلەپ بېرىپ-تۇ. پادىشاھ ئەمر قىلىپ، زىنداندىكى كىچىك خانىشنى ئاچى-قىپتۇ. خانىش غېرىب بىلەن سەرۋەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىككى كۆكسىدىن ئاپئاق سۈت ئېتىلىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ھەسەتخور خانىشلىرىنى ئايغىر كۆرمىگەن بايتالنىڭ قۇيرۇ-قىغا باغلاپ، بايتال كۆرمىگەن ئايغىرنى قويۇپ بېرىپ جازالاشقا بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ تەختىنى غېرىبقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. غېرىب خوتۇنىنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. غېرىبنىڭ قېيناتىسىمۇ ئۆز شەھى-رىنى غېرىبقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. غېرىب بۇ ئىككى شەھەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، قالغان ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

# مەلىكە ئايسىللا بىلەن شاھزادە رەۋەيدۇللا

زامانىنىڭ زامانىسىدا قاراخان ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ تارىم دەرياسىنىڭ ۋادىسىدىكى كەڭ يۇرتلارغا شاھلىق قىلىدىكەن، يۇرت سوراشتا قاتتىق ئىكەن.

قاراخان بىر كۈنى تەختتە ئولتۇرسا، ساقىلى قىچىشقاندەك بوپتۇ. ئۇ ساقاللىرىنى سىيپاپ تاتىلاپتۇ، بىراق قىچىشىش تاتىلىغانسېرى ئەدەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىلاجسىز ساقال تارغىقىنى ئېلىپ تاراپتۇ، تارغاقنىڭ تىللىرى ئارىسىغا بىر نىمجان بۈرگە بالىسى ئىلىشىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، مۇنداق ئويلاپتۇ: «شۇنچىلىك بىر كىچىك جانىۋارنىڭ چېقىشى نېمىدېگەن زەھەرلىك - ھە؟! ئۇ كالىچىلىك ياكى تۆگىچىلىك بولسا، قانچىلىك ئازابلىغان بولار ئىدى؟!» شۇ چاغدا بىر ئىش بىلەن ئوڭ قول ۋەزىرى ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ سالام - تەزىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئازدىن مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مېنىڭ پادىشاھلىق سەلتەنىتىمدە بەخت - سائادەتكە، ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىسەن. بۈگۈن مەن ساڭا بىر نەرسىنى ئامانەت قويىمەن، ئۇنى ئوبدان ساقلىشىڭ، قاچان لازىم دېسەم، دەرھال قولۇمغا ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىشىڭ



كېرەك. ئىش مېنىڭ كۆتكىنىمدەك بولسا، سېنى كۆپلەپ مال ـ دۇنيا بىلەن تارتۇقلايمەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، قاتتىق جازالايمەن.

ئوڭ قول ۋەزىر:

ــ بولىدۇ، پادىشاھئالەم ! ــ دەپ تىزلىنىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرگە ھېلىقى تۇتۇۋالغان بۈرگە بالىسىنى بېرىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىدىن ھۆرمەت بىلەن تاپشۇرۇۋېلىپ، ئوردىدىن كەينىچە چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇنى قانداق ساقلاشنى بىلەلمەي ئويغا پېتىپتۇ، ئويلىغانسېرى بېشى قېتىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، پادىشاھنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، قورققىنىدىن بەدەنلىرى بەزگەكتەك تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ غەمگە پېتىپ ئولتۇرغاندا، تالادىن كىچىك قىزى يۈگۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ. قىز دادىسىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ:

— دادا، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بالام، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ ۋەزىر.
— دادا، نېمە ئىش بولسا ماڭا ئېيتىڭ، — دەپ يالۋۇ-رۇپتۇ قىز.
— ئېيتساممۇ سەن مېنىڭ ھالىمغا يېتەلمەيسەن.
— دادا، مەن چوقۇم سىزنىڭ ھالىڭىزغا يېتىمەن.
ۋەزىر بۇ قىزنىڭ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىغا قاراپ، بۇرگىنى كۆرسىتىپ:
— قىزىم، پادىشاھ بۇنى ماڭا مۇددەتسىز ئامان - ئېسەن ساقلاپ بېرىشىم ئۈچۈن بەردى. چىڭ تۇتسا ئۆلۈپ قالىدۇ، بوش تۇتسا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇنى قانداق ساقلاشنىڭ ئامالىنى بىلەلمەي باش قاتۇرۇۋاتىمەن، — دەپتۇ.
— ۋاي دادا، بۇ ئىشقىمۇ باش قاتۇرۇپ ئاۋارە بولامسىز؟ — دەپتۇ قىز كۈلۈپ، — ئۇنى ساقلاش بەكمۇ ئاسان. بىر دانە چوڭ ساندۇق ياسىتىسىز، ئۇنى تېرىق ئۇنى بىلەن توشقۇزى-سىز، بۇرگىنى شۇنىڭ ئىچىگە قويۇپ بېرىپ، ئاغزىنى ھەم بېكىتىپ قويسىڭىز ياشاۋېرىدۇ.
ۋەزىر قىزىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق بىر ياغاچچىنى چاقىرىپ كېلىپ ساندۇق ياسىتىپتۇ، ئۇنى تېرىق ئۇنى بىلەن تولدۇرۇپتۇ، ئى-چىگە بۇرگىنى قويۇپ بېرىپ ئاغزىنى ھەم بېكىتىپتۇ.
ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپتۇ. بۇرگە پادىشاھنىڭمۇ، ۋەزىر-نىڭمۇ يادىدىن چىقىپ قاپتۇ. بىر كۈنى قاراخان تەختتە ئول-تۇرۇپ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىكەن، ساقىلى قىچىشقاندەك بوپتۇ، ساقىلىنى سىيپاپ تاتىلاپتىكەن، قىچى-شىش تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ چىدىيالماي تارغىقىنى ئېلىپ تاراپتۇ، تارغاقنىڭ تىللىرى ئارىسىغا بۇرۇنقىغا ئوخ-

شاشلا بۇرگىنىڭ نىمجان بالىسى ئىلىشىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرگەندە، ئوڭ قول ۋەزىرگە بېرىپ قويغان بۇرگىسى دەرھال يادىغا كەپتۇ. ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ئوڭ قول ۋەزىرىدىن ئامانەتنى سوراپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ نېمىنى ئامانەت قويغانلىقىنى يادىغا ئالالماي تەمتىرەپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ رەڭگى بىردىنلا ئۆڭۈپ، دەپتۇ:

— ئامانەتنى دەرھال تاپشۇر، بولمىسا...

ئوڭ قول ۋەزىر نائىلاج ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ، پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئويلىنىپتۇ، لېكىن ھېچ نەرسە يادىغا كەلمەپتۇ. ئەمدى ئەجىلىم توشقان ئوخشايدۇ، دەپ يىراق - يېقىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن رازىلىق ئېلىشىپ، پادىشاھنىڭ جازاسىنى كۈتۈپتۇ. بۇ جەرياندا گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەي، بىر ئەت - بىر سۆڭەك بولۇپ قاپتۇ. دادىسىنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرگەن كىچىك قىزى:

— دادا، بېشىڭىزغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— قىزىم، سەن سورىما، مەن ئېيتماي. ئاخىرقى ئۆمرۈمدە مېنى ئۆز مەيلىمگە قويغىنا ! — دەپتۇ. قىز دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي كوچىلاپ سوراۋېرىپتۇ. ۋەزىر ئاخىر بولالماي، پادىشاھ قويغان ئامانەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي شۇ كۈنگە قېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىز دادىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ، ئاخىردا:

— دادا، ئېسىڭىز نەگە كەتتى؟ پادىشاھنىڭ قويغان ئامانىتى ھېلىقى بۇرگە ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

بۇرگە ۋەزىرنىڭ يادىغا شۇ چاغدىلا كەپتۇ، قىزىنىڭ ئەقلىگە يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئوقۇپتۇ، پادىشاھنىڭ جازاسىدىن قۇ-

تۇلغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ دەرھال ساندۇقنىڭ قېشىغا بې-رىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا، بۆرگە تېرىق ئۇننى يەپ شۇنچى-لىك چوڭىيىپتۇكى، گويا بىر قويچىلىك بولۇپ كېتىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەپتۇ. ۋەزىر پادى-شاھ بەرگەن مۆھلەت توشقاندىن كېيىن، ساندۇقنى خىزمەتچى-لىرىگە كۆتۈرگۈزۈپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئامانەتنى پادى-شاھقا ئامان - ئېسەن تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن خۇشال بو-لۇپ، ئوڭ قول ۋەزىرگە يېڭى تون، ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغات قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە بىر جىن كى-رىپتۇ. ئۇ ئوردا قاسساپلىرىنى چاقىرغۇزۇپ، بۆرگىنىڭ تې-رىسىنى سويغۇزۇپتۇ. كاتىپلىرىغا تۆۋەندىكى بىر ئېلاننى يازغۇزۇپتۇ:

«تامغا چاپلانغان بۇ تېرىنىڭ قايسى ھايۋاننىڭ ئىكەنلى-كىنى كىم تونۇپ ئېيتىپ بەرسە، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىمەن. كىمكى تونۇيمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېيتىپ بېرەلمىسە جازالىنىدۇ، مال - دۇنياسى مۇسادىرە قىلىنىدۇ!»

قاراخان بۆرگە تېرىسى بىلەن ئېلاننى تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا چاپلاتقۇزۇپتۇ. بۇ خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە مەملى-كەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىلىپتۇ.

قاراخاننىڭ بىر مەلىكىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايىنى ئايغا، ئەتىۋارلىقىنى تىللاغا ئوخشىتىپ، «ئايتىللا» دەپ ئى-سىم قويغانىكەن. ئۇ كۈندۈزى يا كېچىسى سەيلە قىلىپ راۋاققا چىقسا، كۈن بىلەن ئاي ئۇنىڭ جامالىدىن خىجىل بو-لۇپ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىدىكەن.

مەلىكىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن شاھزادىلەر، بەگزادىلەر، بايۋەچچىلەر ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ يۈرۈپ-تۇ. ئەتراپتىكى پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرى ئەلچى ئەۋەتكەن

بولسىمۇ، مەلىكە ئۈلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۇنىماپتۇ. مەلىكى-
نى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن شاھزادىلەر، بەگزادى-
لەر، بايۋەچچىلەر ۋە ئادەتتىكى يىگىتلەر ئېلان بىلەن بۆرگە
تېرىسى چاپلانغان جايغا كېلىپ ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ،
تېرىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ، لېكىن بۇلاردىن ھېچكىم تونۇپ
بېرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زىندانغا تاشلىنىپتۇ.

بىر جۇمە كۈنى پادىشاھ بىلەن مەلىكە تۆت كوچا ئاغزى-
دىكى راۋاقتا تاماشا كۆرگىلى كەپتۇ. ئاق تون كىيگەن يى-
گىتلەر مەسچىتتىن يېنىپ بۇ يەرگە قاراپ كېلىشكە باشلاپتۇ.
بۇلارنى كۆرگەن ئەھلى جامائەت ئۈلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ھاي يىگىتلەر، ياش تۇرۇپ بىھۇدە ئازاب چەكمەڭلار،
ئارقاڭلارغا قايتىپ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈڭلار، — دەپ
نەسىھەت قىپتۇ. يىگىتلەر بىردەكلا:

— جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ. بىز
بۈگۈن يا بۇ تېرىنى تونۇپ بېرىپ مەلىكىنى ئالىمىز، يا تو-
نۇپ بېرەلمەي، پادىشاھنىڭ زىندانىدا ئارام تاپىمىز، — دەپ
ئۇناشماپتۇ. بەختكە قارشى ئۈلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى تونۇپ
بېرەلمەپتۇ، ھەممىسى زىندانغا تاشلىنىپتۇ. مەلىكە ئايتىللا
بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىپتۇ، ئۇ دادىسىنىڭ بۇ قىلى-
مىشىدىن يىرگىنىپتۇ. بۇنداق ئىشنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، دەپ
راۋاقتىن چۈشۈپ ھەرەمگە قايتىپ كېتىپتۇ، ھەرەمدە غەزى-
پىگە پايلىماي:

— ئى خۇدا، مېنى نېمىشقىمۇ تۆرەلدۈرگەنسەن؟! ئاتام
مېنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ، شۇ بۆرگىنىڭ تېرىسىنى
تونۇپ بېرىش - بېرەلمەسلىكنى شەرت قىلىپ، نۇرغۇن بى-
گۇناھ جانلارنى قىيناۋاتىدۇ. سەن قۇدرىتىڭنى ئىشقا سېلىپ،
مېنى رىزقىم قوشۇلغان بىر يىگىتكە ئاتا قىلىپ، بۇ شەر-

مەندە ئويۇنغا خاتىمە بەرگىن ! — دەپ تىلەپتۇ.

ئەمدى گەپنى باشقا جايدىن ئاڭلاڭ:

بۇ شەھەردە ھىم ئاتلىق بىر جادۇگەر بولۇپ، ئۇمۇ مە-لىكە ئايتىللانىڭ پىراقىدا كۆيۈپ يۈرگەنىكەن، لېكىن ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پەقەت ئوتتۇرىغا چىقالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ كېچە - كۈندۈز يوشۇرۇن ھالدا مەلىكە ئايتىللا-نىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا كېلىپ تىڭ - تىڭلاپ يۈرۈپتۇ. مەلى-كە ئايتىللانىڭ ھەرەم ئىچىدە غەزەپ بىلەن سۆزلەۋاتقان ۋاقتى جادۇگەر ھىمنىڭ تىڭ - تىڭلاۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ ئاغزىدىن بۇرگە تېرىسى ئىكەن-لىكىنى ئاڭلىۋېلىپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ-تۇ. ئۇ دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى تېرىنى تونۇپ دەپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— نېمىنىڭ تېرىسى؟ قېنى ئېيتىپ باق ! — دەپتۇ.



جادۇگەر ھېم:
— پادىشاھىئالەم، بۇ بۆرگىنىڭ تېرىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
قاراخان پادىشاھ ۋەدىسىدىن يانالماي، خەلقىئالەم ئالدىدا مەلىكىنى جادۇگەر ھېمغا بەرمەكچى بوپتۇ. توي كۈنلىرى يېقىنلاپ قاپتۇ. مەلىكە ئايتىللا جادۇگەرگە تېگىشكە رازى بولماي، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپتۇ.
قاراخاننىڭ بىر دۆلدۆلى بار ئىكەن، ئۇ گەپ ئۇقىدىكەن، ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىگە يېقىندىن ياردەم قىلىدىكەن. مەلىكە ئايتىللا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئات:
— بۈگۈن كەچتە كىشىلەرنىڭ ئايىغى بېسىققاندا مېنى مىنىپ قاچ، مەن سېنى چوقۇم ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرىمەن. شەرتىم شۇكى، ماڭا قامچا سالمايسەن، يانچۇقۇڭغا بىر دانە تارغاق، سۆزگۈچ، ئەينەك سېلىۋالىسەن، — دەپتۇ.
مەلىكە ئايتىللا ماقۇل بوپتۇ. ئۇ تۈن يېرىمىدا ئاتنى ئېغىلدىن يېشىپ چىقىپ مىنىپ، يادىدا يوق ئالدىراپ كېتىپ بىر قامچا ئۇرغانىكەن، ئات ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپتۇ. ئەگەر قامچا ئۇرۇلمىغان بولسا، ئات ھاۋادا ئۇچىدىكەن.
جادۇگەر ھېم مەلىكە ئايتىللانىڭ قاچقانلىقىنى بىلىپ دەرھال ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ ۋە تاڭ يورۇي دېگەن چاغدا يېتىشىۋاپتۇ. مەلىكە ئايتىللا ئارقىسىغا قاراپ، جادۇگەر ھېمنىڭ يېتىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاتقا ئېيتىپتۇ. ئات مەلىكىگە:
— دەرھال تارغاقنى يەرگە تاشلا ! — دەپتۇ. مەلىكە تارغاقنى تاشلاپتۇ، شۇ ھامان كەينىدە دېڭىز پەيدا بوپتۇ. ئات بىلەن مەلىكە شۇ ماڭغانچە قوشچوققا دېگەن گۈزەل شەھەر دائىرىسىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى قەمتۇر شاھنىڭ رەۋەيدۇللا دېگەن بىر شاھزادىسى بار ئىكەن. ئۇ

چىراي ۋە قەددى ـ قامەتتە بۇ يۇرتتا بىر ئىكەن، ئەقىل ـ پاراسەتتە يېتىلگەن، بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە مۇلايىم يىگىت ئىكەن. شۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى شاھزادىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا يىگىت تاللاپ يۈرگەنىكەن. مەلىكە ئاي- تىللا يىگىتچە ياسىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ يا- ساۋۇللىرى ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا:

— مۇشۇ يىگىت شاھزادىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا لايىق ئىكەن، — دەپ تاللاپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ، شاھزادە ئۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ.

مەلىكە ئايتىللا شاھزادىنىڭ قىرىق خىزمەتچىسىنىڭ بى- رى بولۇپ خىزمەت قىلىپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى شاھزادە رەۋەيدۇللا «يىگىت»كە كۆيۈپ قاپتۇ، ئەمما شاھزادە كۆڭلىدە ئوغۇل بالىغا كۆيۈپ قالغىنىم قانداق بولغىنى؟ ! دەپ ھەيران قېلىپ، كىشىلەرگە سىرىنى ئېيتىشتىن ئۇيى- لىپ يۈرۈپتۇ. كۆيۈك ئوتى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەي، سارغىيىپ دەرمانىدىن كېتىشكە باشلاپ- تۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى داڭلىق تېۋىپلارنى ئەكەلدۈرۈپ داۋالى- تىپتۇ، لېكىن شاھزادە پەقەت شىپا تاپالماپتۇ. ئۇ تېخىمۇ ئاجىزلاپ، باغرىنى نەم يەرگە يېقىپ ياتىدىغان ھالغا كېلىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ تېخىمۇ غەمگە چۈشۈپ، يەنە تې- ۋىپ ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بوپتۇ.

شاھزادىنىڭ خوجا باقى ئاتلىق ئەڭ يېقىن بىر دوستى بار ئىكەن. شاھزادە دادىسىغا ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىك سالغانلىقى ئۈچۈن، دوستىنى بىر پىنھان جايغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي دوستۇم، دادام مېنى ئاغرىپ قالدى دەپ داۋالىتىپ، بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ. مەن ئاغرىپ قالمىدىم... مەن ساق.



— ئۇنداق بولسا، شاھزادەم، ساڭا نېمە بولدى؟
— ھېچ نەرسە بولمىدى.
— نېمە سىرىڭ بولسا يوشۇرماي ئېيت، بىز تەييار !
شاھزادە قايتا گەپ قىلماي ئىككىلىنىپ جىم بولۇپ قاپتۇ. خوجا باقى ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ:
— ئەي شاھزادە، ئىككىمىز قىيامەتلىك دوستلارمىز، دوستلار بىر - بىرىدىن سىرىنى يوشۇرسا، خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ — دەپتۇ.
— ئەي دوستۇم، — دەپتۇ شاھزادە، — سېنىڭ دېگىنىڭمۇ توغرا، شۇنداق بولسىمۇ ئېيتىشتىن خىجىل بولۇۋاتىمەن...
— خىجىل بولىدىغان نېمىسى بار؟ تارتىنماي ئېيت !
شاھزادە دوستىغا يۈز كېلەلمەي، سىرىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:
— مېنى شۇ ھالغا كەلتۈرگەن بىر ئىش بار، مەن ساڭا ئېيتاي، ھازىرچە ئىككىمىزنىڭلا ئارىسىدا قالسۇن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، شاھزادەم، — دەپتۇ خوجا باقى.

شاھزادە دوستىنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، بىر قىزىرىپ - بىر تاتىرىپ:

— دوستۇم، ئوغۇل بالىغا كۆيۈپ قاپتۇ دەپ، مېنىڭدىن كۈلمىگىن، مەن خىزمەتچىلىرىم ئىچىدىكى ھېلىقى يىگىتكە كۆيۈپ قالدىم... — دەپ سىرىنى ئېيتىپتۇ.

— شاھزادەم، — دەپتۇ خوجا باقى، — بۇنى ئەيىب دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ يىگىت ئەرەنچە ياسىنىۋالغان قىز بولۇشى مۇمكىن، بۇنى بەلكىم سېنىڭ يۈرىكىڭ تۇيغاندۇ. مېنىڭچە، سىناپ باقساق، قىز ياكى يىگىتلىكى بىردەمدە ئايان بولىدۇ.

— قانداق سىناپ باقىمىز؟

— سىنايدىغان ئامال كۆپ، پەقەت سەنلا رۇخسەت قىلساڭ.

— ئۇنداق بولسا، سەن ھازىردىن باشلاپ سىناپ كۆرگىن!

— بولىدۇ.

خوجا باقى بىر خىزمەتچى يىگىتنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ، بازاردىن ھەر خىل يىپ، ئاق رەخت، يىڭنە سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. يىگىت بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. خوجا باقى خىزمەتچى يىگىتلەرنى يىغىپ، ئوتتۇرىغا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر قىزىلگۈلنى قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھازىر سىلەر مۇشۇ گۈلنى بىر پارچە رەختكە كەشتىلەپ چىقىسىلەر، كىم ئەينەن كەشتىلەپ چىقسا مۇكاپات بېرىلىدۇ.

خوجا باقى ئۆز قولى بىلەن خىزمەتچى يىگىتلەرگە ئاق رەخت، ھەر خىل يىپ، يىڭنە تارقىتىپ بېرىپتۇ.

خىزمەتچى يىگىتلەر گۈلنى كەشتىلەشكە كىرىشىپتۇ. مەلىكە ئايتىللا بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئاتنىڭ قېشىغا كې-

لىپ، ئۇنىڭدىن قانداق قىلىشنى سوراپتۇ.

— ئۇلار سىنى سىنىماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئات، — گۈلنى سەت كەشتىلە، يىڭنە ئىشنى قوپال قىل، شۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭنى يوشۇرۇپ قالالايسەن.

مەلىكە ئايتىللا ئاتنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ، يىگىتلەرنىڭ قىشىغا قايتىپ كېلىپ، ئىشنى ئات دېگەندەك قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە دوستىغا:

— يىڭنىنى تۇتۇشىغا، قىلغان ئىشلىرىغا قارىغاندا بۇ قىز ئەمەس، ئوغۇل بالىكەن، — دەپتۇ، مەقسىتىمگە يېتەلمەيدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ، روھى ئاۋۇالقىدىنمۇ بەك چۈشۈپتۇ، مۇھەببەت پىراقى ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى باسالماي ھوشىدىن كېتىپتۇ. خوجا باقى شاھزادىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، يۈزىگە مۇزدەك بۇلاق سۈيى سېپىپ، بۇرنىغا خۇشبۇي نەرسىلەرنى پۇرىتىپ، تەسلىكتە ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي دوستۇم، ھازىرچە كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت. ئايال زاتىنىڭ قىرىق تۆگىگە يۈك بولىدىغان ھىيلىسىنى بىلمەمسەن؟ ئۇ بەلكىم ئۆزىنى يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ. بىزمۇ بوش كەلمەي يەنە سىناپ كۆرۈپ باقايلى.

— يەنە قانداق سىنايمىز؟ — سوراپتۇ شاھزادە.

— بۈگۈن كېچە، — دەپتۇ خوجا باقى، — يىگىتلەرنى شاراب ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىشقا ئۈيۈشتۇرىمىز، تاكى ئۇ مەست بولغۇچە شاراب ئىچىشنى توختىتىپ قويمايمىز، مەست بولغاندىن كېيىن كىيىمىنى يېشىپ كۆرسەكلا ئاشكارا بولمامدۇ؟

شاھزادە دوستىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. مۇلازىملار

كۆڭۈل ئېچىش تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ، تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن كۆڭۈل ئېچىش باشلىنىپتۇ. مەلىكە ئايتىللا يەنە بۇ سورۇندىن چىقىپ، ئاتىنىڭ قېشىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئات:

— ئېتىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دەپلا ئىچسەڭ مەست بولمايسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە ئايتىللا خاتىرجەم بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا قايتىپ كىرىپتۇ. شارابلار پىيالىلەرگە قۇيۇلۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كەلگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كۈچى بىلەن يىگىتلەر بارغانچە قىزىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ، مەيداننى بىر ئاپتۇ. شاراب قۇيۇش توختىماپتۇ. يىگىتلەر مەست بولۇشۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يىقىلىشقا باشلاپتۇ. ئاردا پەقەت مەلىكە ئايتىللالا ئاتىنىڭ دېگىنىدەك ئىچىپ مەست بولماپتۇ، قارىسا، شاھزادە بىلەن خوجا باقى ئۈنىڭغا يەنە ھاراق قۇيغىلى تەمشىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايتىللا تالاغا چىقىشنى باھانە قىلىپ سورۇندىن ئايرىلىپ، ئاتنىڭ قېشىغا كەپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ئات سۇغا چۆمۈلگەندەك بولۇپ، تۈكلىرىدىن تەر تامچىلاپ تۇرغۇدەك. ئايتىللا بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئاتقا ئىچى ئاغرىپ نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئات:

— ساڭا بېرىلىۋاتقان شارابنى مەنلا ئىچتىم، ئەمدى مەن بولالمايۋاتىمەن. ساڭا يەنە شاراب بېرىشسە: «يالغۇز ئىچكەن شاراب، بولار جانغا ئازاب» دەپ، ئۇلارنىمۇ ئىچىشكە تەكلىپ قىلغىن، — دەپتۇ.

مەلىكە ئايتىللا «بولىدۇ» دەپ سورۇنغا قايتىپ كىرىپتۇ. شاھزادە بىلەن خوجاباقى ئۈنىڭغا پىيالىنى تۇشقۇزۇپ شاراب



تۇتۇپتۇ. مەلىكە پىيالىنى ئەدەپ بىلەن قولىغا ئېلىپ، ئات ئۆگەتكەن گەپلەرنى ئېيتىپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

بۇلبۇل سايرار نەدە چىمەنسىز؟
دۇلدۇل مىنەر نەدە يۈگەنسىز؟
ئەي شاھزادەم، ئېيتىپ بېقىڭچۇ،
شاراب ئىچىلەر نەدە يارەنسىز؟

شاھزادە «يىگىت» ئوقۇغان بۇ بېيىتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چۆلدە قالغان كىشى سۇ تېپىپ ئىچكەندەك، تاڭ سەھەردە بۇلبۇلنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغاندەك خۇشال بولۇپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۆزىنىڭمۇ پىيالىنى توشقۇزۇپ شاراب ئىچكۈسى كەپتۇ، دوستىغا پىيالىلەرگە توشقۇزۇپ شاراب قۇيۇشنى بۇيرۇپتۇ، بۇ ئۈچەيلەن راھەتلىنىپ ئىچىشىپتۇ.

شاھزادە قىزىپ روھى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، قولىغا شاراب توشقۇزۇلغان پىيالىنى ئېلىپ «يىگىت»كە قاراپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

بۇ كېچە جان راھىتى،
ئىچتىم سەن بىلەن شاراب.
ھۆرلەر بىلەن ئوينىغاندەك،
دەردلىرىم كەتتى تاراپ.

سەن بىلەن ئىچسەم شاراب،
مەست بولمىسام ئۇيقۇسىراپ.
بۇ كېچە تاڭ ئاتمىسا،
ھەم چىقمىسا كۈن ئالدىراپ.

شاھزادىنىڭ يۈرىكىدىن بېيىت ئەمەس، مۇھەببەت يالقۇنى چىقىپتۇ. مەلىكە ئايتىللا بۇنى سېزىپ، شاھزادىگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

ھەر كېچىنىڭ كەينى تاڭدۇر،
قۇياش چىقار كەڭ ئۇپۇقتا.
دائىم شۇنداق خۇشال ئويناڭ،
قىينالماستىن ئىچ پۇشۇقتا.

بۇنى ئاڭلاپ شاھزادىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتىپتۇ، قولىدىكى شارابنى «يىگىت» ۋە خوجا باقى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋېتىپتۇ، شارابنىڭ تەسىرىدىن شاھزادە، خوجا باقى دەرھاللا مەست بولۇپ يىقىلىپ چۈشۈپ-تۇ. مەلىكە ئايتىللا ساق قېلىپ، ئورۇن هازىرلاپ ئۇلارنى ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. سىناق شۇنىڭ بىلەن مەغلۇپ بوپتۇ. ئە-تىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە شاھزادە بىلەن خوجا باقى مەستلىكتىن تەسلىكتە يېشىلىپ، ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپتۇ. شاھزادە ئۆزىنىڭ شاراب ئىچىپ مەست بولغىنىغا تولىمۇ

پۇشايمان يەپتۇ، مۇھەببەت پىراقى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئۆزد-
نى تۇتۇۋالالماي، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. خوجا باقى بۇ ئەھۋالنى
كۆرۈپ تەسەللى بېرىپ:
— ئەي شاھزادەم، كۆڭلۈڭنى بۇزما ! بىز ئۇنى تېپىشقا
ئىككى قېتىملا سىنىدۇق. يەنە بىر قېتىم سىناپ باقايلى. بۇ
قېتىم ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلىشىمىزغا كۆزۈم يېتىپ
تۇرىدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە دوستىنىڭ تەسەللىسى بىلەن ئۆ-
زىنى يىغىدىن توختىتىپ:
— يەنە قانداق سىنايمىز؟ — دەپتۇ.
— بۇ قېتىم يىگىتلەرنى يالىڭاچلاپ سۇ ئويۇنىغا سالد-
مىز. ئۇنىڭ سىرى شۇ چاغدىمۇ ئاشكارا بولماسمۇ؟ !
شاھزادە دوستىنىڭ بۇ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئىشنى
دەرھال باشلاشنى بۇيرۇپتۇ.
خوجا باقى يىگىتلەرنى چارباغدىكى كۆل بويىغا يىغىپتۇ،
ئۇلارغا:
— شاھزادىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن سۇ ئويۇنى
قىلىمىز، ھەممىڭلار ئاندىن تۇغما بولۇپ سۇغا سەكرەيسد-
لەر، — دەپتۇ.
مەلىكە كۆزنى غەلەت قىلىپ، ئاتنىڭ قېشىغا بېرىپ
مەسلىھەت سوراپتۇ. ئات:
— ئەمدى سىرىڭنى يوشۇرمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ
قىز ئىكەنلىكىڭنى ئاشكارا قىل، — دەپتۇ. مەلىكە ئاتنىڭ
قېشىدىن كۆل بويىغا قايتىپ كەلسە، باشقا ھەمراھلىرى سۇ-
غا چۈشۈشكە ھازىرلىنىپ بوپتۇ. مەلىكە ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقد-
نى كۆرۈپ يان تەرەپكە قارىۋاپتۇ. سۇغا سەكرەش بۇيرۇقى بېرد-
لىپتۇ، يىگىتلەر ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىپتۇ. مەلىكە ئايتىللا
قاشتا يالغۇز قاپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي خىزمەتچىم، سەن نېمىشقا مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئورۇندىمايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. «يىگىت» جاۋاب بەرمەي ئىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

— مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ شاھزادە. «يىگىت» شۇندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، شاھزادىگە:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھزادەم، مېنى سۇغا چۈشۈرۈپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ مەندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى سۇغا چۈشتىغۇ، شۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ئويۇنى سىزگە يەتمەمدۇ؟ مەن ھازىر بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن بەكمۇ ئىزا تارتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان خوجا باقى شاھزادىنى ياقىغا تارتىپ مۇنداق دەپ شىۋىرلاپتۇ:

— شاھزادەم، ئۇمىدىنىڭ يۇلتۇزى يېنىش ئالدىدا. سىز ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشماي، قالغانلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ تۇرۇڭ. مەن خىلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاي.

— بولىدۇ، شۇنداق قىل.

خوجا باقى «يىگىت»نى خالىي جايغا ئېلىپ بېرىپتۇ. سىرنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە باشلاپتۇ:

— ساڭا شاھزادەم بەكمۇ ئېتىبار بېرىۋاتىدۇ. سەن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلماي نېمىشقا قوپاللىق قىلىسەن؟

— مەن قوپاللىق قىلمىدىم، ئىززەت ـ ھۆرمەت، ھايا ـ نومۇس بىلەن ئىش قىلدىم، — دەپتۇ «يىگىت».

— بىر قۇلنىڭ ئۆز خوجايىنىنىڭ دېگىنىنى قىلماي بىشەملىك قىلىشى ئىززەت ـ ھۆرمەت، ھايا ـ نومۇس بىلەن ئىش قىلغانلىق بولامدۇ؟ سېنى شاھزادەم ئېغىر جازاغا تارتماقچى، — دەپتۇ خوجا باقى.

— نېمە قىلغىنىمغا جازاغا تارتىدىكەن؟

— دېگىنىنى قىلمىغىنىڭ ئۈچۈن.

«يىگىت» ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. بۇ چاغدا خوجا باقى مۇنداق دەپتۇ:

— سەن خاتىرجەم بول، مەن سېنىڭ گۇناھىڭنى تىلىۋا-لىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرلا ئاددىي شەرتىم بار. ئۇ بولسىمۇ، بۇگۈنكى ئىشنىڭ سىرىنى ماڭا دەپ بەرسەڭ بولىدۇ.

«يىگىت» يەنىلا جىم تۇرۇۋاپتۇ. خوجا باقى كۆچلاپ قىستاۋېرىپتۇ. «يىگىت» ئاخىر نېمە بولسا بولار، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— مەن قىز تۇرسام، — دەپ ئالمىدەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋاپتۇ. خوجا باقى سىرنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىدىن بېشى كۆككە يەتكۇدەك خۇشال بوپتۇ. سۆھبەتنى شۇ يەردىلا توختى-تىپ، مەلىكىنى ئۆز خانىسىغا ماڭغۇزۇۋېتىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. بۇ ھالدىن ياخشىلىق سەزگەن شاھزادە دوستىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. خوجا باقى ئۆزىنى باسالماي:

— سۆيۈنچە ! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

— سېنىڭدىن پۈتۈن مال - دۇنيايىم ئايلانسۇن. گېپىڭ-نى تېز ئېيت !

— قىز ئىكەن !...

بۇنى ئاڭلاپ شاھزادىنىڭ خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلغۇ-دەك بوپتۇ ۋە ئورنىدا جىم تۇرالماي، كىچىك بالىدەك تۈمى-قىنى ئاسمانغا ئېتىپ سەكرەپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال سۇ ئو-يۇننى يىغىشتۇرۇپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئايى-غىغا يىقىلىپتۇ. مەلىكە ھەيران قېلىپ، ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

شاھزادە مەلىكىنىڭ پاختىدىن ئاق، يىپەكتىن يۇمشاق

بۇدرۇق قولىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يىلىنغان تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي مەلىكىزادە، سەن بۇ يەرگە پەيدا بولغىنىڭدىن تارتىپ يۈرىكىمگە شۇنداق يالقۇنلۇق بىر ئوت تۇتاشتى، مەن ئۇنى كىشىلەردىن يىنھان تۇتۇپ، ئۆزۈمنى تۇگەشتۈرگىلى تاس قالغاندىم. بۈگۈن سىرىڭنى ئۇقۇش بىلەن، خازان بولۇشقا ئاز قالغان ھاياتىم تەشنالىقتىن نابۇت بولاي دېگەن مايسىلار سۇ ئىچىپ ياشارغاندەك ياشاردى. ھازىر ئايىغىڭدا جان بەرسەم رازى...

مەلىكە ئايتىللا شاھزادىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يۈرىكىگە غايىبتىن بىر ئوت كىلىپ تۇتىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ مۇھەببەت رىشتىسى باغلىنىپتۇ.

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھزادەم، — دەپتۇ مەلىكە ئايتىللا، — مەن ئۇچۇن مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەنلىكىڭىزدىن بىخەۋەر يۈرۈپتىمەن، ئەمدى مۇھەببەت گۈللىرى ئېچىلىپ، ياشنايدىغان چاغ يېتىپ كەلدى. مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا...

شاھزادە مەلىكىنىڭ بۇ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، يۈرىكىدىن مۇھەببەت ھېسلىرى فونتاندەك ئېتىلىپتۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالماي مەلىكىنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ. ھېقىقەتەك سۈزۈك، ھەسەلدەك تاتلىق لەۋلەر بىر – بىرىگە مەھكەم جۈپلىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قەمتۇر شاھتىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ شاھزادە رەۋىيدۇللا بىلەن مەلىكە ئايتىللانىڭ مۇھەببىتىدىن خەۋەر تېپىپ، خۇشاللىقىدىن بېشى كۆككە يېتىپتۇ. ۋەزىرلەرنى، دانىشمەنلەرنى، ئەمىر، بەگلەرنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ توي ھازىرلىقىغا كىرىشىپتۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، پادىشاھ پۈتۈن شەھەر

خەلقىگە ئاش تارتىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە رەۋەيدۇللا بىلەن مەلىكە ئايتىللا بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، مەلىكە ئايتىللانىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە رەۋەيدۇللا مەلىكە ئايتىللانىڭ ئارغىمىقىنى مىنىپ، قىرىق يىگىت بىلەن ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي مەلىكە-نىڭ ۋاقتى ـ سائىتى توشۇپ كۆزى يورۇپتۇ. ئۇ شۇنداق قوشكېزەك پەرزەنت كۆرۈپتۇكى، بىرى ئالتۇن باشلىق ئو-غۇل، بىرى ئۈنچە چېشلىق قىز ئىكەن. قەمتۇر شاھ نەۋرى-لىرىدىن سۆيۈنۈپتۇ، ئوغلىنى ئايالىنىڭ تۇغقانلىقىدىن خە-ۋەردار قىلىش ئۈچۈن، قولىغا قەلەم ئېلىپ تۆۋەندىكى خەتنى يېزىپتۇ:

«ئوغلۇم رەۋەيدۇللا، ئوۋ قىلىپ ھېرىپ ـ چارچاپ يۈر-گەن چېغىڭدا ساڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ سېنى خۇشال قىلاي: ئايالىڭ سەن سەپەرگە ئاتلىنىپ ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئالتۇن باشلىق بىر ئوغۇل، ئۈنچە چېشلىق بىر قىز تۇغدى. ئادەم ئاتام، ھاۋا ئانامدىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇنداق ساھىبجامال پەرزەنتلەر يەر يۈزىدە ھېچقانداق ئانىدىن تۇغۇلغان ئەمەس ئىدى. خۇدايىم بىزگە شۇنداق پەرزەنتنى ئاتا قىلدى. ئەمدى بىز ئۆلۈپ كەتسەكمۇ، چىرىغىمىز ئۆچمەيدىغان بولدى. سېنىڭ ئوۋدىن دەرھال قايتىپ كېلىپ، پەرزەنتلە-رىڭنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن !»

پادىشاھ خەتنى يېزىپ بولۇپ، ئۆز ئىسمىنىڭ ئۈستىگە مۆھرىنى بېسىپ، خوجا باقى ئارقىلىق شاھزادە رەۋەيدۇللاغا ئەۋەتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى جادۇگەر ھىمدىن ئاڭلايلى:

جادۇگەر ھەم دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدا قالغاندىن كېيىن، بىر كېمە ياساشقا كىرىشىپتۇ. كېمىسى پۈتكەندىن كېيىن، دېڭىزنىڭ بۇ قېتىغا ئۆتۈپتۇ. مەلىكە ئايتىللانىڭ قايسى تە-رەپكە كەتكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن قۇرئەسكە قاراپتۇ. قۇر-ئەدە مەلىكە ئايتىللانىڭ شاھزادە رەۋەيدۇللا بىلەن توي قىل-غانلىقى، ھازىرقى پەيتتە ئالتۇن باشلىق ئوغۇل بىلەن ئۈنچە چىشلىق قىز تۇغقانلىقى كۆرۈنۈپتۇ. بۇنىڭدىن جادۇگەر ھەم قاتتىق غەزەپلىنىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقانىكەن، ئاغزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ چىقىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىگە ھاي بېرىپ، قۇرئەسكە يەنە قاراپتۇ. قۇرئەدە مەلىكە ئاي-تىللانىڭ تەۋەللۇت قىلغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ بىر كىشىنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلگىنىدە، ئۇنىڭ سەت ئاۋازى ئەتراپقا ئەنسىزلىك سېلىپ تاراپتۇ. جادۇگەر ھەم خەۋەر ئې-لىپ كېلىۋاتقان كىشىنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر ئويلاشقا كىرىشىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي خوجا باقى بۇ يەر-گە يېتىپ كەپتۇ. جادۇگەر ھەم ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ياۋاش، مۇلايىم بىر دېھقان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئەھۋال سوراپتۇ:

— سىز كىم بولىسىز؟ قايسى تەرەپتىن كېلىۋاتىسىز؟

خوجا باقى بۇ يالغان ئىلتىپاتتىن ئېرىپ كېتىپ:

— مەن قەمتۇر شاھنىڭ ۋەزىرى خوجا باقى بولىمەن. قوشچوققا شەھىرىدىن كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— مۇبارەك قەدىمىڭىز نەگە ئىكەن؟

— قەمتۇر شاھنىڭ شاھزادىسى رەۋەيدۇللانى ئىزدەپ كېلىۋاتىمەن.

— ئۇ شاھزادە نەدىكەن؟



— ئۇ شاھزادە قىرىق كۈنلۈك ئوۋغا چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئۇنى ئىزدەپ ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ ئوۋنى تۈگىتىپ قايتىپ بارمامدۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق بولاتتى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان مۇھىم خەۋەر بار ئىدى.

— خەۋەرنى كەمىنىلىرى ئۇقسىمۇ بولامدۇ؟

— بولىدۇ. باشقا ئىش ئەمەس. ئۇ جانابنىڭ مەلىكىسى ئالتۇن باشلىق ئوغۇل، ئۈنچە چىشلىق قىز تۇغقانىدى، پادىشاھىمىز ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن خەت ئەۋەتتى.

جادۇگەر ھىم تۈلكىدەك ھىجىيىپ:

— خاسىيەتلىك خۇش خەۋەر ئىكەن. شاھزادىنىڭ ئالتۇن باشلىق ئوغۇل، ئۈنچە چىشلىق قىز پەرزەنت كۆرگەنلىكىگە مۇبارەك بولسۇن ! — دەپتۇ.

— قۇللۇق ! — دەپتۇ خوجا باقى.

— كۆپ يول يۈرۈپ ھېرىپ كېتىپسىز، — دەپتۇ جادۇگەر ھەم خوجا باقىغا، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى. ئۆيۈمگە چۈشۈپ چاي - پاي ئىچىپ، ئارام ئېلىپ ئۆتەرسىزمىكىن؟

— بولىدۇ، — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ خوجا باقى.

جادۇگەر ھەم خوجا باقىنى ئۆيىگە باشلاپتۇ. خوجا باقىمۇ شۇ چۆلدە مۇشۇنداق بىر كىشىگە يولۇققانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ. جادۇگەر ھەم ئالدى بىلەن مۇزدەك سوغۇق قوغۇن - تاۋۇزلارنى يېچىپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن تاماق ھازىرلاپ كىرىپتۇ، ئۇنىڭغا ئۇخلىتىدىغان دورا ئارىلاشتۇرۇپ قويغانىكەن. خوجا باقى بۇنى ئۇقماي تاماقنى راھەتلىنىپ تويغۇچە يەپتۇ، ئارقىدىنلا مەست بولغان كىشىدەك بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئۇخلاپ كېتىپتۇ. جادۇگەر ھەم خوجا باقىنىڭ خەتدانىدىن پادىشاھ يازغان خەتنى ئېلىپ ئوقۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ جادۇگەرلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، خەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئەكسىچە قىلىپ تۆۋەندىكى خەتنى يېزىپتۇ:

«ئوغلۇم رەۋەيدۇللا !

چۆل - جەزىرىلەردە، ئورمانلاردا ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ ھېرىپ - چارچىغانسەن. بۇ خەت ئارقىلىق سېنىڭدىن ھال سورايمەن ۋە ساڭا بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىمەن. ئۇ بولسىمۇ، سەن كېتىپ ئۇن كۈندىن كېيىن مەلىكەڭنىڭ كۆزى يورۇدى. ساڭا مالال كەلمىسۇن، راستىنى ئېيتسام، مەلىكەڭ توڭگۇز باشلىق بىر ئوغۇل، ئىت باشلىق بىر قىز تۇغدى. بۇنداق پەرزەنتلەر ئادەم ئاتام، ھاۋا ئانامدىن بېرى دۇنيا يۈزىگە تۇغۇلۇپ باققان ئەمەس. مەلىكەڭ بىزنىڭ پادىشاھلىق سەلتەنىتىمىزنىڭ ئار - نومۇسىنى يەرگە ئۇردى. بۇنى ئەل - جامائەتتىن شۇنچە پىنھان تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلساقمۇ، شە-

ھەرگە پۇر بولۇپ تاراپ كەتتى. ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دىگەندەك، ھەر كۈنى شەھەر خەلقىدىن پادىشاھىمىزنىڭ بۇ نەۋرىلىرىدىن خەلققە بالايىئاپەت كىلىدۇ، پادىشاھ ئۇلارنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋەتمىسە بۇ شەھەردە تۇرمايمىز، دىگەن ئەرز ۋە تەلەپلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلمەكتە. خەت قولۇڭغا تەگكەن ھامان قانداق قىلىش توغرىسىدا تېز خەۋەر بەرگەيسەن!»

جادۇگەر ھىم خەتنى قاتلاپ، يەم بىلەن خوجا باقىنىڭ خەتدانىغا سېلىپ قويۇپتۇ. خوجا باقى بىر ھازا ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن، جادۇگەر ھىمگە رەھمەت ئېيتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ شاھزادە رەۋەيدۇللا بارگاھ قۇرۇپ ئارام ئېلىۋاتقان جايغا كەپتۇ. خوجا باقى شاھزادە بىلەن سالاملىشىپ، تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى يەتكۈزۈپ شاھزادىنى خاتىرجەملەندۈرگەندىن كېيىن، خەتنى بېرىپتۇ. شاھزادە خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ، ئۆز كۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەپتۇ، شۇ ۋەجىدىن قايتا ـ قايتا ئوقۇپتۇ، بۇ خەتتىن گۇمانلانغۇدەك ھېچ نەرسىنى سەزمەپتۇ. خۇدايىم ئۆز قۇدرىتى بىلەن ماڭا ئاشۇ پەرزەنتلەرنى ئاتا قىلغان ئوخشايدۇ دەپ، كۆڭلى يېرىم، روھى چۈشكۈن بولۇپ، خوجا باقىدىن قايتا ئەھۋال سورىمايلا، قولىغا قەلەم ئېلىپ تۆۋەندىكى خەتنى يېزىپتۇ:

«ھۆرمەتلىك قەمتۇر شاھ ئاتا!

مۇبارەك قولىڭىز بىلەن يازغان نامەڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. سىزنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىڭىزنى ئۇقۇپ خۇشال بولدۇم. خەتتە ئايالىمنىڭ تۆڭگۈز باشلىق بىر ئوغۇل بىلەن ئىت باشلىق قىز تۇغقانلىقىنى يېزىپسىز. خۇدايىم ماڭا شۇنداق پەرزەنتلەرنى ئاتا قىپتۇ، شۈكۈر قىلماي بولمايدۇ. خالايىق تا-

يا ـ تەنە قىلسا چىداپ، غوۋغا قىلسا توسۇپ، خەت بارغۇچە ئۇلارنى مەخپىي جايدا ساقلاپ تۇرۇشىڭىزنى، ئايالىمغا ھېچ-قانداق ئازار بەرمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەرقانداق ئىش بولسا مەسلىھەتلىشىپ قىلارمىز».

شاھزادە خەتنى خوجا باقىغا بېرىپ، پادىشاھقا دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

خوجا باقى شاھزادە قېشىدا ئارامىمۇ ئالماستىن دەرھال يولغا چىقىپتۇ. ھېرىپ ـ ئاچقان چاغدا جادۇگەر ھىمىنىڭ تۇرار جايىغا يېتىپ كەپتۇ. جادۇگەر ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. تا-ماققا يەنە ئۇخلىتىدىغان دورا قوشۇپ بېرىپ قاتتىق ئۇخلى-تىۋېتىپتۇ. جادۇگەر خوجا باقىنىڭ خەتدانىدىكى خەتنى پەم بىلەن ئېلىپ ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئەكسىچە بولغان تۆۋەندىكى خەتنى يېزىپتۇ:

«ھۆرمەتلىك قەمتۇر شاھ ئاتا !

مۇبارەك قولىڭىز بىلەن يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋال-دىم. سىزنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرغانلىقىڭىزنى ئوقۇپ خۇشال بولدۇم. خەتتە ئايالىمنىڭ تۇڭگۇز باشلىق بىر ئوغۇل، ئىت باشلىق بىر قىز تۇغقانلىقىنى يېزىپسىز. مۇنداق غەلىتە سۇ-پەتلىك باللار دۇنيادا بىرەر ئانىدىن تۇغۇلۇپ باققىنى يوق. بۇ بەلكىم يامانلىقنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار تى-رىك يۈرسە پادىشاھلىقىڭىزغا قەست قىلىدۇ، يۇرتىمىز خانى-ۋەيران بولىدۇ. ئۇلارنى ئۇردا ئىچىدە مىنۇت ـ سېكۇنت ساقلاپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى كۆزدىن يو-قىتىش لازىم. ئۆلتۈرۈشكە كۆزىڭىز قىيمىسا، ئانا بىلەن با-لىلارنى بىر چامبۇل ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، چەمبەرچاس

باغلاپ، ئىنسان ئايىغى يەتمىگەن چۆلگە پالىۋېتىڭ، شۇ يەردە قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولسۇن. مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمىسىڭىز، بىز تىرىك كۆرۈشمەيمىز».

ھەم خەتنى ئۆز ئەينى پۈكلەپ خوجا باقىنىڭ خەتدانىغا سېلىپ قويۇپتۇ. خوجا باقى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، جادۇگەرگە رەھمەت ئوقۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ھېرىپ - چارچاپ ھالى قالمىغان بىر چاغدا قوشچوققا شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ، دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام - تەزىم قىلىپ بولۇپ، «شاھزادىنىڭ خېتى»نى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ چىقىپ، بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي، قايتا - قايتا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، ئوغلۇم سارالڭ بولۇپ قالدىمۇ يا؟ دەپ ئويلاپ، خوجا باقىدىن:

— ئوغلۇمنىڭ ئۆزى ساقمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شاھزادىڭىز قېشىڭىزدا تۇرغاندەك ساق - سالامەت، ئوبدان تۇرۇپتۇ، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ خوجا باقى.

— نامەنى قاچان يازدى؟

— سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىزنى ئېچىپ ئوقۇپ، كەينىدىنلا بۇ نامەنى يازدى ۋە دەرھال سىزگە يەتكۈزۈشۈمنى بۇيرۇدى.

پادىشاھ باشقا گەپ قىلماپتۇ، ئوغلىنىڭ خېتىدىن ئاچچىقلىنىپ كەيپى بۇزۇلۇپتۇ. ئوغلىنىڭ «دېگىنى» دەك قىلمىسا، خەتنىڭ ئاخىرىدىكى «بىز تىرىك كۆرۈشمەيمىز» دېگەن سۆزدىن قورقۇپتۇ. ئارزۇلۇق بالىسىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلماقچى بولۇپ، مۇلازىملارغا چامبۇل ئېشەك تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مۇلازىملار شەھەرنى ئاختۇرۇپ، چامبۇل ئېشەك ئىزدەپ يۈرگىنىدە، جادۇگەر ھەم چامبۇل ئېشەككە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. مۇلازىملار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىغا سېلىپ ھەي-

دەپ ئوردىغا ئەكەپتۇ. مەلىكە ئايتىللا بىلەن ئۇنىڭ پەرزەنت-
لىرىنى چامبۇل ئېشەككە تەتۈر مىنىدۈرۈپ، چەمبەرچاس
باغلاپ، چۆل - باياۋانغا ھەيدىۋېتىپتۇ. قەمتۇر شاھ ئۇلارنىڭ
كەينىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ، قان - زار يىغلاپ قاپتۇ.
مەلىكە ئايتىللا بۇ تەقدىرگە بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي
ھەيران بوپتۇ. ھوشىنى يىغىپ ئەتراپىغا قارىسا، ئىنسان
ئايىغى تەگمىگەن چۆل - باياۋاندا كېتىپ بېرىپتۇ، پۇت -
قولىنى ئازادە قىلالماي بوغۇلۇپتۇ، «ۋاي شور پېشانەم !» دەپ
زار - زار يىغلاپتۇ، ياشلىرى ئېقىپ تۈگەپ، مادارىمۇ قالماپ-
تۇ. ئۇ غەزەپلىنىپ مۇنۇ قوشاقنى ئېيتىپ مېڭىپتۇ:

تەگدىم دېسەم شاھزادىگە،
جادۇگەرگە تەگمەي قېچىپ.
تېگىپتىمەن، ئەمدى بىلدىم،
بىر نامەردكە بىلمەي قېلىپ.

ئالتۇن باشلىق، ئۈنچە چىشلىق
پەرزەنت تۇغۇپ بەرسەم ئاڭا.
رەھمەت ئېيتىش ئورنىغا ئۇ
بۇ قىسمەتنى سالدى ماڭا.

جادۇگەرگە تەگكەن بولسام،
ئۇندا شۇنداق پەرزەنت تۇغسام.
بۇ كۈنلەرگە قالماس ئىدىم،
نەدە داۋا، ھەسرەت يۇتسام.

كۆرەر كۈنۈم مۇشۇ ئىكەن،
ماڭسام پۇتقا كىردى تىكەن.

ھەربىر كويغا سالىدىكەن
پۈتۈلگەن شۇم تەقدىر دېگەن.

جادۇگەر ھەم مەلىكە ئايتىللا ئېيتقان بۇ قوشاقلارنى ئاڭلاپ ئىچىدە خۇشال بولۇپ، ئاياغلىرىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، سۇسىز، ئوت - گىياھسىز بىپايان بىر چۆلگە كەپتۇ. مەلىكە ئايتىللا بىلەن باللىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۆزى بىر دومىلاپلا ئۆز ئەكسىگە كەپتۇ، مەلىكە ئايتىللا ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپتۇ ھەم ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى تېشىپتۇ. جادۇگەر خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ، كۈلگەندە ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ، ھىڭگاڭ چىشلىرى تېشىغا چىقىپتۇ. ئۇ مەلىكىگە قاراپ:

— مەن ئاتاڭنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، سېنى خوتۇنلۇققا ئالغانىدىم، سەن ئاتاڭنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قاچتىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقا ئەرگە تېگىپ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك تېخى باللىقمۇ بولۇپ كەتتىڭ. بۇرۇن بىر بولساڭ، ئەمدى ئۈچ بولۇپ قولۇمغا چۈشتۈڭ، مەن ھازىر سېنى يەيمەن، — دەپتۇ. مەلىكە ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا ياۋاش - مۇلايىم بولۇپ:

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست. مېنى يېسەڭمۇ يېگىن، لېكىن بىر تەلىپىم بار، شۇنى ئورۇنداپ بەرسەڭ، سېنىڭدىن مەڭگۈ رازى بولاتتىم، — دەپتۇ. جادۇگەر ھەم تەلىپىنى ئاڭلاپ باقسام باقاي، دەپ ئويلاپ:

— نېمىنى تەلەپ قىلىسەن، ئېيتىپ باق، — دەپتۇ.

— بىرقانچە كۈندىن بېرى باللىرىم ئالدى - كەينىمگە تېڭىقلىق تۇرۇپ كىيىملىرىمگە تەرەت قىلىۋەتتى، باللىرىم ھۆلچىلىك ئىچىدە قالدى. سەن ئوت قالاپ بەرسەڭ، مەن

ئۇلارنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىتىپ، كىيىملىرىنى قۇرۇتۇپ، ئانىلىق مېھرىمنى ئاخىرقى نەپسىمدە ئادا قىلىپ قويسام، دەيمەن، — دەپتۇ مەلىكە. جادۇگەر بۇ ئاددىي تەلەپ ئىكەنغۇ، ئوت قالاپ بەرسەم بىرەي، گۆشلىرىنى بەلكىم كاۋاپ قىلىپ يەرمەن، دەپ ئويلاپ:

— ماقۇل، ئوت قالاپ بېرەي، — دەپتۇ.

مەلىكە ئايىتىللا جادۇگەر ھىمنىڭ ئاسانلا ئەيۋەشكە كەلگەنلىكىدىن خۇشال بوپتۇ. جادۇگەر ھەم بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بىر دۆۋە ئوتۇن يىغىپ ئوت يېقىپتۇ. مەلىكە ئايىتىللا بالىلىرىنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىتىپتۇ.

شاھزادە رەۋەيدۇللا مەلىكىنىڭ ئېتىنى مىنىپ ئوۋغا ماڭغاندا، ئات مەلىكىگە: «بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئوتقا سالساڭ ھازىر بولىمەن» دەپ بىر تال تۈكىنى بەرگەنىكەن. مەلىكە ئايىتىللا جادۇگەرنىڭ بىخەستە تۇرغان پەيتىدە تۈكىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. ئات شۇئانلا پەيدا بولۇپ، جادۇگەر بىلەن ئېلىشقىلى باشلاپتۇ. ئېلىشىش ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. جادۇگەر ھەم ئاتنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سېھرىي كۈچ بىلەن بىر چوڭقۇر قۇدۇق پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاتنى قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈرۈپ، ھالاك قىلىشنى ئويلىغانىكەن. ئات مەلىكىگە:

— مەن قۇدۇققا چۈشۈپ جادۇگەرنى يوقاتمىسام، ئۇ ھامان ئىككىمىزگە كۈن بەرمەيدۇ. مەن ھازىر قۇدۇققا چۈشىمەن. سۇنىڭ يۈزىگە قىزىل قان، ئاق كۆپۈك پەيدا بولسا، مېنى ھالاك بوپتۇ دېگىن ھەم مېنىڭدىن رازى بولغىن. مۇبادا سۇنىڭ يۈزىگە قارا قان، قارا كۆپۈك پەيدا بولسا، شۇم جادۇگەر ھالاك بوپتۇ، دەپ خۇشال بولغىن، — دەپتۇ.

ئات قۇدۇققا كىرىپ كېتىپتۇ. مەلىكە قۇدۇق بېشىدا

ئاتقا نۇسرەت تىلەپ قاپتۇ. ئۇ پات ـ پات قۇدۇققا قاراپتۇ. سۇ يۈزىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈنمەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سۇنىڭ يۈزىگە قىزىل قان، ئاق كۆپۈك چىقىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ، ئات ھالاك بوپتۇ، جادۇگەر ئەمدى بىزنى نېمە قىلار؟ دەپ قايغۇرۇپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ، قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا جادۇگەرگە ئاتنىڭ كۈچى يەتمەي، ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغانىكەن. ئۇ مەلىكىنىڭ قۇدۇق ئىچىگە تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىدىن غەيرەت ـ شىجائەتكە كېلىپ، جادۇگەرنىڭ بېشىغا بار كۈچى بىلەن بىرنى تېپىپ بېشىنىڭ قېتىقىنى چۇۋۇۋېتىپتۇ. جادۇگەر جان ئاچچىقىدا دەھشەتلىك چىرقىراپ ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۇ يۈزىدىكى قىزىل قان، ئاق كۆپۈكلەر ئورنىغا قارا قان، قارا كۆپۈكلەر چىقىشقا باشلاپتۇ، مەلىكە بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ، سەكرەپ كېتىپتۇ. ئات مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تەزىم قىپتۇ. مەلىكە قارىسا، ئاتنىڭ بەدىنىدە ساق يېرى يوق ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئۆز ھىمايىچىسىگە ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىپ:

— سەن بولمىغان بولساڭ، جادۇگەر مېنى ھەم بالىلىرىمنى يالماپ يۇتقان بولاتتى. مەن ساڭا ھازىر نېمىدەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟! — دەپتۇ.

— سەن بولمىغان بولساڭ، جادۇگەر مېنى ھالاك قىلغان بولاتتى، مەن ساڭا رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ، — دەپتۇ ئات.

— بۇ قانداق گەپ، مېنىڭ ساڭا قانداق مەدىتىم تەگدى؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق دېمە، مەن جادۇگەردىن يېڭىلىپ قالاي دېگەن چاغدا، سېنىڭ قۇدۇققا تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىڭ ماڭا مەدەت بەردى، — دەپتۇ ئات.

جادۇگەر يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇلار خۇشال ۋە خاتىر-جەم بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىگە هاردۇق يەتكەنلىكىنى، قورساقلىرى ئېچىپ، چاڭقاپ كەتكەنلىكلىرىنى هېس قىلىشىپتۇ، بىراق بۇ ئەتراپتىن يېگۈدەك ۋە ئىچكۈدەك نەرسە تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، شۇڭا ئات مەلىكىگە:

— بىزنىڭ بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن بىرلا چارە بار. ئەگەر سەن شۇنىڭغا ماقۇل بولمىساڭ، ھەممىمىز ئاچلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولىمىز، — دەپتۇ.

— ئېيتە، ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ مەلىكە.

— مېنى ھازىر ئۆلتۈرسەن، تۆت پۇتۇمنى تۆت تەرەپكە قويسەن. ئۈچىيىم قانچىلىك يەرگە يەتسە، شۇنچىلىك يەرگە يايسەن، سەن باللىرىڭ بىلەن تۆت پۇتۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلايسەن، بېشىمنى شىمال تەرەپكە قويىسەن، — دەپتۇ ئات.

مەلىكە ئاتنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا ۋىجدانى چىدىماي، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— سەن مېنى جادۇگەرنىڭ قولىدىن تۆت قېتىم قۇتۇلدۇردۇڭ. باللىرىم بىلەن ئۆلۈشكە رازىمەنكى، سېنى ئۆلتۈرەلمەيمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— سەن مېنىڭ دېگىنىمنى قورقماي قىلىۋەرگىن. مەن روھتەن، يۈز پارچە قىلىۋەتسەڭمۇ ئۆلمەيمەن، پەقەت ئۇسسۇزلۇقتىنلا ئۆلىمەن، — دەپتۇ ئات.

مەلىكە بۇنىڭغا ئىشەنمەي، پەقەت ئۇنىماپتۇ. شۇندىلا ئات مەلىكىگە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنى ئۆلتۈرۈپ، مەن بۇيرۇغان ئىشنى قىلساڭ، ياتقان يېرىڭدە تۆت دەرۋازىلىق بىر شەھەر پەيدا بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدا بىر چارباغ، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆل بولۇپ، مەن ئۇنىڭدا

ئوتلاپ يۇرىمەن. يېيىپ قويۇلغان ئۇچىيىمنىڭ ئورنىدا بىر ئېقىن ئاقىدۇ. بېشىم تۇرغان يەردە بىر تاغ پەيدا بولىدۇ. بۇ تاغ شەھەرگە باستۇرۇپ كېلىدىغان ياۋنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرىدۇ. بىز بۇ شەھەردە ئۆمۈرۋايەت ئارامخۇدا ياشايمىز.

مەلىكە شۇندىلا ئاتىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈ- رۇپتۇ. كېيىن ئىشلارنى ئات تاپشۇرغاندەك قىپتۇ. ئۇخلاپ ئويغانسا، راستتىنلا ئات دېگەندەك تۆت دەرۋازىلىق شەھەر، چارباغ، سۇزۇك كۆل، ئېقىن سۇ، ھەيۋەتلىك تاغ قاتارلىقلار پەيدا بوپتۇ. ئات بىلەن مەلىكە ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ شەھەردە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇ جەرياندا ئات مەلىكىگە بۇ كۆلپەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى جادۇگەر ھىمدىن كەلگەنلىكىنى، شاھزادىنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، شاھزادىدىن ئاغرىنماس- لىق ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ. بۇنى بىلگەن مەلىكە ئايتىللا شۇنىڭدىن باشلاپ شاھزادە رەۋەيدۇللانى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا بول- غان مۇھەببىتى قايتىدىن قوزغىلىپ، جەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى قەمتۇر شاھ بىلەن شاھزادە رەۋەيدۇللادىن ئاڭلايلى:

قەمتۇر شاھ شاھزادىنىڭ «خېتى» تۇيەيلىدىن كېلىنى بىلەن نەۋرىلىرىنى باياۋانغا پالىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ كېچە - كۈندۈز ياش تۆكۈپ، ھەسرەت چېكىپ، ئاخىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پۇقرالىرى: «پادىشاھنىڭ كۆڭلى كۇيىدىنمۇ قارا ئىكەن، كېلىنى بىلەن نەۋرىلىرىگە قىلچە رەھمى كەلمىدى. ئۇلارغا رەھىم قىلمىغان يەردە ھېچ كىشىگە رەھىم قىلمىغۇدەك» دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشىپتۇ. ۋىجدانى بەكرەك قايناغان بەزى كىشىلەر: «بۇ

يۇرتتا تۇرغۇچە بىرەر ئادىل پادىشاھنىڭ قۇلى بولغان ياخ-
شى» دېيىشىپ، باشلىرىنى ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كې-
تىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يۇرت ئىچىدە سورۇقچىلىق باشلى-
نىپتۇ. مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە رەۋەيدۇللا
خىزمەتكارلىرى بىلەن بىرگە شىكاردىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ
ئالدى بىلەن دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ،
هال - ئەھۋال سوراپتۇ. پادىشاھ شاھزادىگە:

— بالام، مەن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ
يېتىپ قالدىم، — دەپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ پاسىبانىم ئاتا، سىزگە مېنىڭ نېمە زى-
يىنىم تەگدى؟

— قىلغان ئىشىڭنى بىلمەمسىنا؟ !

— ياق، بىلمەيمەن.

— دۇنيادا شۇنداقمۇ قىزىل كۆزلۈك بولامدۇ؟ مەلىكەڭ
بىلەن پەرزەنتلىرىڭگە قىلغان ۋاپاسىزلىقچۇ؟ !

— مەن ئۇلارغا نېمە ۋاپاسىزلىق قىپتىمەن؟

— قارا، دېگەن گېپىنى ! سەن ئۇلارنى باياۋانغا پالىۋې-
تىش توغرىسىدا خەت يېزىپ، ئەمدى بىلمەس بولۇۋاتامسىنا؟ !

— مەن ئۇنداق خەت يازمىدىم، ئۇلار قېنى؟

— ئۇلارنى ئاللىقاچان چۆل - باياۋانغا پالىۋەتتۇق.

— نېمە؟ — شاھزادە هوش - كاللىسىنى يوقىتىپ،
ئەھۋالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئورنىدا قوزۇقتەك
تۈرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ يېزىلغان خەتلەرنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.
شاھزادە خەتلەرنى ئېچىپ ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇنداق خەت ياز-
مىغانلىقىنى ئېيتىپ ھەيران بوپتۇ. خەتنىڭ شەكلى ئۆزى-
نىڭ خېتى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، خەتكە بېسىلغان مۆھۈرمۇ
ئۆزىنىڭكى ئىكەن. بۇنىڭدا نېمە سىرنىڭ بارلىقىنى بىلەلمەي

مەگدەپ قاپتۇ. ئۇ ئاخىر ھوشىنى يىغىپ، دادىسى ئۆزىگە ئەۋەتكەن «خەت»نى ھۆرمەت بىلەن سۇنۇپتۇ. پادىشاھ خەتنى ئېچىپ كۆرسە، ئۆزى ئۇنداق خەت يازمىغان، يازمىدىمىكىن دېسە، خەت ئۆزىنىڭ خېتىگە ئوخشايدىكەن، مۆھۈرلىرىمۇ ئۆزىنىڭكى. پادىشاھ بۇنىڭدا نېمە سىر بارلىقىنى بىلمەي مەگدەپ قاپتۇ. ئۇ ھوشىنى يىغىپ، ئۆزى يازغان نامەلەرنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھزادىمۇ شۇنداق قىپتۇ. پادىشاھ بىلەن شاھزادە بۇ دۈشمەنلىكنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي غەزەپلىنىپتۇ. ئۇلار غەزەپنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، بۇ سىرنى يېشىش قارارىغا كەپتۇ.

شاھزادە پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ پاسىبانىم ئاتا، بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن سىز بۇ يەردە قېلىڭ، مەن ئۇلارنى ئىزدەپ تاپاي، ئۇلار چۆلدە قاغا - قۇزغۇنغا يەم بولۇپ كەتمىسۇن.



— بولىدۇ، بالام، — دەپتۇ قەمتۇر شاھ، — ئۇلارنى ۋاقتىدا تېپىپ كەلگىن، بولمىسا يۇرتىمىز خانىۋەيران بولۇپ كېتىدۇ.

شاھزادە رەۋەيدۇللا يول تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. ئۇ كىيىدىغانغا تۆمۈر كەش، تايىنىدىغانغا تۆمۈر ھاسا، يەيدىغانغا بىر تۇلۇم تالقان راسلاپتۇ. يولغا چىقىدىغان چېغىدا، قەمتۇر شاھ دۇئا بېرىپتۇ. شاھزادە يولغا چىقىپتۇ. ناھايىتى كۆپ يول يۈرۈپتۇ. يولنى كۆپ يۈرگەنلىكتىن تۆمۈر كەشلەر تېشىلىپ، تۆمۈر ھاسىسى چىۋىقتەك ئېگىلىپ كېتىپتۇ. ئاخىر بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ، جاپا - مۇشەققەتنىڭ دەستىدىن چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ، بىر بوۋاي ھالىتىگە كىرىپ قاپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئىرادىسىدىن يانماپتۇ. ئۇ بىر چۆل - جەزىرىدە كېتىپ بارغىنىدا، شىمال تەرەپتە بىر ئېگىز تاغنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئاخىردا مەلىكە ئايتىللا تۇرغان شەھەر دائىرىسىگە يېتىپ كەپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكە بىلەن ئاتتىن ئاڭلايلى:

شاھزادىنىڭ بۇ شەھەر دائىرىسىگە يېتىپ كەلگەنلىكى ئاتقا ئايان بوپتۇ. ئۇ مەلىكە ئايتىللاغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۈگۈن شاھزادە رەۋەيدۇللا سىلەرنى ئىزدەپ شەھىرىمىزگە يېتىپ كەلدى. سىلەرنىڭ شاد - خۇرام ئۆچرىشىپ، جەم بولىدىغان ۋاقتىڭلار كېلىپ قالدى. مېنىڭچە، ئۇچرىشىش مۇنداق بولسۇن: باللار شاھزادە كېلىدىغان يول ئۈستىدە تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئويناپ يۈرسۇن. شاھزادە بۇ يەرگە تۆشۈك تۆمۈر كەش كىيگەن، چىۋىقتەك ئېگىلىپ كەتكەن تۆمۈر ھاسا تۇتقان، ئاق ساقال، دۈمچەك بىر بوۋاي ھالىتىدە يېتىپ كېلىدۇ.

مەلىكە ئايتىللا شاھزادە بىلەن قانداق ئۇچرىشىش توغ-
رىسىدا ئويلىنىپتۇ. ئاۋۋال بالىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش،
شاھزادىنىڭ سورايدىغان سوئاللىرى، بالىلىرىنىڭ بېرىدىغان
جاۋابلىرىغىچە ھەممىنى پەرەز بىلەن مۆلچەرلەپ بالىلىرىغا
ئۆگىتىپتۇ.

بالىلار تاشقىرىدا تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناپ يۈرگەن
چاغدا، ھاسا تايانغان بىر بوۋاي كەپتۇ. بالىلار بوۋايغا سالام بې-
رىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.

— سىلەر كىمنىڭ بالىلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— بىز ئانىمىزنىڭ بالىلىرى.

شاھزادە بالىلارنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ زوقى كەپتۇ
ۋە يۈرىكى بىرنېمىنى تۇيغاندەك سېزىم پەيدا بوپتۇ.

— مېنى ئاناڭلارنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىڭلار، بالىلە-



-رىم، ماقۇلمۇ؟
— ماقۇل، بوۋا. سىز كىچىككىنە تۇرۇپ تۇرۇڭ، بىز ئېتىمىزنى سۇغىرىۋالايلى، — دەپتۇ باللار.
— ئەخمەق باللار، تال چىۋىقمۇ سۇ ئىچەمدۇ ؟ — دەپتۇ شاھزادە.
— ھەي ئەخمەق بوۋا، ئادەممۇ توڭگۇز باشلىق ئوغۇل، ئىت باشلىق قىز تۇغامدۇ؟ — دەپتۇ باللار.
شاھزادە بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئۆز باللىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئوغلىنى ئوڭ قولىغا، قىزىنى سول قولىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ، ئۇلارنىڭ نۇرلۇق ماڭلايلىرىغا قانغۇچە سۆيۈپتۇ. باللارمۇ ئۆز دادىسىنى تاپقانلىقىدىن خۇ-شال بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ. باللار دادىسى-نى باشلاپ مەلىكە بىلەن ئاتنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ. شاھزادە مەلىكە بىلەن ئاتقا ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كې-يىن، تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. مەلىكە شاھزادىنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:
— ھەممە ئىشلار بىزگە ئايان. مېنىڭ ھەم باللىرىڭىز-نىڭ ھاياتىنى مۇشۇ ئات قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. سىز پەقەت ئات-قىلا رەھمەت ئېيتسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە ئاتقا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:
— سېنىڭ مېنىڭ مەلىكەمنى، ئىككى بالامنى جادۇگەر ھىمدىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن، — دەپتۇ. ئات بېشىنى لىڭشىتىپ:
— سىلەرمۇ كۆپ جەبىر - جاپا چېكىپسىلەر، — دەپ-تۇ. مەلىكە شاھزادىگە:
— بىز ھەممىمىز جاپا چەكتۇق. بۇ جاپا بىر - بىرى-مىزگە بولغان مۇھەببەتنى، دوستلۇقنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ ئىش بولامدۇ؟ ! مېنىڭ تەكلىپىم: بىز ئەمدى بۇ يەردىن كەتمەي، مۇشۇ شەھەرنى گۈللەندۈرۈپ، ئاۋات قىلىپ ھايات كەچۈرسەك، — دەپتۇ.

بۇ تەكلىپكە ھەممەيلەن قوشۇلۇپتۇ. مەلىكە ئاخىردا شاھزادىدىن:

— شاھ ئاتام، خانىش ئانىلار ئامان - ئېسەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى، بۇ ھىيلە - نەيرەڭنىڭ تۆپ سەۋەبىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ قىپقالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

شاھزادە سەپەر تەييارلىقىنى قىلغاچ بىرقانچە كۈن ئارام ئاپتۇ. بۇ جەرياندا شاھزادە قېرىلىقتىن ئۆزگىرىپ، بۇرۇنقى ياش ھالىتىگە كەپتۇ. ئۇ تەييارلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئارغىماق ئاتنى مىنىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، ئىككى كۈندە ئۆز يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە رەۋەيدۇللا مەلىكە ئايىتىللانى، پەرزەنتلىرىنى ساق - سالامەت تاپقانلىقىنى قەمتۇر شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ خەۋەردىن كېيىن، قەمتۇر شاھ باشلىق پۈتۈن ئوردا ئەھلى تۈگىمەس - پۈتمەس خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. قوشچوققا شەھەر خەلقىمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ شاد - خۇراملىققا تولۇپتۇ. شاھزادە رەۋەيدۇللا قايتىدىغان چاغدا، قەمتۇر شاھ ئۇنىڭغا ئون مىڭ ئۆيلۈك پۇقرا بېرىپتۇ. شاھزادە بۇ پۇقرالارنى كۆچۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە ئايىتىللا بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئەر - ئايال ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، بۇ شەھەرگە «بۇگۇر» دەپ ئات قويۇپتۇ. بۇ شەھەرگە شاھزادە رەۋەيدۇللا پادىشاھ بولۇپ، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. پۇقرالار باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

# خاسىيەتلىك ئالما

بۇرۇنقى زاماندا سۇلتان غوجام دېگەن بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ھېسابسىز كۆپ ئىكەن، شان - شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر ئىكەن. ئۇنىڭ چارباغدا ئالاھىدە ئۆستۈرۈلگەن ئۈچ تۈپ ئالمىسى بولۇپ، ئۇ ئالمىلار ھەر يىلى بىر تالدىن ئالما بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن بىرنى يېگەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئون يىل ئۇزىرايدىكەن. بۇ سىرنى پەقەت پادىشاھنىڭ ئۆزىلا بىلىدىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى باقىش، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى دانىش، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئەخمەتجان ئىكەن. بۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىكەن. باقىش بىلەن دانىش قارا نىيەت، ھەسەتخور، قورقۇنچاق ئىكەن. ئەخمەتجان تىرىشچان، كەڭ قورساق ئىكەن ۋە نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىقنى ياخشى كۆرىدىكەن. پادىشاھنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىلىرىنى ئۈچ ئوغۇل قىش - ياز، كېچە - كۈندۈز نۆۋەت بىلەن قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى خاسىيەتلىك ئالمىنى قوغداش نۆۋىتى باقىشقا كەپتۇ. باقىش تولۇق قوراللىنىپ ئالمىنى قوغداپتۇ. تاڭ سەھەردە يەر تەۋرەپ، چاقماقلار چېقىپ، قاپقارا بوران چىقىپ، قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر تۈپ ئالما يىلتىز - يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ

كېتىپتۇ. باقىش قورققىنىدىن نىمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭ-لىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— جاللات، چاپ بۇ ئەبلەخنى ! — دېگەنىكەن، تۆت جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كىرىپ كەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل دانىش ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

— دادا، بۈگۈن ئاخشام مەن بېقىپ باقاي. ئاكام دېگەن-دەك ئەھۋال يەنە يۈز بەرسە، ئاكامنىڭ قېنىدىن كېچىڭ. مۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىسە، دەرھال كاللىسىنى ئېلىڭ، — دەپتۇ.

— خوپ، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئىككىنچى كېچىسى دانىش كۆزەتتە تۇرۇپتۇ. تۈن تەڭ بولغاندا بوران چىقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىلىپ، قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەنە بىر تۈپ ئال-مىمۇ يىلتىز - يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ ئاسمانغا كۆ-تۈرۈلۈپ، بوران بىلەن غايىب بوپتۇ. دانىش دەرھاللا ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ:

— دادا، ئاكامنى ئۆلتۈرگەن بولسىڭىز ئۇۋال بولار ئى-كەن. بۈگۈن كېچە بوران چىقىپ، يەنە بىر تۈپ ئالمىنى ئې-لىپ كەتتى، — دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ تېخىمۇ دەرغەزەپ بولۇپ:

— سەن ئاكا - ئۇكا ئىككىڭنىڭ گېپى بىر ئىكەن. سەنلەر مەندىن يوشۇرۇپ، ئالمىنى سېتىپ خەجلەپ، مېنىڭ ھا-ياتىمغا قەست قىلماقچى. جاللات، چاپ بۇ ئىككى ئەبلەخنى ! — دەپتۇ. تۆت جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كىرىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

— دادا، ئىككى ئاكامنىڭ قېنىدىن كەچسىڭىز. بۈگۈن

كېچە باغنى مەن كۆزەت قىلسام، يەنە ئاكىلىرىم دېگەندەك ئىش يۈز بەرسە، گۇناھىمدىن كەچسىڭىز، — دەپتۇ.

— ئاكىلىرىڭ چوڭ تۇرۇپ ئالمىلارنى قوغدىيالمىغان يەردە سەن نېمە قىلالايتتىڭ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— دادا، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن گەپ بار. مەن بىر كۆرۈپ باقسام، — دەپتۇ ئەخمەتجان. پادىشاھ بۇ ئوغلىغا بەكمۇ ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن «خوپ» دەپتۇ.

ئەخمەتجان قىلىچ، نەيزە، ئوقيالىرىنى بەتلەپ، يېرىم كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر ۋاقىتتا تۇيۇقسىزلا جاھاننى قىزىللىق بېسىپ كېتىپتۇ، كۆزنى ئاچقىلى بولماپتۇ. چاقماقلار چېقىلىپ، شېغىل تاشلار ئۇچۇپ، كۆزگە ئاجايىپ - غارايىپ سەت بىرنەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. بىر ۋاقىتتا قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاخىرقى بىر تۈپ ئالما يىلتىز - پىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. دەل شۇ



ۋاقىتتا ئەخمەتجان قىزىل بورانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئاتقانىكەن، گۈپ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسماندىن ئىپشەكنىڭ كاللىسىدەك بىر نەرسە چۈشۈپتۇ. ئەخمەتجان بۇ نەرسىنى ئېلىپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ۋەقەنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ:

— ياق، ئۈچىلىگىنىڭ گېپى بىر ئىكەن. سەنلەر مېنىڭ خاسىيەتلىك ئۈچ تۈپ ئالمامنى يوقاتتىڭ. بۇ كۆتۈرۈپ كىرگەن نەرسەڭ ئاتنىڭ كاللىسىمۇ، ئىپشەكنىڭ كاللىسىمۇ؟ جاللات، چاپ بۇ ئۈچ ئەبلەخنى! — دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوردا ئەربابلىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ: «پۈتۈن خەلقنى يىغىپ بۇ نەرسىنى كۆرسىتىپ باقايلى. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ. ئەخمەتجان بولسا:

— سەۋر قىلىڭ، دادا، مەن بۇنىڭ سىرىنى چوقۇم تاپىمەن. ماڭا ئىككى يىللىق رۇخسەت بېرىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ ۋاقىتتا ئالمىنىڭ سىرىنى ئېيتىپتۇ. ئۈچ ئوغۇل:

— ئالمىنىڭ خاسىيىتىنى ئەمدى بىلدۇق، بىز ئالمىنى تاپمىغۇچە قايتىپ كەلمەيمىز، بىزگە رۇخسەت بېرىڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ رۇخسەت بېرىپ:

— ئاۋۋال ئاسماندىن چۈشكەن نەرسىنى خالايىق كۆرۈپ باقسۇن، — دەپتۇ. شۇ ھامان پۈتۈن يۇرت ئەھلىنى يىغىپ ئۇ نەرسىنى كۆرسىتىپتۇ. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ. ئاخىر شۇ يۇرتتا يىراقتىن كېلىپ قالغان بىر دىۋانىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغىمۇ كۆرسىتىپتۇ. دىۋانە كۆرۈپ، ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ، ئاخىر پادىشاھقا:

— ئى پادىشاھىئالەم، بۇ دىۋىنىڭ بىر دانە تىرنىقىدۇر، —

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇللار:

— بىزگە رۇخسەت بېرىڭ، دۇنيانى يوقىتىپ، ئالىملارنى قايتۇرۇپ كېلىمىز! — دەپتۇ. پادىشاھ باقىش بىلەن دانىشقا رۇخسەت بېرىپتۇ. ئەخمەتجان:

— مەنمۇ ئاكىلىرىم بىلەن بىرگە بارىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— بالام، سەن كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول خەتەرلىك، دۇنيانىڭ ماكانى قەيەردە، ئۇنى بىلىدىغان ئىنسان يوق. سەن بارما، — دەپتۇ. ئەخمەتجان يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر رۇخسەت ئاپتۇ.

بۇ ئۈچ ئوغۇل تولۇق تەييارلىنىپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بۇلار ئالتە ئاي يول يۈرۈپتۇ. ئاخىر بۇ تۈگىمەس يولدىن زېرىككەن باقىش:

— قايتىپ كېتەيلى، ئالتە ئايدىن بېرى ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدۇق، دۇنيانى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قايتىپ كەلدۇق دەپ دادىمىزنى خۇش قىلالمىدۇق، — دەپتۇ. دانىش:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، قايتايلى، — دەپتۇ. ئىككى ئاكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان:

— ئاكىلار، بەرداشلىق بېرەيلى، دادىمىزنى يالغان سۆزلەپ ئالدىساق بولماس. دۇنيانى ئاخىرغىچە ئىزدەپ تاپايلى، يا دۇنيانىڭ قولىدا ئۆلەيلى، يا دۇنيانى يوقىتىپ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلايلى، — دەپتۇ. ئاكىلىرى بۇ تەكلىپكە ئۇنىماپتۇ. ئەخمەتجان:

— سىلەر ھېچقانداق ئىش قىلالماڭلار، پەقەت ماڭا ھەمراھ بولۇڭلار، مەن بۇ يولدىن قايتمايمەن، مېنى تاشلاپ كەتسەڭلارمۇ بولماس، — دەپتۇ. ئەخمەتجاننىڭ ئاكىلىرى يەنە ئۈچ كۈنگىچە دۇنيانى ئىزدەشكە تەستە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىر-

لەن ئىككى ئاكا ئۇخلاپتۇ. ئەخمەتجان دۇنىنى نەدىن، قانداق تې-پىشنى ئويلىنىۋاتقاندا، ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر نۇرانە، ئاپئاق ساقال بوۋاي ئالدىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا، — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام. يول بولسۇن، سەپەر قا-ياققا؟ — دەپتۇ بوۋاي. ئەخمەتجان سەپەرگە چىقىشتىكى مەق-سىتىنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. بوۋاي تەپسىلىي ئاڭلى-غاندىن كېيىن:

— بالىلىرىم، يولۇڭلار خەتەرلىك. يەنە ئۈچ كۈن مەغرىب تەرەپكە ماڭساڭلار بىر قىزىل گۈمبەزگە يېتىپ بارىسىلەر، ئۇ گۈمبەزنىڭ ئالدىدا چوڭقۇر بىر كۆل بار، دائىم شۇ كۆل-دىن سۇ ئىچىدىغان بىر ئەجدىھا بار. سىلەر گۈمبەزگە كىرىپ ئەجدىھا كەلگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، تىرىسىنى ئۈچ مىڭ غۇلاچ تاسما تىلىڭلار. يەنە بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن كۆھ-قاپنىڭ ئاغزىغا بارىسىلەر. ھېلىقى تاسما شۇ ۋاقىتتا لازىم بولىدۇ. ئەجدىھانى ئۆلتۈرسەڭلار دۇنىنىڭ ماكانىغا بارالايسى-لەر، بولمىسا بارالمايسىلەر. شۇ ئەجدىھا دىۋە كىرىدىغان تۆ-شۈكنى قوغدىغۇچىدۇر. سىلەرگە ئاقىۋول تىلەيمەن. ئاللا سى-لەرگە مەدەت بەرسۇن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپلا كۆز-دىن غايىب بوپتۇ.

بۇلار سەپەرنى يەنە ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئاخىر ھەيۋەتلىك بىر قىزىل گۈمبەز كۆرۈنۈپتۇ. ئەخمەتجان ناھايى-تى خۇشال بوپتۇ، بىراق باقىش بىلەن دانىش قورقۇپ:

— قايتىپ كېتەيلى، ئەجدىھا يەپ كەتسە نام - نىشانىمىز-مۇ قالمايدۇ، — دەپ ئۇنىماپتۇ. ئەخمەتجان:

— قورقماڭلار. گۈمبەزگە مەن باراي، سىلەر مۇشۇ يەردە يېتىپ ئۈچ كۈن كۈتۈڭلار. ئۈچ كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلەلمى-

سەم، ئاندىن مېنى ئەجدىھا يەپ كېتىپتۇ، دەپ قايتىپ كېتىڭلار، — دەپ ئۆزى يالغۇز يولغا راۋان بوپتۇ. باقىش بىلەن دانىش قۇرۇق گۈمبەزگىمۇ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، بىر لەخمە كولاپ ئىچىگە كىرىپ يېتىپتۇ. باقىش دانىشقا قاراپ:

— ئەخمەتجاننى ئەجدىھا يەپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

— بىز دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قايتىپ كەلدۇق، ئەخمەتجاننى دىۋە يەپ كەتتى دەيمىز، — دەپتۇ دانىش، باقىش بۇ گەپكە بارىكاللا دەپتۇ.

ئەخمەتجان گۈمبەزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. راست دېگەندەك، گۈمبەزنىڭ ئالدىدا بىر چوڭ كۆل بار ئىكەن. ئەخمەتجان قورسىقىنى تويغۇزۇپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئەجدىھانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كۆلنىڭ سۈيى داۋالغۇشقا باشلاپتۇ، ئەخمەتجان قارىغۇدەك بولسا، ناھايىتى ئېگىز، بەھەيۋەت بىر مەخلۇق كۆلدىن سۇ ئىچىۋاتقۇدەك. ئەخمەتجان قىلىچىنى بېشىدىن ئېگىز تۇتۇپ قىلىچنىڭ بىسىنى ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا توغرىلاپ تۇرۇپتۇ، ئەجدىھا دەم تارتىپتۇ. ئەخمەتجان شۇ ھامان: «يا خېلىلۇللا» دەپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا قارىتىپ ئۆزىنى قويۇپ بەرگەنىكەن، ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، قۇيرۇقىدىن چىقىپتۇ. ئەجدىھا شۇ ھامان ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

ئەخمەتجان ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن ئۈچ مىڭ غۇلاچ تاسما تىلىپ، ئاكىلىرىنى باشلاپ دىۋىلەر ماكانى كۆھىقاپنىڭ ئاغزىغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، تونۇرنىڭ ئاغزىدەك كىچىك بىر كامار، ئىچى قاپقاراڭغۇ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن باقىش بىلەن دانىش قورقۇپ:

— يائاللا، بۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن ئادەم ساق چىقمايدۇ،

بىز كېتىمىز، — دەپ چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ.

— ئاكىلار، مەن چۈشەي، سىلەر مېنىڭ بېلىمگە تاسمى-نى باغلاپ كامارغا چۈشۈرۈڭلار، ئۈچ كۈنگىچە كېلىپ مۇشۇ تاسمىنى مىدىرلاتسام، مېنى بار ئىكەن دەپ تارتىۋېلىڭلار، ئۈچ كۈندىن كېيىن قالسام، ئۆلدى دەپ قايتىپ كېتىڭلار، — دەپ ئاكىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، دىۋىلەر ماكانىغا چۈشۈپتۇ. ئاكىلىرى كامارنىڭ ئاغزىدا تاسمىنىڭ مىدىرلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ يېتىپتۇ. ئەخمەتجان يەر ئاستىغا چۈشۈپ بېلىدىن تاسمىنى يېشىپ ئەتراپقا قاراپ، سۈزۈك سۇلار شارقىراپ ئې-قىۋاتقان، ھەر خىل مېۋىلەر سارغىيىپ پىشىپ كەتكەن، باغدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، بۇلبۇللار سايرىشىپ كەتكەن بىر گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغقا كىرىپتۇ. تاماشا قىلىپ يۈرۈپ خاسىيەت-لىك ئالمىنى ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كې-يىن يېقىنلا بىر جايدىن ئاۋاز كەپتۇ:

— ئەي يىگىت، جىنىڭىزدىن تويدىڭىزمۇ؟ بۇ جايغا قانداق كەلدىڭىز؟

ئەخمەتجان چۆچۈپ شۇنداق قارىغانىكەن، بىر تۆمۈر قە-پەسنىڭ ئىچىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئە-مەس، پەرىزاتتەك چىرايلىق بىر قىز تۇرغۇدەك. ئەخمەتجان:

— سالام مەلىكەم، — دەپتۇ.

— ئەي باتۇر يىگىت، سىز قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپتۇ قىز. ئەخمەتجان ئەھۋالنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن:

— مەن دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، خاسىيەتلىك ئالمىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ.

— ھەي، سىز تېخى كىچىككەنسىز، دىۋە بىلەن ئويناشقىلى



بولمايدۇ، يولىڭىزغا قايتىڭ، — دەپتۇ قىز.

— ياق، «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەن گەپ بار. مەن مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئالتە ئاي يول يۈردۈم. بۇ يولدا يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم. دۇنىنى يوقاتماي ھەرگىز قايتمايمەن، — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. تېز قايتىڭ، دۇنىنى يو- قىتالمايسىز، — دەپتۇ قىز.

— مەن دۇنىنى يوقاتسام قانداق قىلىسىز؟ — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— سىز دۇنىنى يوقاتسىڭىز، مەن ئۆزۈمنى سىزگە تەق- دىم قىلىمەن، — دەپتۇ قىز.

— سىز قانداق بولۇپ بۇ تۆمۈر قەپەسكە سولىنىپ قالدى- ڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەخمەتجان.

قىز زار - زار يىغلاپ:

— مەن بىر چوڭ پادىشاھنىڭ قىزى ئىدىم. بىر كۈنى كېنىزەكلىرىم بىلەن چارباغدا سەيلە قىلىپ ئويناپ يۈرسەم، تۇيۇقسىز قارا بوران پەيدا بولدى، باشقىسىنى ئۇقمايمەن، ھوشۇمغا كېلىپ، كۆزۈمنى ئېچىپ ئۆزۈمنى مۇشۇ قەپەسنىڭ ئىچىدە كۆردۈم. ئىككى يىل بولدى، — دەپتۇ.

ئەخمەتجان بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزغا ناھايىتى ئىچى ئاغرىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ. مەن دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، چوقۇم سىزنى قۇتقۇلدۇرۇپ، ئىنسان بار جايغا ئاچىقىپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

— رەھمەت سىزگە. ئەگەر سىز راست دىۋە بىلەن ئېلىشماقچى بولسىڭىز، مۇشۇ يەردىن بىر ئاش پىشىمغىچە يول ماڭغاندىن كېيىن بىر دەريا كۆۋرۈكىگە بارىسىز. شۇ كۆۋرۈكنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇپ ياتسىڭىز، دىۋە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، سىزنىڭ پۇرىقىڭىزنى بىلىپ توختايدۇ. سىز شۇ ۋاقىتتا چىقىپ ئېلىشسىڭىز بولىدۇ. بولمىسا ئۇنىڭغا يۈزلەنگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ سېھىر - جادۇسى ناھايىتى جىق. قورقمىسىڭىز يېڭەلەيسىز. خەير، سىزگە ئاق يول تىلەيمەن، — دەپ ئۆزىنىپ قويۇپتۇ قىز.

ئەخمەتجان كۆۋرۈكنىڭ تېگىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، ھەيۋەتلىك دىۋە كېلىپ كۆۋرۈك ئۈستىدە تاق توختاپتۇ.

— ھەي، ئادەمزات ھىدى كېلىدىغۇ، سەن قانداق جان؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ دىۋە. دەل شۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان كۆۋرۈك ئاستىدىن سەكرەپ چىقىپ:

— مەن سەن بىلەن ئېلىشىدىغان جان! — دەپتۇ.

— سەن تېخى كىچىك بالا ئىكەنسەن، ھېلى چايناپ چاينىڭ شامىسىنى پۈركۈۋېتىمەن، يوقال كۆزۈمدىن! —

دەپتۋ دىۋە.

ئەخمەتجان جەڭگە ئاتلىنىپتۋ. ئىككىسى شۇنداق جەڭ قىپتۇكى، ھاي - ھاي، قىلىچ - قالقانلارنىڭ ئاۋازىدىن جاھان لەرزىگە كەپتۋ. ئاخىر تەڭ كېلەلمىگەن دىۋە سېھىر قىلىپ بىرقانچە ئەجدىھا پەيدا قىپتۋ. ئەخمەتجان ئۇلارنىڭ كاللىسىنى بىر - بىرلەپ ئاپتۋ. ئاخىر دىۋىنىڭ غەزەپ ئاتەشلىرى ئۆرلەپ، ئەخمەتجاننى ئاسمانغا بىر ئاتقانىكەن، ھاۋانىڭ قەرىگە چىقىپ كېتىپتۋ. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن قايتىپ چۈشۈشىدە دەل دىۋىنىڭ كاللىسىغا دەسسەپ چۈشۈپتۋ - دە، دىۋىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، قىزنىڭ ئالدىغا كەپتۋ.

— مانا، مەلىكەم، دىۋىنىڭ كاللىسى، ئەمدى ئۆزىڭىزنى ماڭا تەقدىم قىلغايسىز، — دەپتۋ ئەخمەتجان.

— ئەلۋەتتە ۋەدەمدىن يانمايمەن، — دەپتۋ قىز، — لېكىن



بۇنداق ئاسان ئېلىپ كېتەلمەيسىز.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ ئەخمەتجان.

— سىز تېخى ئاران بىر دېۋىنى يوقاتتىڭىز، ئەسلىدە بۇ ئۈچ دېۋە — قارا دېۋە، ئاق دېۋە، قىزىل دېۋە. سىز تېخى قارا دېۋىنى يوقاتتىڭىز. قالغان ئىككى دېۋىنى يوقاتمىسىڭىز، بىز بۇ يەردىن هايات كېتەلمەيمىز، ئىككىلىمىز هالاك بولىمىز، — دەپتۇ مەلىكە. ئەخمەتجان مەلىكىدىن بۇ ئەهۋالنى بىلىپ:

— بولىدۇ، قالغان ئىككى دېۋىنى يوقىتىپ، سىزنى ئېلىپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

— ئاق دېۋە بىلەن قىزىل دېۋىنىڭ قېشىدىمۇ ماڭا ئوخشاش بەختسىز ئىككى ساهىبجامال بار، بىر - بىرىدىن گۈزەل، — دەپتۇ قىز. ئەخمەتجان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تەۋەككۇل، ئىككى دېۋىنىمۇ يوقاتسام، ئىككى قىزنى ئىككى ئاكامغا ئېلىپ بەرمەيمەنمۇ، دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

بىرقانچە تاغ - داۋاندىن ئېشىپ، بىر يەرگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، هاي - هاي، شۇنداق گۈزەل يەر ئىكەنكى، قىزىلگۈللەر هۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، بۇلبۇللار سايراۋاتقان، سۈزۈك سۇلار شارقىراپ ئېقىۋاتقان، كۆللەردە ئۆردەكلەر ئۈزۈشۈۋاتقان، ئاپئاق بۇلۇتلار باغلارنى ئايلىنىۋاتقان، مېۋە - چېۋىلەر پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك كۆلچەكنىڭ ئۈستىدىكى بىر كۈمۈش قەپەستە بىر ساهىبجامال قىز ئولتۇرغان، قىزنىڭ شولىسىدىن باغلار روشەنلىشىپ كەتكەن. يىگىت ئاستا بېرىپ:

— سالام، مەلىكەم، — دەپتۇ. قىز چۆچۈپ:

— ئوغۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ ئادەممۇسىز، جىنمۇسىز؟ ئادەم دەي دېسەم، بۇ يەرگە ئادەم ئايىغى يەتمەيدۇ. جىن دەي دېسەم،

جىنغا ئوخشىمايسىز، سىز زادى قانداق جان؟ ــ دەپتۇ.
ــ مەن ئادەم، ئاق دىۋىنى يوقىتىپ سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم، ــ دەپتۇ ئەخمەتجان. قىز بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:
ــ رەھمەت سىزگە. بۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ. بۇ كۆننى خۇدا ماڭا ساپتۇ، مەندىن باشقا كىشىگە سالمىسۇن. سىز ياش ئىكەنسىز، قايتىپ كېتىڭ، دىۋىنىڭ قايتىپ كېلىش ۋاقتى ئاز قالدى، ھېلى سىزنى يەپ كېتىدۇ، ــ دەپتۇ قىز. ئەخمەتجان قىزغا خاسىيەتلىك ئالما ھەققىدىكى گەپلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن دەپتۇ:
ــ سىز ماڭا ئىشىنىڭ، قارا دىۋىنى يوقاتتىم، ئاق دىۋىنىمۇ يوقىتىپ، سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتىمەن.
ــ رەھمەت سىزگە. مەن بىر پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى ئىدىم. كېنىزەكلىرىم بىلەن سەيلە - تاماشا قىلىۋاتسام، بىر



ئاق قويۇن كېلىپ ئېلىپ قاچتى. كۆزۈمنى ئاچسام، ئۆزۈمنى مۇشۇ قەپەستە كۆردۈم. ئەگەر سىز ئاق دىۋىنى يوقىتىپ مېنى قۇتۇلدۇرسىڭىز، مەن سىزگە ئۆزۈمنى تەقدىم قىلىمەن، — دەپتۇ قىز.

— خوپ، ئىنشائاللا، مەن سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتەلەيمەن. دىۋە بىلەن قانداق ئۇچراشقىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەخمەتجان.

— ئالدىڭىزدىكى تاغدا بىر ئۆڭكۈر بار، شۇنىڭغا كىرىپ ماراپ ياتسىڭىز، دىۋە قايتىپ كېلىشىدە سىزنىڭ پۇرىقىڭىزنى بىلىپ توختايدۇ. شۇ ۋاقىتتا سىز ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، قىلىچ بىلەن چاپسىڭىز ئىش پۈتىدۇ، — دەپتۇ قىز.

ئەخمەتجان قىز بىلەن خوشلىشىپ، ئۆڭكۈرگە بېرىپ دىۋىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كېيىن جاھاننى ئاق تۇتەك بېسىپ كېتىپتۇ. ئەخمەتجان قارىغۇدەك بولسا، ھەربىر قولىدا بىر تاغنى كۆتۈرۈپ بىر - بىرىگە ئۇرۇپ دىۋە يېتىپ كەپتۇ. دىۋە: «ھەي، ئادەمزاتنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدىغۇ. يەنە ھېلىقى ئەخمەت دېگەن ئەبلەخ بولۇپ قالمىسۇن، ئۇ ئاكامنىڭ بىر تىرنىقىنى يۇلۇۋالغان» دەپ تۇرۇشىغا، ئەخمەتجان ئۆڭكۈردىن چىقىپ:

— ھەي، ئەخمەت دېگەن مەن بولىمەن، سەن بىلەن ئېلىشقىلى كەلدىم، — دەپتۇ. دىۋە:

— سەن تېخى مەن بىلەن جەڭ قىلماقچىمۇ؟! — دەپ خىرىس قىلىپ، جاھاننى قاپقارا زۇلمەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپتۇ، لېكىن ئەخمەتجان قورقماپتۇ. ئىككىسى شۇنداق ئېلىشىپتۇكى، ھاي - ھاي، بۇ جەڭدىن جاھان لەرزىگە كېلىپ، تاغ - تاشلار ئەخمەتجانغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئاخىر ئۇ ئاق دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى ئېلىپ، كۈمۈش

قەپەستىكى قىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ.

— ئەمدى ئۆزىڭىزنى ماڭا تەقدىم قىلارسىز؟ — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— ئەلۋەتتە، بىراق ھەممىدىن يامىنى قىزىل دىۋە. ئۇنى يوقاتمىسىڭىز، سىزمۇ يوق، مەنمۇ يوق، — دەپتۇ قىز.

— ئىككى دىۋىنى ئۆلتۈردۈم. بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس، — دەپتۇ ئەخمەتجان ۋە قىز بىلەن خوشلىشىپ، قىزىل دىۋىنىڭ ماكانىغا قاراپ راۋان بوپتۇ. بېرىپ قارىسا، بۇ جاي شۇنداق گۈزەل، ھەممە ياق باغ، گۈل - گۈلىستان، مەرمەر تاشتىن قوپۇرۇلغان ئاسمان - پەلەك بىنالار، ئاجايىپ - غارايىپ زىننەت بۇيۇملىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىكەن. بۇ جايدا ھەددى - ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش بار ئىكەن.

ئەخمەتجان ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر ئالتۇن سارايىنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن قەپەستىكى قىزنى كۆرۈپتۇ. قىزنىڭ ھۆسن - جامالىدىن قۇياش خىجىل ئىكەن. ئەخمەتجان قىزنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئالدىدىكى ئەينەكنىڭ ياردىمى بىلەن يىگىتنىڭ جامالىنى كۆرۈپ قىزمۇ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئەخمەتجان قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سالام، مەلىكەم! — دەپتۇ. قىز ئېھتىرام بىلدۈرۈپ:

— ئادەم زاتىنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان بۇ جايغا سىز قورقماي قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپتۇ. ئەخمەتجان ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— دىۋىنى يوقىتىش قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ. سىزنى كۆرمىگەن بولسام بولار ئىكەن، ئەمدى قانداق چىدايمەن؟! — دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ قىز ۋە ئۆزىنىڭ بىر پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىكەنلىكىنى، قىزىل دىۋىنىڭ ئېپقېچىپ كېلىپ قەپەسكە سو-

لىغانلىقىنى بايان قىپتۇ.

— مەلىكەم، خاتىرجەم بولۇڭ. مەن دىۋىنى يوقىتىپ، خاسىيەتلىك ئالمىلىرىمنى ھەم سىزنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ كېتىمەن، — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— رەھمەت، يىگىت غەيرىتىڭىزگە، ئۇنداق بولسا، دىۋە ئۇخلىغىلى قىرىق كۈن بولدى. بۈگۈن ئويغىنىدىغان كۈنى، ئويغىنىپ بولغۇچە ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ چېپىپ تاشلاڭ - دە، تېزدىن مېنى ئېلىپ قېچىڭ. ئويغىنىپ كەتسە، سىزنى يەپ كېتىدۇ، — دەپ يىغلاپتۇ قىز.

— دىۋە ئۇخلاپ قالغاندا قول سېلىش نامەردلىك بولىدۇ. دىۋە ئويغانسۇن، ئاندىن ئېلىشىمەن، — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— ئۇنداق قىلىشىڭ نېمە ھاجىتى، بېرىپ كاللىسىغا قىلىچ چاپسىڭىزلا ئىش پۈتمەمدۇ؟ — دەپتۇ قىز. ئەخمەتجان:

— ئۇ يىگىتنىڭ ئىشى ئەمەس، — دەپ دىۋىنىڭ بېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ بىر ئاش پىشىم تۇرۇپتۇ، دىۋە ئويغانماپتۇ. ئەخمەتجان يەنە كېچىكسە بولمايدىكەن، چۈنكى بۈگۈن ئاكىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارمىسا، ئاكىلىرىنىڭ قايتىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىكەن، ئاكىلىرى قايتىپ كەتسە، بۇ جايدىن مەڭگۈ چىقالمايدىكەن. بۇنى ئويلاپ، دىۋىنىڭ تاپىنىنى قىچىقلاشقا باشلاپتۇ. دىۋە مىڭ تەسلىكتە ئويغىنىپتۇ. دىۋە كۆزىنى ئېچىش بىلەن تەڭ ئەخمەتجاننى ئاسمانغا ئېتىۋېتىپتۇ. بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن ئەخمەتجان دىۋىنىڭ كاللىسىغا دەسسەپ چۈشۈپتۇ - دە، قىلىچ بىلەن گاچ قىلىپ دىۋىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. قىز ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

— بىز ھازىرلا يولغا چىقايلى، ئازراقمۇ كېچىكىپ قېلىشقا بولمايدۇ، — دەپ، قىزغا ئەھۋالنى چۈشەندۇرۇپتۇ ئەخمەتجان. قىز ماقۇل بوپتۇ. ئىككىيلەن باغلارنى ئايلىنىپ، ھېلىقى

خاسىيەتلىك ئالمىلارنى تېپىپتۇ. ئەخمەتجان ئالمىنى ئۇزۇپ قوينىغا سېلىپ، ئۈچ قىزنى ئەگەشتۇرۇپ كەچ بولغاندا كۆ-
ھىقاپنىڭ ئاغزىغا كەپتۇ. تاسمىنى مىدىرلىتىپ ئاكىلىرىغا خەۋەر بېرىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاكىلىرى كەتمەكچى بولۇپ تۇرغانىكەن. ئالدى بىلەن بىرىنچى قەپەستىكى قىزنى چىقىرىپتۇ، بۇ قىزنىڭ ئىسمى تۇرسۇنئاي ئىكەن. قىزنى كۆرگەن ئاكىلىرى ھەيران قاپتۇ. قىز ئۇلارغا سالام بېرىپتۇ ۋە:

— مېنىڭ ئارقامدا چىقىدىغان ئۈچ كىشى بار، تاسمىنى سالايلى، — دەپتۇ. تاسمىنى ساپتۇ ۋە ئىككىنچى قەپەستىكى قىزنى چىقىرىپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئىسمى كۆمۈشئاي ئىكەن. ئۈچىنچى قېتىمدا ئۈچىنچى قەپەستىكى ئالتۇنئاينى چىقارماقچى بولغانىكەن، قىز ئەخمەتجانغا قاراپ:

— سىز ئالدىمدا چىقىڭ، — دەپتۇ.

— ياق، مەلىكەم، مەن سىزنى بۇ يەردە تاشلاپ ئالدىڭىزدا چىقىپ كېتەلمەيمەن، — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— خەير، ماقىمۇ قىلدىڭىز، ئۆزىڭىزگىمۇ قىلدىڭىز، ناۋادا پەلەك تەتۈر كېلىپ قالسا، مېنى كۆرگەن كۆزدە كۆ-
رەرسىز، — دەپ ئىككى دانە بىلەزۈكنى چىقىرىپ يىگىتكە بېرىپتۇ ئالتۇنئاي. ئەخمەتجان ئۈچ ئالمىنى قىزغا بېرىپ، ئۇنى تاسمىغا باغلاپ يۇقىرىغا چىقىرىپتۇ.

ئالتۇنئاينى كۆرگەن باقىش بىلەن دانىش ئەقلى - ھو-
شىدىن ئېزىپتۇ. باقىش:

— بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن دادىمىزنىڭ ئالدىغا بارىمىز؟ ناۋادا ئىنىمىز: «ئاكىلىرىم كېرەككە كەلمىدى، ئۈچ دىۋىنى ئۆ-
زۈم يالغۇز ئۆلتۈرۈپ، خاسىيەتلىك ئۈچ ئالمىنى ئۆزۈم تاپتىم» دېسە، شەنىمىزگە سەت ئەمەسمۇ، — دەپتۇ. دانىش:

— ئەلۋەتتە شۇنداق، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش كېرەك، —

دەپتۇ.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ باقىش.

— ئۇنىڭ چارىسى ئاسان، تاشلاپ كېتەيلى، — دەپتۇ دانىش. ئۇلار ئىنىسى ئەخمەتجاننى يەر ئاستىدا قالدۇرۇپ، ئۈچ قىزنى ئېلىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇن يول يۈرۈپ، باقىش بىلەن دانىش ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنى ئوردا خادىملىرى قارشى ئاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەتجان يوق. پادىشاھ يىغلاپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— مېنىڭ ئەخمەتجانىم قېنى؟

باقىش بىلەن دانىش كۆرەڭلەپ:

— ئەخمەتجان كىچىك بولغىنى ئۈچۈن دىۋە يەپ كەتتى، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ زار - زار يىغلاپتۇ. ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تۇرسۇنئاي بىلەن كۇمۇشئاينى باقىش بىلەن دانىشقا نى-



كاھلاپ بېرىپتۇ.
ئالتۇنئاي تولا يىغلاپ، دەردىنى ھېچكىمگە ئېيتماستىن، ئاچچىق يۇتۇپ ئاجىزلىشىشقا باشلاپتۇ، ئاخىر كېسەل بوپتۇ. پادىشاھ بىر كۈنى قىزنى چاقىرتىپ ياتلىق قىلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە رازىلىق بەرمەپتۇ. راست گېپىنى پادىشاھقا ئېيتالماي، زار - زار يىغلاپ ئاخىر ئەخمەتجان بەرگەن ئۈچ دانە خاسىيەتلىك ئالمىنى پادىشاھقا بېرىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، ئىنچىكىلەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىسىغا ئوخشايدىغانلىقىغا ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭدىن بىرىنى قىزغا يېگۈزگەنىكەن، شۇ ھامان مەلىكىنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كېتىپتۇ. قالغان ئىككىسىنى پادىشاھ ئۆزى يەپتۇ ۋە شۇ ھامان تېتىكلىشىپ، ياشىرىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، ئۆمرىنى يىگىرمە يىل ئۇزارتىپتۇ.
ئەمدى گەپنى ئەخمەتجاندىن ئاڭلايلى:
ئەخمەتجان بىر ھەپتىگىچە يەر ئاستىدا يېتىپتۇ، لېكىن تاسما قايتىپ چۈشمەپتۇ. ئاخىر ئاكىلىرىم ئىنساپسىزلىق قىلدى دەپ بىلىپ، جاندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ زار - زار يىغلاپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ چۈشىگە ھېلىقى خىزىر كىرىپتۇ. خىزىر باش - كۆزىنى سىلاپ: «ئوغلۇم، يىغلىما. ئىنشائاللا يەر ئاستىدىن سالامەت قايتىپ چىقىسەن. مۇشۇ يەردىن كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يەتتە كۈن يول ماڭساڭ بىر ئېگىز تاغقا يېتىپ بارىسەن. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قاراڭغۇ تۆشۈك بار، بۇ تۆشۈك بارغانچە يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئۇ يەر ئۇستىگە چىقىدىغان تۆشۈك. تۆشۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئات باغلاقلىق، ئۇ ئاتنىڭ سول كۆزى كور، ئوڭ كۆزى ساق. ئەگەر سەن ئاتنىڭ كور كۆزى تەرەپتىن ماڭساڭ، يەر ئۇستى-

گە چىقىپ كېتەلەيسەن، ساق كۆزى تەرەپتىن ماڭسالڭ، ئات مەيدەڭگە بىرنى تېپىدۇ، يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كېتىسەن. ئىلاھا ئامىن، خۇدا سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپتۇ. ئەخمەتجان ئويغىنىپ قارىسا ھېچكىم يوق. كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەپ: «يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل» دېگەن گەپ بار، ھاياتلىق يولىنى ئىزدەپ باقاي دەپ، كۆنچىقىش تەرەپكە راۋان بوپتۇ. شۇ ماڭغانچە يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، چۈشىدە كۆرگەن تاغقا بېرىپ تۆشۈكنى تېپىپ ئىدىچىگە كىرىپ، ئۆمىلەپ يۇقىرىغا ئۆرلەپتۇ. ئاخىر ئات باغلاقلىق يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ خۇشاللىقتا سول تەرەپتىن ماڭدىم دەپ ئوڭ تەرەپتىن مېڭىپ ساپتۇ. ئات مەيدىسىگە بىرنى تەپكەنىكەن، يەتتە قات يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەر بۇك - باراقسانلىق، ناھايىتى گۈزەل جاي ئىكەن. بىراق، بۇ جايدىكى ئادەملەر ئازراقمۇ شەپە چىقارمايدىكەن، ناخشا ئېيتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئەخمەتجان يىراقتا يەر ھەيدەۋاتقان بىر دېھقاننىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دېھقان ئاكا، ئىشىڭىز ئىلگىرى باسسۇن، — دەپتۇ. دېھقان ناھايىتى قورقۇپ:

— جىمىڭدىن تويدۇڭمۇ ئەخمەق، ئاستا گەپ قىل، — دەپتۇ.

— بىزنىڭ يۇرتتا يەر ھەيدىسەك «ئوش - كە» دەپ ۋارقىراپ يەر ھەيدەيمىز، — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— سەن بۇ يەرلىك بولمىساڭ كېرەك، شۇڭا ئۇقمايسەن. بۇ يەردە يىلپىز كۆپ، ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان تاغدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ يەپ كېتىدۇ. بۇ ئاپەتتىن قورقۇپ شەپىمۇ چىقىرالمايمىز، — دەپ دەردىنى ئېيتىپتۇ دېھقان. ئەخمەت-

جانمۇ بىشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دېھقاننىڭ ئەخمەتجانغا ئىچى ئاغرىپ:

— سەن مۇشۇ يەردە كالامغا قاراپ تۇر، مەن ئۆيدىن نان ئېلىپ كېلەي، — دەپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ.

ئەخمەتجان مەن دېھقاننىڭ نېنىنى بىكارغا يېمەي، يەر ھەيدەپ تۇراي دەپ، بولۇشىغا ۋارقىراپ يەر ھەيدەشكە باشلاپتۇ. ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىككى يىلپىز قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ئەخمەتجانغا خىرىس قىلىپ كەپتۇ. ئەخمەتجان كاپ قىلىپ يىلپىزنىڭ قۇلىقىدىن تارتىپ كالىنىڭ ئورنىغا قوشقا قېتىپ، ھەش - پەش دېگۈچە بىر تالاي يەرنى ھەيدەپ بوپتۇ. دېھقان كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىككى يىلپىز قوشقا قېتىلغان، پۈتۈن يەر ھەيدىلىپ بولغان، ئەخمەتجان ھەدەپ يىلپىزلارنى ئۇرۇۋاتقان، يىلپىزلارنىڭ تىللىرى ساڭگىلىشىپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن دېھقان ھەيران قېلىپ: «نېمە كارامەت بۇ؟» دەپتۇ ۋە ئەخمەتجاننىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئەخمەتجان يىلپىزلارغا بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىك توغرۇلۇق قەسەم قىلدۇرۇپ، يىلپىزلارنى ھەيدىۋېتىپتۇ. شۇ كۈندىن تارتىپ يىلپىزلارنىڭ بالاسىدىن قۇتۇلغان خەلق داقا - دۇمباقلارنى چېلىشىپ، ناخشىلارنى ئېيتىشىپ، ئەخمەتجانغا رەھمەت ئېيتىشىپتۇ. ئەخمەتجان خەلق بىلەن خوشلىشىپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ نىشانسىز مېڭىپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ، ئاخىر باشقا بىر پادىشاھلىققا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەردە نەگە بارسا يىغا ئاۋازى ئىمىش. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئەخمەتجان بىر كىشىدىن سوراپتۇ:

— بۈگۈن بىرلا ۋاقىتتا بۇ يەردە شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆلدىمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن تولا يىغا ئاۋازى؟

— سەن بۇ يەرلىك ئەمەس ئوخشايسەن. يۇرتىمىزدا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قالدى، ھەر كۈنى ناشتىلىق ئۈچۈن ئون ئادەمنى، چۈشلۈك ئۈچۈن ئون ئادەمنى، كەچلىك ئۈچۈن ئون ئادەمنى يەيدۇ. بۇنىڭغا پادىشاھمۇ ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ كاساپىتىدىن يۇرتىمىزدا ئادەملەر شالاڭلاپ كەتتى. بۈگۈنكى كۆپ يىغىنى ئۇقماقچى بولساڭ، ئەجدىھاغا يەم بولغۇچىلارنىڭ يىغىسى، ماتىمى. بۈگۈن پادىشاھنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق قىزىمۇ ئەجدىھاغا يەم بولماقچى، — دەپ ۋەقەنى چۈشەندۈرۈپتۇ ئۇ كىشى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان يۈرەكلىرى ئېزىلىپ، بۇ بىچارىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ.

— پادىشاھئالەم، ئەجدىھانى يوقىتىپ، غەمدىن خالاس قىلسام خۇش بولامسىز؟ — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— ئەي جاسارەتلىك يىگىت، پادىشاھلىقىمدا پۇقرالىرىم ئاز قالدى، ئەجدىھانى يوق قىلىشقا قۇدرىتىم يەتمىدى. مېنىڭ



بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىزىمنى بوگۈن ئەجدىھاغا يەم بولماقچى. ئەگەر سەن ئەجدىھانى يوقىتىپ قىزىمنى قۇتقۇلدۇرساڭ، قىزىمنى ساڭا نىكاھلاپ بېرىشتىن تاشقىرى پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ. بۇنى ئاڭلاپ ئەخمەتجان:

— ماڭا پادىشاھلىقىڭنىڭ كېرىكى يوق، مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، — دەپ، يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ.

— ئاۋۋال ئەجدىھانى يوقاتقىن، سېنىڭ تەلىپىڭنىڭ ئامالىنى كېيىن قىلايلى، — دەپتۇ پادىشاھ. ئەخمەتجان خوپ دەپ، تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ، قاڭغىر قاقشاپ تۇرغان بىچارىلەرنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ، ئەجدىھاغا قارشى يولغا چىقىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ نەپسى تاقىلداپ كەتكەن ئەجدىھا ئەخمەتجاننى كۆرۈپ دەم تارتىپتۇ. ئەخمەتجان چەبدەسلىك بىلەن ئەجدىھانى چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ پادىشاھلىقتىكى كىشىلەر بالايىئاپەتتىن خالاس بولۇپ، ئەخمەتجانغا بارىكاللا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بولسا، ئىززەت - ئىكرام بىلەن تون سەرپاي كىيگۈزۈپتۇ. ئەخمەتجاننىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، پادىشاھلىقنىڭ يېرىمىنى ھەم قىزىنى بېرىشنى جاكارلاپتۇ. ئەخمەتجان پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان پادىشاھ ئۆز دائىرىسىدىكى پۈتۈن مۇنەججىملەرنى يىغىپ، بۇ يىگىتنى يەر ئۈستىگە چىقىرىشنىڭ ئامالىنى قىپتۇ. نەتىجىدە، بىر قېرى مۇنەججىم:

— كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئېگىز تاغدا بىر سۈرمە قۇش بار. ئۇنىڭ بالىلىرىنى ھەر يىلى بىر ئەجدىھا يەپ كېتىدۇ. كىمدەكىم شۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، قۇشنى شۇ بالايىئاپەتتىن

خالاس قىلالىسا، قۇش شۇ كىشىنىڭ قانداق تەلىپى بولسا ھەل قىلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

ئەخمەتجان پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، سۇرمە قۇش ماكانى تەرەپكە راۋان بوپتۇ. بىر ھەپتە مېڭىپ قۇشنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. قۇش بالىلىرىنىڭ يىغا ـ نالىسىدىن تاغلار لەرزىگە كەپتۇ. ئەخمەتجان قارىسا، بىر ئەجدىھا تاغقا يامىشىپ قۇش بالىلىرىنى يېيىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ بارغانىكەن. ئەخمەتجان ياندىن ئۆتۈپ ئەجدىھانى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىدە قۇشنىڭ بالىلىرىنى بېقىپتۇ. ئانا قۇش ئوۋغا چىقىپ كەتكەنىكەن. قۇشنىڭ بالىلىرى ناھايىتى خۇش بوپتۇ.

ئانىسى قايتىپ كەلسە، بالىلىرى ئۇخلاپ قالغان. ئانىسى ئويغىتىپ گۆش تاشلاپ بەرسە بالىلىرى يېمەپتۇ. ئانا قۇش ھەيران بولۇپ:

— نېمىشقا گۆش يېمەيسىلەر؟ — دەپتۇ.

— قورساق توق.

— نېمە يېدىڭلار؟

— گۆش يېدۇق.

— گۆشنى نەدىن تاپتىڭلار؟

— ئانا، ئېيتىڭا، ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟— دەپتۇ قۇش بالىلىرى.

— ياق، بالىلىرىم، ئەلۋەتتە ۋاپاغا ۋاپا، جاپاغا جاپا، — دەپتۇ ئانىسى. دەل شۇ ۋاقىتتا بىر قۇش بالىسى:

— مانا بۇ ئادەم بىزگە ۋاپا قىلدى، بۇ كىشىگە سىزمۇ ۋاپا قىلىڭ، — دەپتۇ ـ دە، قانىتىنىڭ ئاستىدىن ئەخمەتجاننى چىقىرىپتۇ. ئەخمەتجان قۇشقا ئېگىلىپ سالام قىپتۇ. قۇش بالىلىرى ئانىسىغا ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قۇش ئەھۋالنى تولۇق چۈشىنىپ، ۋاپا يۈزىسىدىن ئەخمەتجاننى ئۈستىگە مىندۈرۈپ يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل



قىپتۇ. گۆش بىلەن سۇ تەييارلاپ، ئەخمەتجاننى ئۇستىگە مىندۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، «گۆش، سۇ» دەپتۇ. گۆش بېرىپتۇ، سۇ بېرىپتۇ. يەنە ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، يەنە «گۆش، سۇ» دەپتۇ، بۇ چاغدا گۆش بىلەن سۇ تۈگەپ قالغانىكەن. ئەخمەتجان ئۆز يوتىسىنى كېسىپ بېرىپتۇ، سۇ ئورنىغا، ئاللاغا سېغىنىپ بىر يىغلىغاندىكەن، كۆزىدىن بىر پىيالە ياش چىقىپتۇ، يېشىنى بېرىپتۇ. ئاخىر يەر ئۈستىگە سالامەت چىقىپتۇ. ئايرىلىش ۋاقتىدا، قۇش:

— بىر سۇ بەردىڭ ناھايىتى ئاچچىق، بىر گۆش بەردىڭ ناھايىتى تاتلىق. بۇنداق تاتلىق گۆشنى تا ھازىرغىچە يېمىگەن، بۇنداق ئاچچىق سۇنى ھەم ئىچمىگەن، بۇنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— گۆشىڭىز تۈگىدى، گۆش ئورنىغا يوتامنى كېسىپ بەردىم، سۇ ئورنىغا يېشىمنى بەردىم، — دەپ سۆزلىگەنلىرى

كۆرۈنۈپ قالغان يوتىسىنى كۆرسىتىپتۇ ئەخمەتجان. قۇش نا-
هايىتى خىجىل بولۇپ ھەم تەسىرلىنىپ قانىتى بىلەن بىر
سىيپىغانىكەن، ئەخمەتجاننىڭ يۈتى سەللىمازا ساقىيىپ كې-
تىپتۇ. قۇش خوشلىشىشتىن بۇرۇن ئۈچ تال پېيىنى يۇلۇپ
بېرىپ:

— بۇنى بېشىڭغا سۈركىسەڭ تاز بولىسەن، بۇنى يۈزۈڭگە
سۈركىسەڭ سەكسەن ياشلىق قېرىغا ئۆزگىرىسەن، بۇنى بەدە-
نىڭگە سۈركىسەڭ ئەسلىڭگە كېلىسەن، — دەپ ئەخمەتجان بىـ-
لەن خوشلىشىپ، ئۆز ماكانىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئەخمەتجان
چۈشكەن جايلار سۇلتان غوجامنىڭ تەۋەلىكى بولۇپ، بۇ يەردە
پادىشاھنىڭ چارۋىلىرى ئوتلايدىكەن. ئەخمەتجاننىڭ كۆزى پادى-
چى تازغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي تاز، تېزىڭنى ساقايتىپ قويسام نېمە بېرىسەن؟ —
دەپتۇ.

— سۇلتان غوجام بەرگەن بىر ئىتىم بار، شۇنى بېرىمەن، —
دەپتۇ تاز. ئەخمەتجان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پادىچىسى ئىكەنلىكىنى
بىلىپ، ھېلىقى قۇشنىڭ پېيىنى بېشىغا بىر سۈركەپ قويغانىـ-
كەن، شۇ ھامان تازنىڭ بېشى ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئەخمەتجان
پادىچىدىن ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاكىلىرىنى بىر - بىرلەپ
سوراپتۇ. پادىچى:

— پادىشاھ ئەخمەتجان دېگەن بالىسىنىڭ پىراقىدا تولا
يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

— بالىسى نېمە بولغانىكەن؟

— بالىسى دىۋىلەر بىلەن جەڭ قىلغاندا كېرەككە كەلمەي-
تۇ، ئۇ قورقۇنچاقنى دىۋىلەر يەپ كېتىپتۇ.

— پادىشاھنىڭ باقىش بىلەن دانىش دېگەن بالىلىرىچۇ؟

— ئۇ ئىككىسى دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە ئۈچ قىزنى

ئۇلجا ئېلىپ كەپتۇ، ئىككىسى بىردىن ئېلىپ مۇرادىغا يەتتى.
— يەنە بىر قىزچۇ؟
— ئۇ چىرايلىق قىز ھېچكىمگە تەگكىلى ئۇنىمىدى.
— ئۇ قىز نېمىشقا ئەرگە تەگمەيدىكەن؟
— ئۇقۇشمىزچە، ئۇ قىز بەك يىغلاڭغۇ ئىمىش.
— ئۇ قىز نېمىشقا يىغلايدىكەن؟
— ئۇنىڭ بىر باتۇر يىگىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىغا يىغلار ئىمىش.
ئەخمەتجان پادىچىدىن پۈتۈن ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ناھايىتى بىئارام بوپتۇ. تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىش مەقسىتىدە بىر تال پەينى ئۆزىنىڭ بېشىغا سۇركەپ، تازىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپتۇ. پادىچى بىلەن خوشلىشىپ مەھەللىگە بېرىپ، بىر زەرگەرگە شاگىرت بوپتۇ. زەرگەر ئۇستام بىر جۈپ بىلەزۈكنى سوقۇپ، يەنە ياراتماي قايتا سوقىدىكەن، ئون قېتىم سوقسا، ئون قېتىم بۇزىدىكەن. ئەسلىدە بۇ بىلەزۈكنى ئالتۇنئاي بۇيرۇتقانىكەن. ئۇستامنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن ئەخمەتجان:
— ئۇستام، مۇشۇ بىلەزۈكنى مەن بىر سوقۇپ باقاي، — دەپتۇ.
— ئوتتۇز يىللىق ئۇستا تۇرۇپ مەن سوقالمايۋاتسام، سەن قانداق سوقىسەن؟ بۇ ئۇنداق - مۇنداق بىلەزۈك ئەمەس. بۇنى پادىشاھ ئوردىسىدىن ئالتۇنئاي دېگەن مەلىكە بۇيرۇتقان، ئەگەر قاملاشتۇرالمىساڭ كاللاڭ كېتىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەخمەتجاننىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. ئەخمەتجان:
— ئۇستام، ماڭا ئىشەنسىلە، مەن بۇ بىلەزۈكنى چوقۇم ئۇنىڭغا يارىغۇدەك سوقالايمەن، — دەپتۇ. ئىشتىن زېرىككەن ئۇستام دۇكاننى تاشلاپ ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلاپتۇ. ئەخمەتجان

كۆھىقاپنىڭ ئاغزىدا قىز سوۋغا قىلغان بىلەزۈكنى: «مەن ياـ
سىدىم» دەپ، ئەتىسى زەرگەر ئۇستامغا بېرىپتۇ. ئۇستام
ئۆمرىدە مۇنداق ئېسىل بىلەزۈكنى كۆرمىگەنىكەن، ئەس ـ
ھوشىنى يوقاتقان ھالدا، مەلىكىدىن ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن
ئوردىغا يۈگۈرۈپتۇ. قىز بىلەزۈكنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ بىلەزۈكى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، زەرگەرگە:
— بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ؟ راستىڭنى ئېيت، مەن جىق
ئالتۇن بېرىمەن، — دەپ، بىر ئوچۇم ئالتۇننى ئالدىغا قويۇپ
قويۇپتۇ.
— ئۆزۈم سوقتۇم، — دەپتۇ زەرگەر.
— ياق، يالغان ئېيتتىڭ. بۇنى سەن سوققان ئەمەس. سەن
ئەمدى مۇشۇنى ساڭا بەرگەن ئادەمنى ئالدىمغا ئېلىپ كەلسەڭ،
ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىمەن. ئەگەر ئۇنداق
قىلمىساڭ، كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ ئالتۇنئاي.
— راستىنى ئېيتسام، بۇنى مېنىڭ بىر شاگىرتىم سوقـ
قان، — دەپتۇ ئۇستام.
— شۇ شاگىرتىڭنى ئالدىمغا ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. بۇ
چاغدا ئەخمەتجان قىزنىڭ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ سىناش ئۈچۈن،
سۈرمە قۇشنىڭ بىر تال پېيىنى يۈزىگە سۈركەپ سەكسەن ياشـ
لىق بوۋايغا ئايلىنىۋاپتۇ. ئۇستام بۇ بوۋاينى تونۇيالماپتۇ ھەم
شاگىرتىنى تاپالماپتۇ. قىز بولسا زار ـ زار يىغلاپ، ئاشىقى ئەخـ
مەتجاننى تېپىش مەقسىتىدە پادىشاھقا مۇنداق تەلەپ قويۇپتۇ:
— پادىشاھىئالەم، چوڭ مەيدانغا مىڭ گەز خادا ئورناتسىـ
ڭىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر داچەن پۇل ئېسىپ قويسىڭىز. كىمـ
دەكىم شۇ داچەن تۆشۈكىدىن ئوقيا ئوقىنى ئۆتكۈزەلىسە، شۇ
كىشىگە مېنى بەرسىڭىز.
قىزنىڭ قارىشىچە، مۇنداق ماھارەت پەقەت ئەخمەتجاندىلا

بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن، قىز بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدىكەن. پادىشاھ بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپتۇ. خادا تىكلىنىپتۇ. قىز دېگەندەك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جاي - جايلارغا: «كىمدەكىم بولسۇن، شاھ بولسۇن، گادای بولسۇن، مۇشۇ خادىنىڭ ئۇچىدىكى داچەننىڭ تۆشۈكىدىن ئوقيا ئوقىنى ئۆتكۈزگەن كىشىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ ئالتۇنئايىنى نىكاھلاپ بېرىمەن» دېگەن جاكار چىقىرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ جاي - جايلاردىن مەرگەنلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. پۈتۈن تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، مەلىكە ئېگىز راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مەرگەنلەر ئاتقان ئوقنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئوق ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. مىڭلىغان كىشىلەر ئوقياسىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ، ھېچقايسىسى ئۆتكۈزەلمەپتۇ. ئەڭ ئاخىردا سەكسەن ياشلىق بىر بوۋاي كېلىپ، مەلىكىگە قاراپ:

— مەلىكەم، ئاشۇ داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكىدىن ئوقيا ئوقىنى ئۆتكۈزسەم، مېنى قېرى كۆرمەي، ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلالامۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ مەلىكە.

بوۋاي ئوقياسىنى ئانچە قارىلاپ تۇرمايلا ئاتقانىكەن، ئوق داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەلىكە خۇشاللىقىدا:

— ئەخمەتجاننى تاپتىم! — دەپ راۋاقتىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ بوۋايغا ئېسىلىپتۇ. بۇنىڭدىن خالايىق ھەيران قاپتۇ. ئەخمەتجان دەرھال بىر تال پەينى بەدىنىگە سۈركەپ ئۆز ئەسلىگە كەپتۇ. پۈتۈن شەھەر خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ، ئەخمەتجاننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. كۆزىدىن ئايرىلغان پادىشاھ بالىسىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپتۇ. ئەخمەتجان قوش

پېيىنى دادىسىنىڭ كۆزىگە سۈركىگەنىكەن، پادىشاھنىڭ كۆزى ۋاللىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ. باقىش بىلەن دانىش غەمگە پېتىپتۇ. ئەخمەتجان ئاكىلىرىغا ئاداۋەت تۇتماپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئەخمەتجان بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. ئەخمەتجان بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، باقىش بىلەن دانىشنى توسۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئىككىسىنىڭ ئۆلۈكى دەشت - چۆلدە قاپتۇ، جەسىتىنى قاغا - قۇزغۇن يەپتۇ. پادىشاھ ئەخمەتجاننى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ، ئالتۇنئاينى نىكاھلاپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. ئەخمەتجان پادىشاھ بولغاندىن كېيىن يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ، مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.



# سىرلىق چۈش

قەدىمكى زاماندا، مەغرىبتىكى كاتتا مەملىكەتلەرنىڭ بىرىدە زىمىرشاھ ئىسىملىك بىر پادىشاھ بولغانىكەن. شانۇ شۆھرەتتە جاھانغا داستان بولغان بۇ پادىشاھنىڭ سان - ساناقسىز مال - چارۋىسى، ئۈيۈر - ئۈيۈر يىلقىسى، رۇستەمى داستاندەك پالۋان نۆكەرلىرى ۋە ھەددى - ھېسابسىز خەزىنىسى بار ئىكەن. ئالىم ۋە ھۈنەرۋەنلەر بىلەن تولغان نەچچە ئون شەھەر ئۇنىڭ پەرمانىدا ئىكەن.

لېكىن، تاجۇ تەخت، سەلتەنەتكە شۇنچە سېخىيلىق قىلغان تەقدىر ئۇنىڭ جېنىغا پەيۋەندە، تەختىگە ۋارىس بولغۇدەك بىر پەرزەنتكە بېخىللىق قىپتۇ. زىمىرشاھ كۈندۈزى دۆلەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، كېچىلىرى ئەلەم جايىنامازلىرىغا يۈكۈنۈپ، بىر ئوغۇل پەرزەنتنىڭ پىراقىدا شامدەك ئېرىپ خۇداغا يىغلايدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۆسن - جامالىغا تولغان كىچىك خوتۇنى ئۇنىڭغا بىر قىز پەرزەنت تۇغۇپ بېرىپتۇ. پەرزەنتى قىز بولسىمۇ، زىمىرشاھ خۇداغا شۈكرانە رەھمەتلەرنى ئېيتىپ، قىزىغا ئۇزاق ئۆمۈر ۋە بەخت تىلەپتۇ. يۇرتنىڭ يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن، غېرىب - غۇرۋالىرىغا پەتنۇس - پەتنۇس تەڭگىلەرنى چېچىپ، خەير - ساخاۋەت قىپ-

تۇ. قىرىق كۈن تويى ـ تاماشا ئۆيۈشتۈرۈپ، قىزىغا «مەلىكە
دىلنەۋاز» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. مەلىكە دىلنەۋاز ئويناپ ـ
كۈلگۈدەك بولغاندا، زىمىرشاھ قىزىنىڭ شەرىپىگە مەخسۇس
يەتتە بېھىشباغ ياساتقۇزۇپ، بۇ باغلارغا يەتتە ئىقلىم تەۋەسى-
دە بار دەپ قۇلاق ئىشىتكەنلا گۈل ـ گىياھلارنى، يەل ـ يې-
مىشلەرنى، چىرايلىق قۇشلارنى هازىر قىپتۇ. تۆت يۈز كې-
نىزەكنى قىزىنىڭ ئىتائىتىگە، قىزىنى كېنىزەكلەرنىڭ مۇ-
ھاپىزىتىگە تاپشۇرۇپتۇ.

مەلىكە دىلنەۋاز ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلارغا كى-
رىپ، ھۆسن ـ جامالى تولۇپ، ھەۋەس ـ ئىشتىياقى ئۇلغى-
يىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كېنىزەكلىرى بىلەن بېھىش-
باغدا مەي ـ شاراب ئىچىپ، بەزمە قىلىپ چارچاپتۇ، ئۇ كې-
نىزەكلەرنىڭ راھەتبەخش يەلپۈگۈچلىرى ئاستىدا پەرىزاتتەك
ئۇخلاپتۇ، ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆرگەن چۈشىدىن
قورقۇپ كېتىپ شۇنچىلىك ئەنسىز ۋارقىراپ ئويغىنىپتۇكى،
نالە ـ پەريادىدىن باغ ئىچىدىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گى-
ياھلار سىلكىنىپ، ياپراقلىرى تۆكۈلۈپتۇ، كېنىزەكلەر دىر ـ
دىر تىترىشىپتۇ. بىرمۇ كېنىزەك ئۇنىڭ چۈشىدە نېمە كۆر-
گەنلىكىنى سورىيالماپتۇ. مەلىكە دىلنەۋاز ئۆز نامىدىن پەرمان
چىقىرىپ يۇرت ئىچىدىن ئەڭ ئۇستا مۇنەججىم ئايالنى تاپقۇ-
زۇپ، ئايالنى ئەڭ ئىچكىرى، ھىم خانىلارنىڭ بىرىگە يالغۇز
ئېلىپ كىرىپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكلەرنى مەھكەم تاقاپ، كۆر-
گەن چۈشىنى ئېيتىپ، ھەقىقىي تەبىرىنى سوراپتۇ. بىر
چاغدا بۇ ھۇجرىدىن ھېلىقى مۇنەججىم خوتۇننىڭ تېنى بىلەن
بېشى باشقا ـ باشقا بولۇپ چىقىپتۇ.

زىمىرشاھ قىزىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، دىلى شىكەستە
بوپتۇ. ئۇ مەلىكە دىلنەۋازنى ئالدىغا چاقىرتىپ، كۆرگەن

ئەنسىز چۈشىنى ئاتلىق ھەق - ھۆرمىتى بىلەن ئاڭلاپ بېـ
قىشنى ئېيتىپتۇ.

— ئى كېرەملىك ئاتا، — دەپتۇ مەلىكە دىلنەۋاز، —
ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرۈڭ، ئېيتىنخارىمنى مەسخىرە قىلىپ،
بەختىمگە سايە تاشلىغان بۇ لەنىتى چۈشۈمنى سىزگىمۇ ئېيـ
تىپ بېرەلمەيمەن.

مەلىكە دىلنەۋاز شۇ كۈنى باغدا كۆرگەن يامان چۈشىنىڭ
ئەلەم - زەربىسىدە تولغىنىپ، قورقۇنچلۇق جۆيلۈپتۇ. ھەركىمـ
نىڭ يۈرىكىگە ئېشق بالاسىنى سالغۇچى ئاھۇ كۆزلىرى قانغا
تولۇپ، يىرتقۇچ تۇسكە كىرىپتۇ، دادىسىنى تاڭ قالدۇرۇپ، كېـ
نىزەكلىرىگە شۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ:

— ھەممىڭلار بىردىن ئات مىنىپ، قىلىچ بىلەن
قوراللىنىڭلار، شەھەر كوچىسىغا چىقىڭلار - دە، كۆزۈڭلار
كۆرگەنلا ئەركەكنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈڭلار! قېنى ئەمىسە،



ئارقامدىن مېڭىڭلار ! مېنىڭ سادىق سەرۋازلىرىم !

مەلىكە دىلنەۋاز شۇنى دەپلا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئوردىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. توۋت يۈز كېنىزەكمۇ دەرھال ئات مىنىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ مەلىكىنىڭ ئارقىسىدىن شەھەر كوچىسىغا چىقىپتۇ. شەھەردە قىرغىنچىلىق باشلىنىپتۇ، كوچىلاردا قان دەريا بولۇپ، قاچ - قاچ، ئاھۇزار پەلەككە يېتىپتۇ. ئالتە ئايغىچە ئەركەكلەر ئۆيىدىن بېشىنى چىقىرالماي، دېھقانچىلىق، سودا - سېتىق ئاياللارغا قاپتۇ. مەلىكە دىلنەۋاز شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنكى، ئۇ قىلىچىدىن قان تېمىتىپ شەھەر كوچىسىغا چىققاندا، ئۇنى كۆرگەن بەزى ئەر كىشىلەر ئۇنىڭ جامالى ئالدىدا جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە قىيالماي، قىلىچى ئالدىدا مەڭدەپ قاپتۇ. يىراق مەملىكەتلەردىنمۇ نى - نى يىگىتلەر كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئاستىغا يىقىلىپ، قىلىچىغا يەم بوپتۇ.

ئاخىر شەھەر خەلقىنىڭ پەيمانى تولۇپ، زىمىرشاھقا مۇنداق ئەرز يېزىپتۇ:

«ئەي پادىشاھىئالەم، سۇلتانى كېرەم، بىز سىزگە سادىق پۇقرالار ئىدۇق. سىزدەك قۇدرەتلىك پادىشاھقا بىزدەك پۇقرالار بولمىسا بولمايدۇ، بىزدەك ئاۋام پۇقرالارغا سىزدەك قۇدرەتلىك باشپاناھ بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىمىزگە موھتاج. لېكىن، كۆزىڭىز كۆرۈپ، قۇلىقىڭىز ئاڭلاۋاتىدىغاندۇ، ئالتە ئايدىن بېرى شەھىرىڭىزدە قىزىل قىيامەت بولۇۋاتىدۇ، قان دەريا بولۇپ ئېقىۋاتىدۇ. قىزىڭىز مەلىكە دىلنەۋازنىڭ قىلىچى ئاستىدا نۇرغۇن بىگۇناھ ئەرلەر خاراب بولدى. ئەرلەر ئۆيلىرىمىزدىن باش چىقىرالماي، ھېچبىر تىرىكچىلىك قىلالمىدۇق. چوڭلار قىلىچتا، كىچىكلەر ئاچ - يالىڭاچلىقتا قىرىلىپ تۈگىمەكتە. سىز دەرھال

قىزىڭىزنى ئىنساپقا چىللاڭ، بىھۇدە قان تۆكۈشنى توختات-سۇن. ئەگەر يەنىلا توختاتمايدىكەن، بىز سىزدەك پادىشاھى-مىزدىن تانىمىز، يىراق ئەللەرگە كېتىپ، باشقا پادىشاھقا پۇقرا بولىمىز...»

زىمىرشاھ پۇقرالارنىڭ ئەرز - دادىغا قۇلاق سېلىپ قى-زىغا كۆپ نەسىھەتلەر قىپتۇ، لېكىن مەلىكە دىلنەۋاز يەنە شۇنداق دەپتۇ:

— ھاياتلا بولىدىكەنمەن، باشقا ئەللەردىكى ئەرلەرنىمۇ چاناپ تۈگىتىمەن.

زىمىرشاھ قىزىغا يالۋۇرۇپ:

— ئەي ئەزىزىم، سەن خۇددى قارىغۇنىڭ كۆزىدىن ياش تامغاندەك، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن تامغان بىرلا قىز. پۈتۈن ئۆ-مىدىم، پۈتۈن شادلىقىم سەن بىلەن، سەن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي، لېكىن ئەر كىشىلەرنى چانىمىغىن، پۇقرالار بولمىسا بىز كىمگە پادىشاھ بولىمىز؟! ئۇلار يات ئەللەرگە قېچىپ كەتسە، تاج - تەختىمىزگە، ھەتتا ئۆز جېنىمىزغىمۇ ئىگە بولالمايمىز، يۇرتىمىز دۈشمەنلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنى-دۇ، — دەپتۇ. دادىسىنىڭ مۇراجىئىتىنى ئاڭلىغان دىلنەۋاز:

— ئۇنداق بولسا، پۇقرالىرىڭىزغا ئەمر قىلىڭ. مەن ھەر جۇمە كۈنى بىر كۈن كوچىغا چىقىمەن، شۇ كۈنى ئەر كىشى-لەر كوچىغا چىقمىسۇن، باشقا كۈنلىرى ھايات ئەندىشىسى قىلماي ئۆز ھەرىكەتلىرىنى قىلىشسۇن، — دەپتۇ.

زىمىرشاھ قىزىنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلۇپ كوچا - كو-چىلارغا، دوقمۇش - دوقمۇشلارغا ئېلان چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ۋەدىسى بويىچە ھەر جۇمە كۈنى كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ كوچىغا چىقىپتۇ، باشقا كۈنلىرى كوچىغا چىقماپتۇ، قان تۆكۈلۈشمۇ ئاز بوپتۇ.

ئەركەكلەر ھەيتىنىڭ ئالتە كۈنى كوچا ـ رەستىلەردە ئۆز ئوقەتلىرىنى قىلىپ، تىرىكچىلىك قەدىر ئەھۋال قىنىغا چۈشۈپتۇ.

شۇ زامانلاردا مەشرىقتە زىمىرشاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنـمايدىغان يەنە بىر كاتتا شەھەر بولۇپ، ئۇ شەھەردە نۇركامال ئىسىملىك بىر شاھزادە بار ئىكەن. نۇركامال قەددى ـ قامەت، ئەقىل ـ پاراسەتتە يېگانە ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، مەغرىبلىك مەلىكە دىلنەۋازنىڭ يۇرت ئەھلىگە سالغان تالاپەتـلىرىنى ئاڭلاپتۇ ۋە شۇ مەملىكەتكە بېرىپ ئۇ تەلۋە مەلىكىنى ئىنساپقا كەلتۈرۈپ، شۇ يۇرت خەلقىگە ئاسايىشلىق يارىتىش نىيىتى بارلىقىنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. نۇركامالنىڭ دادىسى يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، تۇنلىرىمنىڭ چىرىغى، بالام، بۇ نىيىتىڭدىن قايت. سەنمۇ ئۇنىڭ قىلىچىغا يەم بولۇپ مېنى داغدا قويىسەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ نۇركامال، — مەن ئۇ مەلىكىنى جىنايەتتىن توختىتىپلا قالماي، بەلكى ئىتائەتلىك كېلىنىڭىز قىلىپ ئەرلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن نۇركامال دادىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۆمۈشلەر بىلەن مەلىكە دىلنەۋازنىڭ مەمـلىكىتىگە كەپتۇ. نۇركامال شەھەر خەلقى بىلەن ئەھۋاللىـشىپ، يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ھەرقايسى ئەللەردە تەرىپلەنگەن جامالىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈـچۈن جۈمە كۈنى كوچىغا چىقىپتۇ. لېكىن، ھەرقانداق ئەرـكەكنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتقان بۇ زالىمنىڭ ئالدىدا يىگىتلىك سىياقى بىلەن كۆرۈنەلمەي، نازاكەتلىك بىر قىز سۈپىتىدە ياـسىنىپ چىقىپتۇ. نۇركامال مەلىكە دىلنەۋازنىڭ ئات ئۈستىدە قىـ

لىنچ ئوينىتىپ، كېنىزەكلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپلا يۈرىكىگە ئىشق ئوقيالىرىنىڭ سانجىلغانلىقىنى پەملەپتۇ.
ئىختىيارى ئەقلىگە بويسۇنماي، ئۆزىنىڭ قىزلارچە لىباس كىي-
يىپ چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئات ئاستىغا يىقىلىپ يىغان چىر-
كىشكە تاس قاپتۇ. شۇ چاغدا نۇركامال ئادەم پۈشتى ئەمەس،
بەلكى يۇلتۇزلار ئىچىدە تۇرغان نۇرانە ئاينى كۆرگەندەك بوپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، شاھزادە ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا بوپتۇ،
خىيالغا چۆكۈپ ھەر كۈنى بۇ يات شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ.
بىر كۈنى نۇركامال شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ
بىرىدە كېتىپ بېرىپ مۇنداق بىر ئىشنى كۆرۈپتۇ: چىرايلىق



ياسالغان بىر دۇكاندا سالاپەتلىك بىر باي سودىگەر ئولتۇرۇپتۇ. سېۋەت كۆتۈرۈۋالغان بىر قېرى خوتۇن ئۇ دۇكاندا سودىلىق قىلمۇېتىپتۇ. بۇ چاغدا بۇ سودىگەر ئۇ خوتۇنغا قايتا - قايتا سالام قىلىپ، ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ. نۇركامال بۇ ئىشقا بەكمۇ ھەيران بوپتۇ - دە، ئايال كەتكەندىن كېيىن سودىگەردىن سوراپتۇ:

— ئاتا، ھازىر كەلگەن مەزلۇم كىم بولىدۇ؟

— ئوغلۇم، — دەپتۇ دۇكاندار، — قارىسام، باشقا يۇرتتىن كەلگەندەك تۇرىسەن. ھازىر سەن كۆرگەن مەزلۇم مەلىكە دىلنەۋازنىڭ ئىنىكئانىسى بولىدۇ. مەلىكە ئەتە ئۇنىڭ ئۆيىگە چاچ تارىتىش ئۈچۈن بارغۇدەك، شۇڭا ئۇ تارغاق - سۆزگۈچ ۋە يېلىم ئېلىشقا كەپتۇ. ھازىر قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۆيىگە قويۇپ كېلىپ، يەنە ئاپتۇۋا، چىلاپچا ئالغىلى كېلىدۇ.

نۇركامال ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كۆپ ئۆتمەي مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسى كەپتۇ - دە، دۇكاندىن ئاپتۇۋا، چىلاپچا ئېلىپ يېنىپتۇ. نۇركامال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كوچا - رەستىلەردىكى مىغ - مىغ ئادەملەرنى ئارىلاپ ئىز بېسىپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئايال بىر تار كوچىغا قايرىلىپ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان نۇركامال تۇيۇقسىز ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

— ۋاي ئانا، مەن دۇنيادا ئانامغا شۇنچىلىك ئوخشايدىغان ئۆزلىرىدەك ئايالنىمۇ تاپىدىكەنمەن. سىلىنى كۆرۈپ خۇددى ئۆز ئانام تىرىلگەندەك دىلىم سۆيۈنۈۋاتىدۇ. خېنىم ئانا، ماڭا ئانا بولسىلا، مەن سىلىگە قۇلىنىڭ ئورنىدا بالا بولاي...

ئۇ ئايال نۇركامالنىڭ بۇ ئۇشتۇمتۇت نالەشلىرىدىن چۆچۈپ كېتىپ:

— ئەي بالا، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ نېمىشقا بۇ نامەھرەم

قوللىرىڭدا مېنىڭ مۇبارەك پۇتلىرىمنى تۇتۇپ يۈرسەن؟ تارت قولۇڭنى! — دەپتۇ. يىگىت يەنە يالۋۇرۇپ:

— ۋاي ئانا، مەن سىلىنى ئالتە ئاي سەرگەردان بولۇپ، دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ، دەريا تەكتىدىن گۆھەر تاپقاندەك ئاران تاپتىم. مېنى ھەيدىمەي بىر ئىتىنىڭ ئورنىدا ئېلىپ قالسىلا، بوسۇغىلىرىدا ياتاي، سىلى ئۆيلىرىگە ھەربىر كىرىپ - چىققانلىرىدا زارىققان كۆزلىرىم بىلەن بىر قارىۋالاي...

قۇچىقىدىن نەچچە بالىسىنى ئەجەل قۇشلىرى ئېلىپ كەتكەن بۇ خوتۇن نۇركامالنىڭ ئىسسىق كۆز ياشلىرىدا ئېرىپتۇ.

— بوپتۇ، قالساڭمۇ قال، — دەپتۇ ئۇ نۇركامالنىڭ بېشىنى سىلاپ، — لېكىن بۈگۈن ئەمەس. سەن بىلمەيسەن، بۇ شەھەردە مەلىكە دىلنەۋاز ئىسىملىك بىر مەلىكە بار. ئۇ ھەرقانداق ئەركەكنى يامان كۆرىدۇ، ئەر كىشىلەرنى كۆرۈپ قالسا شۇ ئان چاناپ تاشلايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى بولىمەن. ئۇ ئەتە ئۆيۈمگە كېلىپ ماڭا چېچىنى تارىتىپ كېتىدۇ. سەن ياشاشنى خالىساڭ، بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈنمۇ ئۆيۈمگە كەلمە، شەنبە كۈنى كەلسەڭ مەن بىلەن بىمالال ھال - مۇڭ بولالايسەن.

نۇركامال بۇ خوتۇن بىلەن خۇشال - خۇرام خوشلىشىپ بازارغا چىقىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا ئاتاپ نۇرغۇن قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ، گىلەم خۇرجۇنغا سېلىپ ئىنىكئانا دېگەن كۈنى ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ.

مەلىكە دىلنەۋازنىڭ ئىنىكئانىسى ئۇنى بۇ قېتىم ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئاپتۇ. نۇركامال خۇرجۇندىكى كىيىملەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئانا، بۇ كىيىملەر رەھمەتلىك ئانامنىڭ ئىدى. كىم ئانامغا ئوخشىسا شۇنىڭغا بېرەرمەن دەپ چۆل - دەشتلەردە

ئاچ، ئۇسسۇز قېلىپ، ھالىم قالمىغان چاغدىمۇ ئىغىر كۆرمەي
كۆتۈرۈپ يۈردۈم. بۈگۈن بۇ كىيىملەر ئۆز ئىگىسىنى تاپتى، ئا-
ناممۇ رازى بولىدۇ، خۇدامۇ رازى بولىدۇ، مەنمۇ رازى بولىمەن.
قولۇمنى قايتۇرماي كىيىپ قالسىلا!

شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىككىيلەن يېقىن
ئانا - بالىلاردىن بولۇپ قاپتۇ. نۇركامال ھەر جۈمە كۈنىدىن
باشقا كۈنلىرى مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپتۇ. بىر كۈنى
نۇركامال ئانىسىغا: «خەج - خىراجەت قىلسىلا» دەپ بىراقىلا
ئون تىللا بېرىۋېتىپتۇ. ئانىسى شادلىقىدىن كۆزلىرىگە ياش
ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆمرى، بەختىگە دۇئا قىپتۇ ۋە ھەرقانداق
مۇشكۇلىگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ ۋەدىلەرنى بې-



-رىپتۇ. نۇركامالنىڭ دىلى ئۈمىد چىراغلىرى بىلەن يېنىپتۇ. ئۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، بىر كۈنى ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— ئەي ئانا، مەلىكە دىلنەۋاز نېمە ئۈچۈن ئەركەكلەرگە شۇ قەدەر ئۆچ بولۇپ كەتتى؟ تەڭرى ھەممە مەخلۇقنى جۈپ قىلىپ ياراتقان ئەمەسمۇ؟ ئۇ بويىغا يەتكەن قىز تۇرۇپ ئۆزد-گە جۈپ ئىزدىمەي ئەرلەرنى چاناپ ئۆلتۈرىدىكەن، بۇنىڭ سىرى نېمە؟

— ئەي بالام، — دەپتۇ ئۇ ئايال، — سەن ناھايىتى مۈشكۈل بىر سوئالنى سوراپ قالدىڭ. بۇ سىرنى مەلىكە دىل-نەۋازنىڭ دادىسى زىمىرشاھمۇ بىلمەيدۇ، پۇقرالارنىڭ سۈرۈش-تە قىلىشقا ھەددى ئەمەس، بەلكى سەن يەشمەكچى بولغان بۇ مۈشكۈلاتنى بىر ئاللا، بىر ئۆزى بىلىدۇ. مېنىڭ بىلىدىغى-نىم، ئۇ بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر چۈش كۆرگەن، چۈ-شىدىن ئەنسىز ئويغىنىپ، خاس ھۇجرىسىغا بىر مۇنەججىم ئايالنى چاقىرتقان. ئۇ ئايالغا كۆرگەن چۈشى ھەققىدە تەبىر ئېيتقۇزۇپلا، بۇ سىرنى ئۆزىدىلا قالدۇرۇش ئۈچۈن گۇناھسىز مۇنەججىمنى جېنىدىن جۇدا قىلغان.

نۇركامال يالۋۇرۇپ يەنە سوراشقا باشلاپتۇ:

— ئەي ئانا، مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈمنىڭ مەنىسى مۇشۇ سىرنى بىلىشتە قالدى. ئادەمنىڭ ئىنىكئانىسى ئۆز ئانىسى-دىنمۇ ئۇلۇغ ۋە مۆھتەرەمدۇر. سىلى ئۇنىڭ قانداق چۈش كۆرۈپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپ باقسىلا، ئۇ ھەرقانچە ۋەھشىي بولغاندىمۇ، ئېمىتكەن ئاق سۈتلىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلار.

— ئەي بالام، ماڭا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدىڭ، ساڭا قانچە قىلساممۇ قايتۇرۇپ بولالمايمەن. كۆزلىرىڭدىن تۆكۈ-لۈۋاتقان ئۈنچە - مەرۋايىتتەك ياشلار دەردلىرىڭنى سۆزلەپ تۇ-

رۇپتۇ. ئەنە شۇ ياشلىرىڭ بۇرنۇمغا پۇراۋاتقان ۋاقىتسىز ئەجەللىمگە پىداكارلىق كۆرسىتىشنى ئۇندەۋاتىدۇ. خەير، ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولدۇم. ئۇ بۇ قېتىم كەلگىنىدە سوراپ باقاي، — دەپتۇ ئانا.

نۇركامال شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ ئانىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، پۇتلىرىنى سۆيۈپتۇ.

مەلىكە دىلنەۋاز كېيىنكى ھەپتىدە چاچ تارىتىش ئۈچۈن كەپتۇ. بۇ قېتىم ئىنىكئانىسى ھېچقاچان كۆرسەتمىگەن ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپتۇ، بويلىرىنى سۈت بىلەن يۇيۇپ، تەنلىرىگە ئۇپا يېقىپ، چاچلىرىنى قاشتېشىدەك سۈزۈك يىپەكلەر بىلەن پاتلاپ، قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈپتۇ.

مەلىكە دىلنەۋازنىڭ تاشتەك يۈرىكى ئېرىپ، كېچىدەك قاراڭغۇ كۆڭلى ئىنساپ نۇرى بىلەن يورۇپتۇ، ئىنىكئانىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپتۇ، بالىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسى خاتىرىلەنگەن ماڭلىيىدىكى قورۇقلارغا سۆيۈپتۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا ئىنىكئانا جۈرئەتكە كەپتۇ:

— ئەي قىزىم، — دەپتۇ ئۇ، — سىزنىڭدىن بىر گەپ سورىماقچىدىم، ئۈچ يىلدىن بېرى سورىيالماي يۈرىكىمدە قاداق بولۇپ قالدى.

— رۇخسەت! — دەپتۇ مەلىكە دىلنەۋاز.

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دەپتۇ ئىنىكئانا ئۇنىڭغا تىزلىنىپ تۇرۇپ.

— ئېيت! — دەپتۇ مەلىكە، — سۈتۈڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كەچتىم.

— قىزىم، سەن ئەر كىشىلەرنى چانغىلى ئۈچ يىلدىن ئېشىپتۇ، ھەتتا سېنىڭ ھۆسن - جامالىڭغا بىقارار بولۇپ ئېتىڭنىڭ ئاستىغا يىقىلغان نى - نى يىگىتلەرنى چاندىڭ، بۇنىڭ سە-

ۋەبى نېمە؟

مەلىكە شۇ ھامان قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ:

— ئەي قىرى، ساڭا بۇ گەپنى كىم ئۆگەتتى؟ سەن ماڭا ھىيلە ئىشلەتمەكچىمۇ؟

ئىنىكئانا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ شۇنداق دەپ يىغلاپتۇ:

— ئەي قىزىم، سېنى ئاناڭ تۇغۇپلا مېنىڭ قۇچىقىمغا تاشلاپ بەردى، مەن ساڭا قىزىل قانلىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئاق سۈتۈمنى ئايرىپ بەردىم. شۇ ھالال سۈتلىرىم بىلەن ھۆسنۈڭگە ھۆسنۈمنى ئۆتكۈزدۇم. ئەنە شۇ سۈت ھەققىم ئۈچۈن قىلىچىڭنى قىنىغا سال!

مەلىكە قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، ئىنىكئانىسىغا:



— خەير، سۆزۈڭنىڭ شىرىنىسى بار ئىكەن، «قىزىل قانلىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئاق سۈتۈمنى ئايرىپ بەردىم» دېگەن سۆزۈڭ تاش بولۇپ قاتقان يۈرىكىمنى ئېرىتتى. ئاتامغا ئېيتىپ بەرمىگەن بۇ سىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي. بىراق، ئېيتقىد-

مىزدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئىنسۇجىن ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، سۇتۇڭنى ئەمەس، قىزىل قېنىڭنى، كۆزۈڭنىڭ گۆھە-رىنى ئېمىتكەن بولساڭمۇ يۈز - خاتىر قىلالمايمەن، باشلىرىڭغا زەيتۇن يېغى چېچىپ ئوت قويۇۋېتىمەن ! — دەپتۇ.

ئىنىكئانا بىر تىل، بىر دىللىقى ھەققىدە يۈزلىرىگە توپا - تۇپراق چېچىپ قەسەم قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە دىلنەۋاز كۆرگەن چۈشى ھەققىدە مۇنداق دەپ ھەسرەت ئۇنچىلىرىنى تۆكۈپتۇ:

— مەن چۈشۈمدە جاڭگىلى مازاندىرانغا بېرىپ چىرايلىق بىر كېپىككە ئايلاندىم. چۆپلەرنىڭ ئۇچىنى يەپ، پاكىز بۇلاقلاردىن سۇ ئىچىپ يايرىدىم. يېنىمدا بىردىنلا كېلىشكەن، ياش بىر ئەركەك كېيىك پەيدا بولدى. بىچارە تىلسىز بولغىنى ئۈچۈن ماڭا كۆزلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلدى، بىللە ئويۇ-نىدۇق. ئاخىر ئۇنى دىلىم تارتىپ قوشۇلدۇق. شۇنىڭ بىلەنلا ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلغۇم كەلمەي، خۇددى سايىسىدەك ئەگىشىپ يۈردۈم. بىر چاغدا نازۇك ئاياغلىرىم قاپقان زەربى-سىدە قالدى. جانلىرىم قاقشاپ ئاچچىق پەرياد قىلدىم، ئى-شەنگەن جۈپتۈمگە ياردەم تىلەپ تەلمۈردۈم. بىراق، جۈپتۈم بېشىمغا چۈشكەن تۇتقۇنلۇق ئازابىنى ئاز كۆرۈپ، يۈرىكىمگە يەنە ۋاپاسىزلىق خەنجىرى قاداپ قويۇپ، قارىماي كەتتى. شۇ-نىڭ بىلەن ئاچچىق نالە قىلىپ ئويغاندىم. قارىسام، چۆرەمدە كېنىزەكلەر، بېھىشباغدا يېتىپتىمەن. كۆڭلۈمگە چۈشكەن بۇ چۈشنىڭ سايىسى مېنى ئازابلىدى. دەرھال مۇنەججىم چاقىرت-تىم، بەختى قارا مۇنەججىم چۈشۈمگە: «سىز بولغۇسى كۆيۈ-ڭىزنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كۆرۈپسىز. ئۇ يىگىت سىزگە خۇددى كېيىكتەك ۋاپاسىزلىق قىلىدىكەن...» دېگەن تەبىرنى بەردى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپ ئۇچقۇنلىرىم كۆز چاناقلىرىمدىن،

ئەلەم زەردابلىرى تىل - تاماقلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقتى، شۇڭا مۇنەججىمنىڭ كاللىسىنى ئالدىم. ۋاپاسىز يىگىتلەرنىڭ زەھەرلىك تىرناقلىرىدا پاكىز ۋۇجۇدۇمنى بۇلغىماسلىق ئۈچۈن توي قىلماسلىققا ئەھدە قىلدىم. لېكىن، ئىنسان ئىكەنمەن، بىللە ئۇچقان بىر جۈپ تۇرنىنى كۆرسەممۇ يۈرەكلىرىم رەشك ئاتەشلىرىدە ئۆرتەندى، ماڭا ۋاپاسىز بولۇپ يارالغان پۈتۈن ئەرلەرگە قەھرىم ئۆرلىدى. شۇڭا، قىلىچىمنىڭ بىسىنى ئەرلەرنىڭ قېنى بىلەن سۇغىرىپ، سۆڭەكلىرىدە بىلىدىم.

ئىنىكئانا مەلىكە دىلنەۋازنىڭ ھەسرەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاپتۇ. مەلىكە دىلنەۋاز قايتار چېغىدا ئۇنىڭدىن بىر تىل ۋە بىر دىللىقى ھەققىدە قايتا - قايتا قەسەملەرنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يولدىن يانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئانت ئىچىپتۇ.

ئەتىسى نۇركامال كەلگەندە ئىنىكئانا جېنىغا تەۋەككۈل قىپتۇ - دە، مەلىكە دىلنەۋازنىڭ ئېيتقانلىرىنى زىر - زەۋەرلىرىگىچە تۆكۈپ بېرىپتۇ.

نۇركامال بىرقانچە كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر مەقسەت چوققىسىغا چىقىدىغان بىر يول تېپىپتۇ. ئۇ گۆدەك چاغلىرىدىلا ئاتا ئوردىسىدا زامانىنىڭ ئەڭ مەشھۇر رەساملىرىدىن ئىلىم ئالغان كامالەتلىك رەسسام بولغاچقا، دەرھال تۇتۇش قىلىپ، زىمىرشاھنىڭ ئوردىسىغا يېقىن بولغان دوقمۇشتىن نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئىمارەتلىك جاي سېتىۋاپتۇ. ئالتۇن - كۈمۈشلىرى يېتىشمىگەندە ئېتىنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى پۇل قىلىپ، ئوردا سىياقىدا بېزەپ قىرىق ئېغىزلىق مۇنچا سالدۇرۇپ، مۇنچىنىڭ ئالدىغا پۇختا ماتېرىياللار بىلەن بىر تام تاختا ياسىتىپ، ئۇنىڭغا نۇردىنمۇ تېپىلمايدىغان يارقىن رەڭلەر بىلەن مۇنداق بىر تەسۋىرىي رە-

سىم سىزىپتۇ:

ئوت - چۆپلەر يەلپۈنۈپ، سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان جاڭگىللىق مازاندىران، قاپقان زەربىسىدە سىلكىنىپ، كۆزلىرىدىن ئەلەم ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقان بىر ئەركەك كېيىك، ئۇنىڭ بىلەن بىر جۈپلۈكى ناھايىتى ئېنىق، لېكىن جۈپتىنىڭ پەريادىغا پىسەنت قىلماي كېتىۋاتقان بىر چىشى كېيىك.

نۇركامال بۇ رەسىمنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سىزىپتۇكى، رەسىمدىكى ئەركەك كېيىك كۆزلىرىدىكى مىسكىنلىك، ھايات مۇھەببىتى، جۈپتىگە بولغان تەلمۈرۈش ۋە ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن ئاغرىنىش تەسۋىرلىرى بىلەن كىشىنىڭ كۆزىگە خۇددى شۇ قارا كۈن بېشىغا چۈشكەن بىر ھايات كېيىك كۆرۈنۈپتۇ. قېچىپ كېتىۋاتقان چىشى كېيىكنىڭ پۈتۈن قىياپەتلىرىدە، بولۇپمۇ كۆزلىرىدە ۋاپاسىزلىق، نادانلىق ئەكس ئېتىپ كۆرۈنۈپتۇ. بۇ رەسىمنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى، ھەتتا ئۆز ئەرلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان ئاياللارمۇ ئەركەك كېيىككە ئىچ ئاغرىتىپ، جۈپتىگە قارىمىغان چىشى كېيىككە لەنەت ئوقۇشۇپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇ مۇنچىنىڭ داڭقى ئازادە ۋە پاكىزلىقى بىلەن پۈتۈن شەھەرگە تارىلىپتۇ. مەلىكە دىلنەۋاز جۇمە كۈنى كېنىزەكلىرى بىلەن يەنە ئەرلەرنى چېپىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇ يىراقتىنلا بۇ رەسىمنى كۆرۈپ ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ - دە، رەسىمگە قاراپ تاڭ قېلىپ، رەسىمدىكى مەنزىرىگە ۋە ئۇنى كۆرۈۋاتقان ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قاپتۇ. ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپمۇ كۆرۈپتۇ. ئاخىر چىنلىققا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان رەسىمدىكى روھىي تەسەۋۋۇرلار ئۇنىڭغا ھاياتتا ئەرلەرگە ئاياللارنىڭمۇ ۋاپاسىز-

لىق قىلىدىغانلىقىنى، ۋاپاسىزلىق ئەرلەردىلا بولۇپ قالماي، ئاياللاردىمۇ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

مەلىكە دەرھال كېنىزەكلىرى ئارقىلىق مۇنچىنىڭ خوجايىنىنى چاقىرغۇزۇپتۇ، لېكىن مۇنچا خوجايىنى نۇركامال كېنىزەكلەرگە ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— كەچۈرۈڭلار، كېنىزەكلەر، مەن ئايال بەندىلەر بىلەن يۈزتۇرا سۆزلەشمەيمەن. مەلىكەڭلار خاپا بولمىسۇن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىكىنىڭ قانلىرى قايناپ، قەھرى ئۆرلەپتۇ. مۇنچا ئىشىكلىرىنى بۇزۇپ باستۇرۇپ كىرىپتۇ، نۇركامالنى ئۆز لەۋزى بىلەن چاقىرىپتۇ، نۇركامال مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېشىغا چاپان ئارتىپ چىقىپتۇ.

— چاپىنىڭنى ئال! سەن بىلەن سۆزلىشىدىغان گېپىم بار، — دەپتۇ مەلىكە.

— يوقسۇ، مەلىكە، — دەپتۇ نۇركامال، — مەن ئايال كىشىلەرگە ئۆزۈمنى كۆرسەتمەسلىككە ئەھدە قىلغانمەن.

مەلىكە تېخىمۇ تاقەتسىزلىنىپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن؟ !

— مۇنچىنىڭ ئالدىدىكى رەسىمنى ئۆز قولۇم بىلەن سىزغانمەن، — دەپتۇ نۇركامال، — بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە جاڭگىلى مازاندىرانغا بېرىپ چۈشنىڭ كارامىتى بىلەن كېيىككە ئايلاندىم. كېيىن ئەنە شۇ رەسىمدىكى چىشى كېيىك بىلەن جۈپلەشتىم. بىراق، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، چۈش بولسىمۇ، بېشىمغا رەسىمدىكى قارا قىسمەت چۈشتى. چۈشۈمنى ئاڭلىغان مۇنەججىملەر بەختسىزلىكىمگە بېشارەتلەرنى بەردى. مەن يۇرتۇمدا شاھزادە ئىدىم. بۇ قارا چۈشنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن يۇرتۇمدىن كۆڭلۈم قالدى، تەركىجاھان بولدۇم...

مەلىكە شۇ ھامان نۇركامالنىڭ بېشىدىكى چاپاننى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ كىيىلشكەن بەستىنى كۆرۈپ، قىلىچىغا پۇشايمان بىلەن قاراپتۇ. نۇركامالدىنمۇ سۇباتلىق تالاي يىگىتلەرنىڭ بېشىنى ئالغان مەلىكە قىلىچىنىڭ خۇن تېمىپ تۇرغان بىسلىرىنى مۇنچىنىڭ تاش تۈۋرۈكلىرىگە ئۇرۇپ قايرىپتۇ. مەلىكە غۇرۇر ۋە قىزلىق ئاجىزلىقى بىلەن نۇركامالغا شۇنداق دەپتۇ:

— دىلىمنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقان ئەي يىگىت، سېنىڭ بۇ سېھىرلىك رەسىمىڭ مېنىڭ سېنىڭكىدىنمۇ قاتتىق ئېتىقادىمنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىرادە تاغلىرىمنى غۇلاتتى. بىھۇدە تۆككەن قانلىرىم مانا شۇ دەمدە ۋىجدان ئەينەكلىرىمگە چاچراۋاتىدۇ. نامۇ ئەمالىڭنى كېيىن سورايمەن. مېنى ھازىرلا ئەمرىڭگە ئال!

— ھەر ئىككىمىز ئېتىقادىمىزدىن، قىلغان ئەھدىمىزدىن كەچكەن بولىمىز، — دەپتۇ نۇركامال، — دادىڭىزنىڭ رايى قانداقكىن؟

مەلىكە دىلنەۋازنىڭ بۇيرۇقى بىلەن زىمىر شاھنىڭ ئالدىغا خەۋەرچىلەر بېرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان زىمىر شاھ ئەلنىڭ كەلگۈسى تىنچلىقى ئۈچۈن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قاپتۇ، خۇددى قوينىدىن ئاي چىققاندەك خۇشال بوپتۇ. نۇركامال ئوردىغا چاقىرتىلىپ، شاھانە زىياپەتلەرگە داخىل بوپتۇ. پۈتۈن يۇرت خەلقى بۇ ئاجايىپ يىگىتكە تەشەككۇر ئېيتىپتۇ. دېمى ئۆتكۈر كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆمرىگە ۋە بەختىگە يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلىشىپتۇ. زىمىر شاھ ئۆز يۇرتىدا قىرىق كۈن توي قىلىپ خەلققە ئاش بېرىپتۇ. كۈيئوغلىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن پۈتۈن نۆكەرلىرى بىلەن قۇدا يۇرتىغا تەنتەنە ۋە داغدۇغا بىلەن قىزنى ئەۋەتىپتۇ.

# شاھزادە بىلەن ئالۋاستى

بۇرۇن بىر شاھزادە بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ خانىش ئا-
نىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، خانىشمۇ شاھزادە ئوغ-
لىغا ئىنتايىن ئامراق ئىكەن. شاھزادە خانىش ئانىسىنىڭ
ئىجازىتىسىز ھېچ يەرگە بارمايدىكەن، خانىشمۇ شاھزادە ئوغ-
لىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بەرمەي قالمايدىكەن، ئوغلىدىن بىر-
دەممۇ ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە خانىشتىن شىكارغا چىقىش
توغرىسىدا ئىجازەت سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. خانىش نائىلاج شاھزا-
دىنىڭ شىكارغا چىقىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ. شاھزادە خانىش-
نىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن تاغ باغرىدىكى گۈزەل
مەنزىرىلىك بىر ئورمانلىققا كەپتۇ. شاھزادە ئۇ يەردە بىر
ساھىبجامال قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بۇ ساھىبجامال
قىزنىڭ مۇرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان قويۇق ئالتۇن چاچلى-
رى، مىسران قىلىچتەك ئىنچىكە قەلەم قاشلىرى، مەرۋايىت –
ئۈنچىلەردەك ئاپئاق چىشلىرى، پىشقان گىلاستەك قىپقىزىل
لەۋلىرى، ئويناق چەشمە كۆزلىرى... شاھزادىنى ئۆزىگە مەھ-
لىيا قىلىۋاپتۇ. ساھىبجامال قىز نازۇكەرەشمە ئۇچقۇنلىرى
چاچراپ تۇرىدىغان چەشمە كۆزلىرى بىلەن شاھزادىگە شۇنداق

بىر نازاكەتلىك باققانىكەن، شاھزادە شۇ ھامان مەستۇ مۇس-تەغرەق قايىنىمىغا غەرق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بوپ-تۇ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ كۈچلۈك ئىشق - مۇھەببەت رىشتىسى چىرمىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شاھزادە ھېلىقى گۈزەل ئورمانزارغا بېرىپ ساھىبجامال قىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە ۋەدىلەشكەن قارارىدا ئور-مانزارلىققا يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ساھىبجامال قىز بىر بۇلاق بويىدا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان مەجنۇنتالغا يۆ-لەنگىنىچە كۆزىنى بۇلاقتىن ئۈزمەي غەم - غۇسسە قايىنىمىغا پېتىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىلگىرىكى خۇشخۇي نازۇكەرەشمە ئورنىنى خاپىلىقنىڭ قارا بۇلۇتلىرى تۇسۇۋال-غانلىقىنى كۆرگەن شاھزادە ھەم تەئەججۇپ، ھەم ئەنسىرەش ئىچىدە:

— ئى ساھىبجامال گۈزىلىم، سىزگە نېمە بولدى؟ ياكى ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ سىزگە نېمە بەرسەم، ئايدەك گۈزەل جا-مالىڭىزدىن غەم - غۇسسىنىڭ قارا بۇلۇتلىرى تارقايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ساھىبجامال قىز بېشىنى چايقاپ، ئاغرىپ قال-مىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپتۇ ۋە شاھزادىگە قاراپ:

— ئى شانۇ شەۋكەتلىك شاھزادە، سىز ماڭا بىر يىگىنە ئەكېلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

شاھزادە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىغا بېرىپ خانىش ئا-نىسىنىڭ بىردىنبىر تەۋەررۇك يىڭنىسىنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ساھىبجامال قىزنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىق بۇلۇتلىرى تارقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق ئاپتىپى قاپلاپتۇ. ئۇلار بۇلاق بېشىدا شېرىن مۇڭدىشىپ، قۇياش تاغ كەينىگە مۆككەندە، ئەتىسى يەنە شۇ قەرەلدە ئۇچرىشىشقا ۋە-

دىلىشىپ ئايرىلىشىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە شۇ قەرەلدە بۇلاق بېشىغا بېرىپ قارىسا، ساھىبجامال قىز يەنە خۇددى تۈنۈگۈندىكىدەك خاپا ھالدا ئولتۇرغۇدەك. شاھزادە يەنە تۈنۈگۈنكى سۆزلەرنى تەكرارلاپ، ئۇنىڭدىن:

— سىزگە نېمە بەرسەم، ئاي جامالىڭىزنى تۇسۇۋالغان خاپىلىق بۇلۇتلىرى تارقاپ، خۇشاللىق ئاپتىپى چىقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ساھىبجامال قىز شاھزادىدىن بىر دانە تۆگمە ئەكېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. شاھزادە شۇ ھامان ئوردىغا بېرىپ ئانىسىنىڭ خانىشلىق زەر تونىنىڭ ئالتۇن تۆگمىسىنى ئېلىپ كېلىپ ساھىبجامال قىزغا بېرىپتۇ. ئاندىن ساھىبجامال قىزنىڭ ئاي جامالىغا سايە سالغان خاپىلىق بۇلۇتلىرى تارقاپ، خۇشاللىق ئاپتىپى پارلاپتۇ. ئۇلار بۇلاق بېشىدا ئۇزاققىچە شېرىن سۆھبەتلەر قىلىشىپ، قۇياش تاغ كەينىگە مۆككەندىن كېيىن، ئەتىسى يەنە شۇ قەرەلدە كۆرۈشۈشنى ۋەدىلىشىپ قايتىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە بۇلاق بېشىغا كېلىپ قارىسا، ساھىبجامال قىزنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىق بۇلۇتلىرى شاھزادىگە غەزەپ مۆلدۈرلىرىنى ياغدۇرۇپ تۇرغۇدەك. شاھزادە ھەيرانۇھەس بولۇپ، يەتتە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ساھىبجامال قىزنىڭ غەزەپ مۆلدۈرلىرى يېغىپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ:

— ئى ساھىبجامال گۈزىلىم، سىزگە نېمە بولدى؟ سىز نېمىشقا خاپا بولدىڭىز؟ سىزگە يەنە نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. ساھىبجامال قىز بولسا تال - تال ئۇقيا كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چەشمە كۆزلىرىنى شاھزادىگە ئەمەس، بەلكى كۆپكۆك ئاسماندىكى قوي پادىلىرىدەك ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ جىم تۇ-

رۇۋاپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە بىتاقەت بولۇپ:

— ئى ساھىبجامال گۈزىلىم، سىزگە ئاشۇ ئاپئاق بۇلۇتتەك توپ - توپ قوي پادىلىرى ئەكىلىپ سوۋغا قىلايمۇ يا؟ مەن سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. پەقەت سىزنىڭ ئاشۇ ئاي جامالىڭىزدىن خاپىلىق بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، خۇشخۇي، نازاكەتلىك كۈلكە ئاپتىپىنى كۆرۈشكە مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا، سىز مەيلى نېمىنى تەلەپ قىلسىڭىز، تەلىپىڭىزنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن، — دەپتۇ ۋە ئىلتىجا ياشلىرى قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرى بىلەن ساھىبجامالغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ساھىبجامال قىز ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئالماشتۇرۇپ، بىر خىل كۈچلۈك تىلىنىش ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى شاھزادىگە تىكىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئى شاھزادە يىگىت، ئەگەر سىز مېنى خۇشال قىلىشنى ئويلايدىكەنسىز، ماڭا سىز خانىش ئانىڭىزنىڭ سوقۇپ تۇرغان قىزىق يۈرىكىنى ئەكىلىپ بېرىشىڭىز كېرەك.

شاھزادە ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن ھالدا ھەيرانلىق پاتقىقىغا پېتىپ، ئۆز ئورنىدا قېتىپلا قاپتۇ. بۇ چاغدا ساھىبجامال قىزنىڭ چەشمە كۆزلىرىدىن گوياكى يىپى ئۈزۈلگەن ئۈنچىلەردەك ياش ئۈنچىلىرى ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى بىئارام بولغان شاھزادە ئېسىنى يىغىپتۇ. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئۇچقاندەك ئوردىغا — خانىش ئانىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا خانىش ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەنىكەن. شاھزادە دەرھال ئانىسىنىڭ كۆكسىنى يېرىپ، ئۇنىڭ سوقۇپ تۇرغان قىزىق يۈرىكىنى ئېلىپ ساھىبجامال قىزنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپتۇ. شاھزادە ئورمانلىققا يېتىپ بارغاندا، ئۆزىنى بەجايىكى بىر قاپقاراڭغۇ شام گۈر

ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ، ھېچ نەرسىنى كۆرەل-
مەپتۇ. ئۇ ھەربىر قەدەم تاشلىغاندا، بەدەنلىرىگە گوياكى يىڭ-
نە سانجىلغاندەك تىكەن - چاتقاللار سانجىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ
يەنە بىر قەدەم مېڭىشىغا بىشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.
بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدىكى ئانىسىنىڭ يۈرىكىدىن شۇنداق بىر
نىدا كەپتۇ:

— ئى ئوغلۇم ! يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ؟ بىر يېرىڭ قاتتىق
ئاغرىپ كەتتىمۇ؟ ئوغلۇم، مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم. سەن
ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپسەن. سەن بەرگەن يىڭنىنى
ئۇ بەدىنىڭگە سانجىدى. ئوغلۇم، سەن خۇشال قىلماقچى بول-
غان بۇ ساھىبجامال قىز سۈرىتىدىكى ئالۋاستى سېنىڭمۇ يۈ-
رىكىڭنى كاۋاپ قىلىپ يېسە، ئاندىن بىردەملىك خۇشال بو-
لۇپ، خۇنۇك چىرايى ئېچىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسەن؟...
ئوغلۇم ! سەن ئەمدى كېچىكتىڭ، ئاھ... ئەقىلسىز ئوغلۇم !

ئانىنىڭ يۈرىكىدىن چىققان بۇ سادادىن تاغلار تىترەپ،
ئاسماندا كۈچلۈك چاقماق چېقىلىپتۇ. شاھزادە چاقماق يورۇ-
قىدا ساھىبجامال قىزنى ئۆزى سوۋغا قىلىپ بەرگەن يىڭنىنى
نەيزە، تۇگمىنى قالقان قىلىپ، ئەجدىھادەك ئاغزىنى ئېچىپ،
چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە ساھىبجامال قىز تەرەپكە قاراپ
ئىنتىلىشىگە خانىش ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئۇنىڭ قولىدىن يۇل-
قۇنۇپ چىقىپتۇ - دە، كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلىنىپ، ساھىبجا-
مال قىزنىڭ قولىدىكى نەيزە، قالقاننى ئېرىتىپ تاشلاپ، سا-
ھىبجامال قىزنىمۇ تۇتۇنگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. شاھزادىنىڭ
پۇت - قولى بوشىشىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، كۆزد-
نى قايتا ئاچالماپتۇ.

# خىسلەتلىك گۈل

ئۆتكەن زاماندا قىسمەت دېگەن بىر تەنھا دېھقان بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى تاغقا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. بىر يىلى ياز ناھايىتى ئىسسىق كېتىپتۇ، قۇياش نۇرى تاغنى ئوتتەك قىزىتىۋېتىپتۇ. قىسمەتنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىدىن سۇ تۆكۈلگەندەك تەر ئېقىپتۇ، ئۇنىڭ تەرى ئېقىپ چۈشكەن يەردىن بىر لەيلىگۈل ئۈنۈپ چىقىپتۇ. گۈل ۋىلىلداپ نۇر چېچىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن: «يالغۇزغا ھەمراھ بولاي، سەن بىلەن بىرگە بولاي، ناخشا ئېيتىپ، غەزەل ئوقۇپ ئىچ پۇشۇقۇڭنى ئالاي» دېگەن ناخشا ئاڭلىنىپتۇ. قىسمەت بۇ ئىشقا ھەيران بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شۇ گۈل قىسمەتنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى بولۇپ قاپتۇ. گۈلنىڭ يېقىملىق ناخشىسى قىسمەتكە چەكسىز كۈچ بېغىشلاپتۇ، قىسمەت ئىشلەپ ھارمايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى بىر توشقان گۈلنىڭ يېنىدىن سەكرەپ كېتىۋېتىپ، گۈلنى سىڭارىيان قىلىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىسمەتنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈلنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، تەشتەككە ئېلىپ دېرىزىگە قويۇپتۇ. قىسمەت ھەر كۈنى كەچ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە بۇ گۈل خۇش پۇراق چېچىپ، يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بىر ئايەم كۈنى ئاخشىمى سۈتتەك ئايدىڭ بوپتۇ. قىسمەت

چىراغ تۇۋىدە كۆڭلىكىنى ياماپ ئولتۇرسا، چىراغنىڭ پىلىكى بىر قىزىلگۈلگە ئايلىنىپ قاپتۇ. قىزىلگۈل بارا ـ بارا پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. گۈل ئىچىدە بىر پەرىزات پەيدا بوپتۇ ۋە: «قىزىلگۈل ئېچىلدى، خۇش پۇراق چاچتى. گۈل ئىچىدىن پەرىزات چىقتى» دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ. قىسمەت بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا، پەرىزات سەكرەپ چۈشۈپ قىسمەتكە سالام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېرىزىدىكى گۈل غايىب بوپتۇ. قىسمەت ئورنىدىن تۇرۇپ پەرىزاتقا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. پەرىزات كېلىپلا قىسمەتنىڭ قولىدىن كۆڭلەكنى ئېلىپ ياماشقا باشلاپتۇ. بۇلار بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپتۇ. پەرىزات بىلەن قىسمەت ئاينى گۇۋاھچى قىلىپ ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قىسمەت بىلەن پەرىزات ھەر كۈنى تاغقا بىرگە بېرىپ، كۆيۈپ ـ پىشىپ دېھقانچىلىق قىپتۇ.



ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە پەرىزات چىراغ تۈۋىدە كەشتە تىكىپتۇ، قىسمەت سىۋەت توقۇپتۇ.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. بۇلار جاپالىق ئىشلەپ نۇرغۇن ئاشلىققا ئىگە بوپتۇ، يەنە قوي، توخۇ بېقىپتۇ، تۇرمۇشى پاراۋان بوپتۇ.

قىسمەت باياشاتلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاينىپتۇ، ئىش خۇشياقمايدىغان بوپتۇ، بىر قەپەسنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بېشى قايغان تەرەپلەرگە بېرىپ قۇشقاچ، تورغاي ئويناپ يۈرىدىغان بوپتۇ. پەرىزات بۇنىڭغا خاپا بولۇپ قىسمەتكە نەسىھەت قىپتۇ. ئۇ نەسىھەتنى ئاڭلىماپتۇ.

بىر كۈنى پەرىزات قىسمەتكە ئىككى چارەك ئاشلىقنى، ئىشلىگەن كەشتىلىرىنى بېرىپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا گۆش، نان ۋە كەشتە توقۇشقا يىپ، يەنە بىر كەتمەن، ئىككى ئوتىغۇچ، ئىككى ئورغاق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

قىسمەت بۇ نەرسىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ ئېلىشىغا سېتىپ، ساتقان پۇلىغا يەپ - ئىچىپتۇ، پەرىزاتنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇندىماي، پەرىزاتنى خاپا قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىسمەت ھەر كۈنى بازارغا چىقىپ، چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىپ، ئىش قىلماي بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈپ، تاپقان - تەرگەننى يەپ بولغىلى تۇرۇپتۇ.

پەرىزات قىسمەتنىڭ ھۇرۇنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— بۇنداق بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈۋەرسىڭىز، تەس كۈنگە قالىمىز، ھۇرۇنلۇقنى تاشلاڭ، تاغقا بېرىپ دېھقانچىلىقىڭىزنى قىلىڭ، — دەپتۇ.

— تاغقا باراي دېسەم پۇتۇم ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ قىسمەت.

— ئەمىسە، سىۋەت توقۇڭ.

— قولۇم ئاغرىيدۇ.

شۇنداق قىلىپ قىسمەت پەرىزاتنىڭ گېپىگە قۇلاق سال-ماي، بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. پەرىزات قىسمەتنى گەپ-كە كىرگۈزەلمەي غەمگە چۆكۈپتۇ، تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە بېشى قېتىپتۇ. شۇ يىلى دېھقانچىلىقتىن ھېچبىر ھوسۇل ئالالماپتۇ.

پەرىزات بىر كۈنى كېچىدە غەمگە پېتىپ چىراغ يورۇ-قىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرسا، ئۇشتۇمتۇت چىراغ پىلىكى گۈلگە ئايلىنىپتۇ. گۈل ئىچىدىن قاناتلىرى رەڭگارەڭ، ئاجا-يىپ چىرايلىق بىر توز پەيدا بوپتۇ ۋە: «قىزىلگۈل يەنە ئې-چىلدى، ئۆز ھۆسنىنى كۆرسەتتى. قىسمەت ھورۇن بولۇپ كەتتى، ئەمدى بۇ يەردە تۇرمايلى، ئۆز جايىمىزغا كېتەيلى» دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ – دە، سەكرەپ چۈشۈپ پەرىزاتنىڭ بې-شىغا قونۇپتۇ. پەرىزات غايىب بوپتۇ. توز ئۇچۇپتۇ، قىسمەت توزغا ئېسىلىۋاپتۇ، توزنىڭ بىر تال پېيى يۇلۇنۇپ قىسمەت-نىڭ قولىدا قاپتۇ. توز دېرىزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسمەت داڭقېتىپ قاپتۇ.

پەرىزات ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، قىسمەت ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ ئۆيدە يالغۇز قاپتۇ، ئىش – ئوقەتمۇ قىلماپتۇ. كۈن ئۆ-تۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ، ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەرنى سېتىپتۇ. ئۆ-يىدە پەقەت ئۆزى ياتقان بىر پارچە كىگىزلا قاپتۇ. قىسمەت ئەم-دى بۇ كىگىزنىمۇ ئېلىپ چىقىپ ساتماقچى بوپتۇ. كىگىزنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا، كىگىزنىڭ ئاستىدىن پەرىزات ئىشلىگەن بىر دانە كەشتە گۈل چىقىپتۇ. قىسمەت كەشتىنى كۆرۈپلا قو-لىغا ئېلىپ باغرىغا تېڭىپ، پەرىزات بار چاغدىكى كۆڭۈللۈك، ھالاۋەتلىك كۈنلىرىنى ئويلاپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. پەرىزاتنىڭ نەسىھەت، گەپ – سۆزلىرى ئەمدى كۆز ئالدىغا كەپتۇ، مىڭ بىر

پۇشايمان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەتمەننى كۆتۈرۈپ تاغقا بېرىپ دېھقانچىلىق قىپتۇ، ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ سىپۋەت توقۇپتۇ.

پەرىزات كەتكەندىن كېيىن قىسمەت تۇزنىڭ ھېلىقى قولىدا يۇلۇنۇپ قالغان بىر تال پېيىنى دېرىزىدىكى تەشتەككە سانجىپ قويغانىكەن. ئۇ ھەر كۈنى پەرىزاتنى يادلىغاندا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ نالە قىلىپ يىغلايدىكەن. قىسمەتنىڭ ياش تامچىلىرى تەشتەكتىكى تۇزنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى پەي لەيلىگۈلگە ئايلىنىپتۇ. گۈلدىن يەنە بۇرۇنقىدەك: «يالغۇزغا ھەمراھ بولاي، سەن بىلەن بىرگە بولاي، ناخشا ئېيتىپ، غەزەل ئوقۇپ، ئىچ پۇشۇقۇڭنى ئالاي» دېگەن ناخشا ئاڭلىنىپتۇ. قىسمەت بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ، خۇشلۇقتا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

قىسمەت ھەر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، لەيلىگۈل يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ، خۇش پۇراق چېچىپتۇ. يەنە بىر ئايەم ئاخشىمى سۈتتەك ئايدىڭ بوپتۇ. قىسمەت پەرىزاتنى ئويلاپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، چىراغ تۈۋىدە كۆڭلەك ياماپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇساتتىنلا چىراغ پىلىكى ئۆتكەنكىدەك قىپقىزىل گۈلگە ئايلىنىپتۇ. قىزىل گۈل بارا - بارا پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. گۈل ئىچىدىن پەرىزات چىقىپتۇ. قىسمەت ئۆزىنى پەرىزاتنىڭ ئالدىغا ئېتىپتۇ. ھۇرۇنلۇق قىلىپ بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈپ، پەرىزاتنى خاپا قىلغىنىغا يۈز مىڭ تۈۋا قىپتۇ. پەرىزات قىسمەت بىلەن يەنە قايتىدىن ئەر - خوتۇن بولۇپ، ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنى باشلاپتۇ. ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، پەرىزات ئايدەك چىرايلىق ئوغۇل تۇغۇپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوغلى چوڭ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشات، كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ.

# بىلقىچىنىڭ قىزى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ شۇنداق كېلىشكەن، ساھىبجامال قىزى بولغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىز ئۇۋغا چىقماقچى بولۇپ:

— پۈتۈن شەھەرگە يارلىق چىقىرىڭلار، مېنىڭ بىلەن بىللە ئۇۋغا چىقىشنى خالايدىغان قىزلار بولسا، تېز ئوردىغا يىغىلسۇن، — دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قىزلار تەرەپ - تەرەپتىن ئوردىغا يىغىلىپتۇ. بۇ خەۋەر بېلىقچىنىڭ قىزىنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭمۇ ئۇۋغا چىقىپ تاماشا قىلغۇسى كەپتۇ - دە، ئوردىغا بېرىپ قىزلار سېپىگە قوشۇلۇپتۇ. ھەممىسى جەم بولغاندىن كېيىن، جاڭگالغا ئۇۋغا ئاتلىنىپتۇ. قىزلار ئوۋ ئوۋلاپ، تاماشا قىلىپ يۈرسە، ئارىدىن بىر قىز:

— ئەي قىزلار، ئاسمانغا قاراپ بېقىڭلارچۇ، بىر تەخت ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ قىزى:

— ئۇ چوقۇم سۇلايمان پادىشاھنىڭ تەختى بولسا كېرەك، سۇلايماننىڭ تەختىنى دىۋە - پەرىلەر ھاۋادا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بېلىقچىنىڭ قىزى:

— مەن سۇلايمان پادىشاھنىڭ خوتۇنى بولغان بولسام قانـ. چىلىك ياخشى بولار ئىدى، — دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىپ ساپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ قىزى دەرغەزەپكە كېلىپ:

— ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇڭلار! بۇ نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىدۇ؟! ھەر كاتتا پادىشاھ، بايلارنىڭ قىزلىرى تۇرغان يەردە، سەندەك بېلىق گۆشى يېگەن سېسىق بىرنېمىگە نېمە قويۇپتۇ؟! — دەپ ئۇنى ئۆۋدىن قوغلاپ كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىش بېلىقچىنىڭ قىزىغا ئېغىر كېلىپ، كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگار، بىزمۇ سۇلايمانغا ئوخشاش سېنىڭ بەندەڭغۇ؟! ئۇنى نېمىشقا پادىشاھ، بىزنى نېمىشقا بېلىقچى قىلـ. لىپ ياراتتىڭ؟» دەپ خۇداغا نالە قىپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئەرز ـ ھاـ. لى خۇدانىڭ دەرگاھىغا يېتىپتۇ. شۇ چاغدا سۇلايمان پادىشاھ شامالغا:

— مېنى گىلەم بىلەن ئۇچۇرۇپ ئالدىمىزدىكى بېلىقچىنىڭ قىزنىڭ يېنىغا ئاپارغىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. شامال سۇلايمان پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۇچۇـ. رۇپ بېلىقچىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلىـ. گە، ئەي ئۇلۇغ خۇدا، سەن مېنى پادىشاھ قىلدىڭ، نېمىنى قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلالايمەن، ھەتتا دېۋىدىن تارتىپ شاـ. مالغىچە ھەممىسى مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتىدۇ، لېكىن خۇدالىـ. قىڭغا شېرىك ئەمەسمەن، ئەگەر خۇدالىقىڭغا شېرىك كىرەك بولسا، مېنى شېرىك قىلارمىدىڭ؟ دېگەن ئوي كېچىپتۇ.

ئۇ شۇ ئويلار بىلەن بىر دەريا بويىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، تاھاـ. رەت ئالماقچى بولۇپ قولىنى يۇغانىكەن، تۇيۇقسىز قولىدىكى ئۈزۈك سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈزۈكنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىشىغا، بىر بېلىق پەيدا بولۇپ ئۈزۈكنى كاپ قىلـ. لىپ يۇتۇۋېلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇ ئولتۇرغان تەختىمۇ،

شامالمۇ غايىب بوپتۇ. ئەسلىدە سۇلايماننىڭ كارامىتى ئۈزۈكتە ئىكەن، ئەگەر ئۈزۈكتىن ئايرىلسا ھېچقانداق ئىش قىلالمايدى-كەن: شۇ چاغدا سۇلايمان پادىشاھ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى تو-نۇپ، «ئاھ، خۇدا، سېنىڭ ئالدىڭدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدۇم، كە-چۈرگەيسەن» دەپ يىغلاپ - قاقشاپ كېتىۋاتسا، بىر بېلىقچى ئۇچراپ قاپتۇ. بېلىقچى:

— ئەي يىگىت، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سەرگەردانمەن، جاڭگال بالىسىمەن، يۇرتقا بېرىپ، ئوغلى يوققا ئوغۇل، قىزى يوققا قىز بولىمەن، ئۆزۈمگە ئاتا تا-پىمەن، — دەپتۇ.

— ئىسمىڭ كىم؟

— سۇلايمان.

— ئۇنداق بولسا ماڭا بالا بولۇشنى خالامسەن؟

— خالايمەن.

بېلىقچى سۇلايماننى باشلاپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە بىر ئېغىز ئۆينى تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئۇ كۈندۈزى بېلىقچى بىلەن دەرياغا بېرىپ بېلىق تۇتسا، كې-چىسى خۇداغا نالە قىلىپ ئۆز گۇنا-ھىنى تىلەيدىكەن. بۇنى كۆرگەن بې-لىقچى خوتۇنىغا:



— سۇلايمان ئەجەب ياخشى بالا ئىكەن، كۈندۈزى ماڭا ياردەملەشسە، كېچىسى تىنماس-

تىن خۇدانى سېغىنىپ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىدۇ. قىزىمىزنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويمايلىمۇ؟ قىزىمىزمۇ، ئوغلىمىزمۇ ئۆيىمىز-دىلا بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. خوتۇنى قوشۇلۇپتۇ.

ئەتە توي دېگەن كۈنى بېلىقچىنىڭ قىزى بۇ يۇرتتىكى پۈتۈن قىزلارنى تويغا چىللاپ كېلىمەن، دەپ دەريا ياقىسىدىن شەھەرگە بېرىپتۇ. قىزلار كىم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا:

— ئۆزى سۇلايمان پادىشاھ بولمىسىمۇ، ئىسمى سۇلايمان دېگەن يىگىت بىلەن توي قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەتىسى توي بوپتۇ. تويدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۇلار ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە غىزالىنىپ ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بېلىقچى بوگۈن كۈيئوغلۇمغا ئاتاپ بىر تور سالاي، ئۇ-نىڭ تەلىيىگە قانداق بېلىق چىقىدىكىن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆيى بولغاندىكىن ئۆزى خالىغانچە تاماق ئېتىپ يېسۇن، دەپ ئويلاپ، تورنى دەرياغا تاشلىغانىكەن، بىر كىچىك بېلىق چىقىپ-تۇ. بېلىقچى ئايرىم ئېلىپ قويۇپ، ئۆيىگە بارغاندا كۈيئوغلىنى چاقىرىپ ھېلىقى بېلىقنى بېرىپتۇ. قىزى بىلەن سۇلايمان بې-لىقنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ بېلىقنىڭ قارنىنى يارغانىكەن، سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئۈزۈكى چىقىپتۇ. ئەسلىدە سۇلايمان پا-دىشاھنىڭ كېچە - كۈندۈز قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل قىلىنغا-نىكەن. شۇ زامانلا ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپتۇ، قارىسا، دىۋىلەر ئۈزۈكنى ئالغىلى كېلىۋاتقانىكەن، سۇلايمان تېزلىك بىلەن خوتۇنىنىڭ قولىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ قولىغا سېلىۋاپتۇ ۋە دىۋىلەرگە قاراپ:

— تەخت ئەكېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دىۋىلەر پەر-مانىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. سۇلايمان قېيناتا - قېينانىسىغا شۇنداق دەپتۇ:

— مەن سۈلايمان پادىشاھ ئىدىم، خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئاشىق بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تىلىگەن تىلىكىم خۇداغا يەتتى. ئەمدى بىز كەتمىسەك بولماس، خوش ئەمىسە، — دەپ خوتۇنىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا، خوتۇنى سۈلايمانغا:

— توختاپ تۇرۇڭ. بىز بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن ئۇۋغا چىققانىدۇق، قارىسام، سىزنىڭ ئاشۇ ئالتۇن تەختىڭىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، مەن شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ نىكاھىڭىزدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، سۈلايماننىڭ خوتۇنى بولغان بولسام، دەپ سايتىمەن، شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ قىزى مېنى ھاقارەت قىلىپ قوغلىۋەتكەنىدى. مەن خۇداغا سېغىنىپ نالە - زار قىلدىم، خۇدا قوبۇل قىلىپ، سىز بىلەن توي قىلىشنى نېسىپ قىلدى. توي كۈنى مەن قىزلارغا سۈلايمان پادىشاھنىڭ ئۆزىگە تەگمىگەن بولسامۇ، ئىسمى سۈلايمانغا تەگدىم، دېگەنىدىم. راستتىنلا سۈلايمان پادىشاھقا تېگىپتىمەن. مەن بېرىپ قىزلارنى چاقىراي، ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېگىنىچە قىزلارنى قىچقارغىلى كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قىزلار يېتىپ كەپتۇ. بېلىقچىنىڭ قىزى قىزلارغا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئالتۇن تەختنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مەن سىلەرگە بۈگۈن شۇنى جاكارلايمەنكى، مەن ئىسمى سۈلايمانغا ئەمەس، بەلكى سۈلايمان پادىشاھنىڭ ئۆزىگە تەگدىم! — دەپتۇ.

قىزلار ھەيران بولۇشۇپ قاراپ قېلىشىپتۇ. سۈلايمان خوتۇننى ئېلىپ، دىۋىلەر تەرىپىدىن قوغدىلىپ، ئالتۇن تەختكە ئولتۇرۇپ ئۆز ماكانىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بېلىقچىنىڭ قىزى ئۆز مۇرادىغا يەتكەنىكەن.

# بېلىقچى يىگىت، ئالتۇن بېلىق ۋە ئاچكۆز پادىشاھ

قەدىمكى زاماندا بىر موماي بولۇپ، ئۇنىڭ يىگىرمە ياشلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. موماي ئوغلىنىڭ بېلىقچىلىقتا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئوغلى بىر ئالتۇن بېلىق تۇتۇۋاپتۇ، ئۇنى ئانىسىغا كۆرسەتكەنىكەن، موماي ناھايىتى خۇش بولۇپ:

— بازارغا ئاپىرىپ ساتايلى، — دەپتۇ. ئوغلى مومايغا:

— ياق، ئانا، بېلىقنى پادىشاھقا سوۋغا قىلايلى، شاھ بۇنى كۆرسە نۇرغۇن مال - دۇنيا ئىنئام قىلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

— بالام، شاھ بۇ بېلىقنى ئالغاندىن كېيىن ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ، بەلكى بۇ بېلىقنىڭ يەنە قانداق بالا - قازالارنى كەلتۈرۈشىنى بىلگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ موماي. ئوغلى ئانىنىڭ مەسلىھىتىگە قۇلاق سالماي، بېلىقنى ئېلىپ ئوردىغا بېرىپتۇ. شاھ بولسا نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن تەختتە غادىيىپ ئولتۇرغانىكەن، ئوڭ - سولىدا نۇرغۇن ۋەزىر - ئەركانلار قول باغلىشىپ تۇرغانىكەن. بېلىقچى يىگىت تەزىم قىلىپ:

— مەرھەمەتلىك شاھىم، بۇ ئەرزىمەس سوۋغامنى قوبۇل قىلغايلا، بۇ بىر ئاددىي بېلىق بولسىمۇ، ئۆزلىرىگە بولغان ھۆرمىتىمنىڭ نىشانى، — دەپتۇ. شاھ بۇ بېلىقنىڭ چىراي-

لىقلىقنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە يېنىدىكى بىر ۋەزىرگە:
— بۇ بۇلبۇلنى ئېيتىپ، بۇ يىگىتكە بىرنەرسە ئىنئام قىلىڭلار، — دەپتۇ، ئەمما ۋەزىر:
— شاھىم، مەن ئەزەلدىن بۇنداق بېلىقنى كۆرۈپ باققىنىم يوق. بۇ بېلىق ئوردىغا تېخمۇ زىننەت، ھۆسن قوشىدۇ، لېكىن بىرلا بېلىق، بەلكى ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ بېلىقچىغا يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بېلىقتىن بىرنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەمر قىلساق، تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئىنئام بېرەيلى، — دەپتۇ. شاھ ۋەزىرنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ، يىگىتكە يەنە بىر ئالتۇنبېلىق تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىت غەم - غۇسسە بىلەن ئۆيىگە قايتىپتۇ - دە، بولغان ئىشلارنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپ، يەنە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بېلىقچى يىگىت مىڭ بىر جاپا بىلەن يەنە بىر ئالتۇنبېلىق تۇتۇپ شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بۇ بېلىقنى كۆرگەن شاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يىگىتنى نۇرغۇن ئىنئاملار بىلەن ئۆيىگە قايتۇرماقچى بوپتۇ، بىراق ھېلىقى ۋەزىر:
— شاھىم، بۇ ئېسىل بېلىقلارنى يەتتىنچى ئاسماندىن ئابىھايات ئەكېلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بېلىقچىغا ئابىھايات ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىساق، ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئىنئام بېرىلسە قانداق بولاركىن؟ — دەپتۇ ۋە بېلىقچىغا بۇرۇلۇپلا، — ھەي بېلىقچى، سەن بېلىقنى تۇتۇپ كەلگەنىكەنسەن، ئۇنى بېقىشقا ئابىھاياتنىمۇ ئېلىپ كېلىشىڭ كېرەك، ئەگەر ئېلىپ كېلەلمىسەڭ بېشىڭ كېتىدۇ، — دەپتۇ. بېلىقچى يىگىت دەرد - ئەلەمگە چىدىماي، يىغلاپ ئۆيگە قايتىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ بىر يوغان چىنارنىڭ تۈۋىدە توختاپ ھاردۇق ئاپتۇ. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە ئۇيقۇ بېسىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، چۈشىدە بىر ئاق ساقال بوۋاينى كۆ-

روپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، قايغۇرما. سەن مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭىۋەر-گىن، بىر كۆل بويىغا يېتىپ بارىسەن. كۆل بويىدا بىردەم تۇرساڭ، ئاسماندىن بەش كەپتەر ئۇچۇپ چۈشىدۇ. ئۇلار يەرگە چۈشۈشى بىلەن گۈزەل قىزلارغا ئايلىنىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ، كۆلگە چۈشۈپ چۆمۈلۈشكە باشلايدۇ. سەن شۇ چاغدا تۇيدۇرماي بىرىنىڭ كىيىمىنى تىقىۋال. ئۇ قىز ساڭا يالۋۇ-رۇپ يەتتىنچى ئاسماندىن ئابىھايات ئەكېلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەندىن كېيىن كىيىمىنى قايتۇرۇپ بەر، — دەپتۇ. بوۋاي سۆزىنى تۈگىتىش بىلەنلا بىلىنچى ئويغىنىپتۇ-دە، بوۋاي كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ. بىر ئاي مېڭىپتۇ، چۆل-جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ، بىرقانچە تاغلاردىن ئېشىپتۇ، لې-كىن كۆلنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ، يەنە مېڭىۋېرىپتۇ، بىر يىل دېگەندە ئاندىن كۆلنىڭ بويىغا كەپتۇ. كۆل بويىدا بىر توپ چى-نار بولۇپ، بىلىنچى يىگىت چىنارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ قىزلارنىڭ ئۇچۇپ چۈشۈشىنى كۈتۈپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسما-دىن بەش كەپتەر ئۇچۇپ چۈشۈپلا بەش قىزغا ئايلىنىپ، كىيىم-لىرىنى سېلىپ كۆلگە چۆمۈلۈشكە باشلاپتۇ. يىگىت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر قىزنىڭ كىيىمىنى تىقىۋاپتۇ. قىزلار سۇغا چۆمۈلۈپ، بىر-بىرى بىلەن سۇ چېچىشىپ ئوي-نىشىپتۇ، ئاندىن كىيىملىرىنى كىيىشىپتۇ. لېكىن، ھېلىقى قىز كىيىمىنى تاپالماي ھەممە يەرنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ساقلاپ تۇرۇپ، ئاخىر كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بىلىنچى چىنار كەينىگە مۆكۈۋالغان جايى-دىن چىقىپ:

— ئەي قىز، ئەگەر پادىشاھ ماڭا يەتتىنچى ئاسماندىن ئابى-ھايات ئېلىپ كېلىسەن، دېمىگەن بولسا، مەن سىزنىڭ كىيىمى-



ڭىزنى تىقىۋالمايتتىم. سىز ئابىهايات ئەكىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرسىڭىز، كىيىمىڭىزنى بېرىمەن، — دەپتۇ. قىز ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن كەپتەر ئاغزىدا بىر ياڭاقنى چىشلەپ ئۇچۇپ كەپتۇ - دە، يەرگە چۈشۈپلا قىزغا ئايلىنىپ ياڭاقنى يىگىتكە بېرىپ:

— مانا ئابىهايات، — دەپتۇ. يىگىت:

— قېنى ئۇ سۇ، بۇ ياڭاق ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. قىز:

— بۇ ياڭاقنى يەرگە شۇنداق بىر ئۇرسىڭىز بىر كۆل پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ - دە، كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. يىگىت خۇشال هالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئەتىسى سەهەردە پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپ، مانا ئابىهايات، دەپتۇ - دە، قولىدىكى ياڭاقنى شاهقا كۆرسىتىپتۇ.

پادشاھ ئىشەنمەستىن:

— يالغان ! يالغان ! — دەپتۇ. يىگىت ئوردىنىڭ بىر چېتىگە بېرىپ ياغاقنى يەرگە بىر ئۇرغانىكەن، زۇمرەتتەك بىر كۆل پەيدا بوپتۇ. خان ۋە ئوردا ئەركانلىرى ھەيرانلىق-تا ھوشىدىن كېتىپتۇ. يەنىلا ھېلىقى قاقۋاش ۋەزىر ئېسىنى يىغىپ، پادشاھ ئالدىغا بېرىپ:

— مۇشۇ كۆل يېنىغا بىر ئالتۇن راۋاق ياساتساق، بۇ بېلىقچى بۇ راۋاقنى ئەتە سەھەرگىچە پۈتتۈرۈپ بولسۇن، ئۇ چاغدا ئۆزلىرىنى تەخت بىلەن راۋاقتا ئورۇنلاشتۇرساق بەكمۇ ياراشقان بولاتتى. شۇ چاغدا بۇ بېلىقچىغا ھەر قانچە كۆپ مۇكاپات بەرسەكمۇ ئەرزىيدۇ، — دەپتۇ. پادشاھ ماقۇل بوپتۇ. يىگىت يىغلاپ - قاقشاپ ئۆيىگە يەتكۈچە يەنە شۇ ئاۋۋالقى چىنارنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالغاچ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، چۈشىدە يەنە شۇ بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— سەن ئويغانغاندا مۇشۇ چىنارنىڭ شېخىدىن بىر ھاسا ياسىۋالغىن، بۇ بىر خىسلەتلىك ھاسا بولىدۇ. سەن نېمە سو-رىساڭ، ئۇ ساڭا شۇنى تېپىپ بېرىدۇ. ئۇنى ئېلىپ بىر تاغقا بارىسەن، ئۇ تاغدا نۇرغۇن بايلىقلار بار. سەن بۈگۈن كېچە تاغدىكى دىۋىلەر ئۇخلاپ قالغاندا، قورقماي بېرىپ بىر پارچە ئالتۇن ئېلىپ قاچقىن. شۇ ئالتۇننى ھاسا بىلەن بىر ئۇر-ساڭ، دەرھال ئالتۇن راۋاق پۈتىدۇ، — دەپتۇ. يىگىت ئويغى-نىپ بوۋاينىڭ دېگىنىچە قىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپ، ئالتۇننى كۆلنىڭ بويىغا قويۇپ بىر ئۇرغا-نىكەن، چىرايلىق ئالتۇن راۋاق پەيدا بوپتۇ. يىگىت پادىشاھقا:

— ئالىيلىرى، تاپشۇرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈردۇم، — دەپتۇ. پادىشاھ دەسلەپتە ھەيران بولۇپ ئىشەنمەپتۇ، ئالتۇن راۋاقتا يەنە قاراپ، ھەيران قاپتۇ - دە، ھەيرانلىقتا:

— بۇ يىگىت كىشى ئورۇندىيالمايدىغان مۇشكۇل ئىشنى ئورۇندىدى، — دەپتۇ. ھېلىقى ۋەزىر پادىشاھقا:
— ئەمدى ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى بىر تاپشۇرۇقنى بېرەيلى. بۇ يەردىن بىر يىللىق يىراقتىكى باشقا بىر مەملىكەتتە خاننىڭ بىر قىزى بار. مەلىكە چىرايلىقلىقتا جاھاندا تەڭداشسىز، ئۇنىڭ چىرايىدىن ياغقان نۇردا كېچىمۇ كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىدۇ. بېلىقچى يىگىت شۇ قىزنى تېپىپ كەلسۇن، بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى زىندانغا سالايلى. بېلىقچى بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىسا، ئانىسىنىڭ بېشىنى ئالدىغانلىقىمىزنى جاكارلايلى، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. بېلىقچى يىگىتنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پاراكەندە بولۇپ، نالە - پەرياد ئىچىدە كۆز يېشى قىلىپ ئوردىدىن قايتىپتۇ. يولدا يەنە شۇ چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئارام ئاپتۇ - دە، ھاردۇق يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. چۈشىدە يەنە شۇ دانىشمەن بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي:
— ئوغلۇم، چىنارنىڭ شېخىدىن تۆت تال، ئورۇقىدىن تۆت تال ئېلىۋال، ئەسقىتىپ قالىدۇ. ھېلىقى ھاسىنى يەرگە شۇنداق بىر ئۇرساڭ، خاننىڭ قىزى تۇرۇۋاتقان ھېلىقى شەھەرگە بارىسەن. سەن بېرىپ ئۇ قىزنى خوتۇنلۇققا سورا، خان بۇنى ئاڭلاپ سەندىن بىر كېچە ئىچىدە چوڭ بىر دەريا ئۈستىگە بىر ئاسما كۆۋرۈك سېلىشنى، كۆۋرۈك يېنىغا بىر چارباغ پەيدا قىلىشنى ئېيتىدۇ. شۇ چاغدا سەن ھاسىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: « خاننىڭ ئەمرى بويىچە مۇشۇ يەرگە كۆۋرۈك پەيدا قىل» دېگىن، ئاندىن تۆت تال چىنار ياغىچىنى كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا تىكىپ قويغىن ۋە: «خاننىڭ ئەمرى بويىچە بۇ يەردىن تۈمەن مىڭ خىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، زېمىندىكى بارچە قۇشلار سايراپ تۇرغان بىر چارباغ پەيدا بول-

سۇن» دېگەن. ئاخىر خان قىزىنى ساقا بېرىدۇ ۋە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بېرىدۇ. بىرىنچى كېچىسى مۇلا - زىملار خاننىڭ ئەمرى بويىچە قىرىق كىشىلىك تاماق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا سەن مۇشۇ تۆت تال چىنار ئۇرۇقىنى قازانغا سېلىۋەتسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ. يىگىت ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، تۆت تال چىنار شېخى، تۆت تال چىنار ئۇرۇقى ئېلىۋېلىپ ھا - سىنى يەرگە بىر ئۇرغانىكەن، ئاجايىپ بىر شەھەرگە بېرىپ قاپ - تۇ. بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆيدە بىر بوۋاي بىلەن مومايلا تۇرغۇدەك. ئۇلار يىگىتتىن نەگە بارى - دىغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت:

— مەن غېرىب يېتىم، كىمنىڭ بالىسى بولمىسا بالا بولغىلى، كىمنىڭ مۇشكۇل ئىشى بولسا ئاسانلاشتۇرغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇنى ھەرگىز كېچىسى سىرتقا چىقماسلىق شەرتى بىلەن ئوغۇللۇق - قا قوبۇل قىپتۇ. يىگىتمۇ ماقۇل بوپتۇ. يىگىت ئۇلارنىڭ ئۆ - يىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى كېچىسى يىگىتنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، ئوغرىلىقچە تالاغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، كېچە خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىكەن. بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ھېلىقى ۋەزىر دېگەن تەڭداشسىز چىرايلىق قىز بار شەھەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. بىرئاز ئويلاپ ئاندىن يەنە ئۆيگە كىرىپتۇ. بىر كېچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ موماي بىلەن بوۋايغا:

— سىلەر مەن ئۈچۈن خاننىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇپ بې - رىڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار چۆچۈپ كېتىپ:

— ئەي ئوغلۇم، بىزدەك گادايلار قانداقمۇ خان قىزىغا ئەل - چى بولۇپ بارالايمىز؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— ئاتا، ئانا، سىلەر بېرىۋېرىڭلار، قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار

سىلەرگە مۇتلەق زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، دىلجەم بىرىۋېرىڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار ئاخىر كۆنۈپتۇ ـ دە، ئوردىغا بېرىپ قولىغا بىردىن سۇپۇرگىنى ئېلىپ يەر سۇپۇرۇشكە باشلاپتۇ. بىر ياشانغان ۋەزىر بۇنى كۆرۈپ، خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئىككى قېرى گادايـ نىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. خان دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىشنى ئويلاپتۇ، ئەمما يەنە ئاۋۋال قىلالمايدىغان ئىشتىن بىرنى تاپشۇراي، قىلالمىسا ئاندىن بېشىـ نى ئالاي، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇلارنى چاقىرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موـ ماي ئوردىغا كىرىپ خاننىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. خان:

— سىلەرنىڭ ئوغلۇڭلار مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلەنمەكچى بولسا، بىر كېچە ئىچىدىلا شەھەر سىرتىدىكى چوڭ دەريا ئۇسـ



تىگە بىر ئاسما كۆۋرۈك، ئۇنىڭ يېنىغا بىر چارباغ بىنا قىلـ-سۇن، — دەپتۇ. ئۇلارنى غەم بېسىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە خاننىڭ پەرمانىنى ئوغلىغا دەپ بېرىپتۇ. ئوغلى:

— غەم قىلماڭلار، ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرىمەن، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، — دەپ، ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ھېلىقى دەريا بويىغا بېرىپ ھاسىنى يەرگە بىر ئۇرغانىكەن، دەرياغا بىر ئاسما كۆۋرۈك پەيدا بوپتۇ. يىگىت كۆۋرۈكتىن ئۆ-تۈپ، ئۇ قاتتىكى بىر بوش يەرنىڭ تۆت بۇرجىكىگە بىر تالدىن چىنار نوتىسىنى سانجىپ، ھاسىسىنى يەرگە ئۇرۇپ: «دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر چارباغ بىنا بولسۇن! رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرسۇن! تۈمەن مىڭ خىل قۇشلار سايرىسۇن! زىمىستاندىمۇ ھاۋاسى يازدەك بولسۇن!» دەپتۇ. راستتىنلا يىگىتنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ. سۇبھى تاڭ يو-رۇش بىلەن تەڭ يىگىت بوۋاي بىلەن مومايىنى ئويغىتىپ، خانغا ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىپ-تۇ. خان ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ چارباغقا كەپتۇ. باغقا يې-قىنلاشقانسېرى ئەللىقلىق ھېس قىپتۇ، باغنىڭ ھېسابسىز گۈ-زەللىكىنى كۆرۈپ چىن كۆڭلىدىن قايىل بوپتۇ. ئوردىغا قايت-قاندىن كېيىن، قىزىنى يىگىتكە بېرىشكە ئەمر قىپتۇ. بىرىنچى ئاخشىمىلا يىگىتنىڭ ئالدىغا قىرىق كىشىلىك بىر قازان تائام تارتىپ، ئۇنى يەپ بولۇشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىت ئۇلاردىن پىنھان ھالدا چىنار ئۇرۇقىنى قازانغا سېلىۋەتكەنىكەن، قىرىق كىشى پەيدا بولۇپ تاماقنى بىراقلا ھاپ ئېتىپ يەپ تۈگىتىپتۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي مۇراسىمى ئاياغلاشقاندا، يىگىت قىزغا:

— سىز مېنىڭ مەشۇقۇم بولسىڭىز، مېنىڭ شەرتىمگە كۆ-نۈشىڭىز كېرەك. مەن سىزنى دەپ بۇ يەرگە ئەۋەتكەن كىشىگە سىزنى ساق تاپشۇرمىسام بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق قىلمىسام خان

مېنىڭ ئانامنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئانام تېخىچە زىنداندا تۇرماقتا، — دەپتۇ. قىز:

— ئۇنداق بولسا، بىز سىزنى ئەۋەتكەن پادىشاھنىڭ قېشىغا بارايلى، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئۇلار بوۋاي - موماي بىلەن خوشلىشىپ، بىردىن تۇلپارغا مىنىپ بىردەمدىلا ئۇز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. يىگىت قىزنى باشلاپ ئوردىغا كىرگەندە، پادىشاھ، ۋەزىر ۋە ئوردا ئەركانلىرى قىزنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قاپتۇ ۋە يىگىتكە بارىكاللا، تەشەككۈرلەر بىلدۈرۈپتۇ. قىز يىگىتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— بۇ خان بىلەن رەزىل ۋەزىرى سىزگە بەكمۇ قىيىن تەلەپلەرنى قويۇپ سىزنى نابۇت قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئاللانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، غېرىب، بىچارە ئانىڭىزنىڭ دۇئاسىنىڭ خاسىيىتى بىلەن دانىشمەن خىزىرغا ئۇچراپ، بارلىق شەرت، پەرمانلارنى بەجا كەلتۈردىڭىز. ئەمدى مەنمۇ شاھقا شەرت قويىمەن، — دەپتۇ. يىگىت ماقۇل بوپتۇ. قىز خانغا قاراپ:

— ئەي شانۇ شەۋكەتلىك شاھ، بۇ يىگىت سىزنىڭ شەرتىڭىزنى بەجا كەلتۈرۈپ، كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ مېنى ئوردىڭىزغا ئېلىپ كەلدى. ئەمدى مەن سىزگە تەئەللۇق بولۇش ئۈچۈن ماڭا مەغرىب تەرەپتىكى شەھەر چېگرىڭىزنى كۆرسىتىڭ. كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلىپ ئاندىن سىزگە تېگىمەن، — دەپتۇ. شاھ بۇ ئاددىي تەلەپ ئىكەن دەپ ئويلاپ، ۋەزىرلەر بىلەن بىللە قىز، يىگىتنى مەغرىب تەرەپتىكى شەھەر چېگرىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. خان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئۆسكەن ئىككى تۈپ توغراقنى كۆرسىتىپ:

— بىزنىڭ شەھەرنىڭ چېگرىسى ئەنە ئاۋۇ توغراق بىلەن

چەكلىنىدۇ، — دەپتۇ. قىز ۋەزىر بىلەن شاھنى ئىككى تۇپ توغراققا يېقىن بېرىپ تۇرۇپ كۆرسىتىشنى بۇيرۇپتۇ. خان بىلەن ۋەزىر قىزنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. قىز بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، قىزنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولۇپ، ئىككى تۇپ توغراق قاراسلاپ ئېگىلىپ خان بىلەن ۋەزىرنى چىرماپ ئۆلتۈرۈپ دەم تارتىپ كېتىپتۇ. بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەن باشقىلار ھەيران بولۇپ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈپ «قۇللۇق» دەپ تۇرۇشۇپتۇ. قىز بىلەن يىگىت شەھەرگە كىرىپتۇ. يىگىتنى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. يىگىتنىڭ ئانىسىنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ ھاممامدا يۇيۇندۇرۇپ، ھەرەم خانىسىغا ئەكېلىپتۇ. قىز بىلەن يىگىت قايتا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، جامائەتكە ئاش بېرىپتۇ. بۇ شەھەردە خەلقپەرۋەر ھاكىمىيەت بەرپا بوپتۇ. تۆگەل ئەل - جامائەت يېڭى پادىشاھتىن رازى بوپتۇ. يىگىت، مەلىكە ۋە يىگىتنىڭ ئانىسى بەختىيار ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

# مس باش

بىر باينىڭ بۇ دۇنيالىقتا يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، بۇ بالا ھېچبىر ئىش - ئوقەت قىلماي كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى باي بالىسىنى چاقىرتىپ:

— بالام، سېنىڭ بېشىڭ شۇ كەمگىچە پىشمىدى. سەن بازارغا بېرىپ بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەلگىن، — دەپ قولىغا مىڭ تەڭگە تۇتقۇزۇپتۇ. بالا مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ بازارغا چىقىپ كېتىپتۇ. بازارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، كاللا ئۇتلەۋاتقان ناۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قوي كاللىلىرىنى پىشۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مېنىڭمۇ بېشىمنى پىشۇرۇپ قويغىن، — دەپ، ناۋاينىڭ قولىغا مىڭ تەڭگىنى تۇتقۇزۇپتۇ. ناۋاي ئەجەبلىنىپ، بالىنىڭ بېشىدىكى دوپپىنى ئېلىۋېتىپ بېشىنى تونۇرغا تىقىپتۇ. قىزىق تونۇر بالىنىڭ بېشىدىكى چېچى بىلەن بىر قەۋەت تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ بولغاندا، بالا: «بولدى» دەپ ۋارقىراپتۇ، ئاندىن كېيىن: «رەھمەت سىلىگە» دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئۆيىگە كىرىپ:

— دادا، مەن بېشىمنى پىشۇرۇپ كەلدىم، — دەپ شەلۋەرەپ تۇرغان بېشىنى دادىسىغا كۆرسىتىپتۇ. دادىسى:

— ھەي، بېشىڭنى پىشۇرۇپ كەلگىن دېگىنىم، بازارغا بې-

ـرىپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا پىشىپ كەلگەن، دېگىنىم ئىدـ
ـدى. خەير، بوپتۇ، — دەپ بالىسىنىڭ بېشىغا دورا قىلىپ ساـ
قايتىپتۇ. بالىسىنىڭ بېشى ئەينەكتەك سىدام بولۇپ، مىس باشـ
قا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى: «مىس
باش» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى دادىسى يەنە مىس باشنى چاقىرـ
تىپ، قولىغا مىڭ تەڭگە تۇتقۇزۇپ:

— بازاردا نېمە ئەرزان بولسا شۇنى ئېلىپ كەلگىن، —
دەپ ئەۋەتىپتۇ.

مىس باش بازارنى ئايلىنىپ، نېمىنىڭ ئەرزان ئىكەنلىـ
كىنى بىلمەستىن قايتىپ كېلىۋاتسا، ئۇششاق بالىلار بىر
ئىتنى سۆرەپ ئۇرۇپ ـ قىيناپ يۈرگەنىكەن. بۇنى كۆرگەن
مىس باش بالىلاردىن:

— بۇ ئىتنى ساتامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ساتىمىز، نەرخى مىڭ تەڭگە، — دەپتۇ. بالىلار مىس
باشتىن مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ ئىتنى بېرىپتۇ. مىس باش
ئىتنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. دادىسى بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— بۇنى نېمىگە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئۆزىڭىز بازاردا نېمە ئەرزان بولسا شۇنى ئېلىپ
كەلگىن، دېۋىدىڭىزغۇ. مەن مۇشۇ ئىتتىن ئەرزان ھېچ نەرسە
تاپالمىدىم، — دەپتۇ مىس باش.

— خەير، بوپتۇ، — دەپ، دادىسى ئەتىسى ئوغلىغا يەنە
مىڭ تەڭگە بېرىپ، — بازاردا نېمە يوق بولسا شۇنى ئېلىپ
كەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مىس باش تەڭگىنى ئېلىپ بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يوق
نەرسىنى تاپالماي قايتىپ كېلىۋاتسا، بالىلار بىر يىلاننى سۆـ

رەپ ئويناپ يۈرۈپتۇ. مىس باش، ھەببەللى، بازاردا يوق نەر-
سىنى ئەمدى تاپتىم دەپ:
— بۇنىڭ باھاسى نەچچە پۇل؟ — دەپ سورىسا، باللار:
— مىڭ تەڭگە، — دەپتۇ. مىس باش:
— مانا مىڭ تەڭگە، — دەپ پۇلنى بېرىپ، يىلاننى قوينىغا
سېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە كىرىپ يىلاننى دادىسىغا كۆرسەتكەند-
كەن، دادىسى:
— مۇشۇنىمۇ پۇلغا ئالامسەن؟ — دەپ جىمىلەپتۇ.
— ئۆزىڭىز بازاردا يوق نەرسىنى ئېلىپ كەل دېدىڭىز،
يوق نەرسىنى ئالدىم، — دەپتۇ مىس باش.
— خەير، بالام، «مەرتەم - مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپتىد-
كەن، سەن ئەمدى ماۋۇ مىڭ تەڭگىگە بازاردىن ئەڭ قىممەت
نەرسىنى ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ دادىسى.
مىس باش بازارغا بېرىپ مىڭ تەڭگىگە كېلىدىغان
قىممەت نەرسىنى تاپالماپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتسا،
ئۇنىڭ يولى ھېلىقى ئۇششاق باللار ئويناۋاتقان كوچىغا
چىقىپ قاپتۇ. قارىسا، باللار بىر مۇشۈكنى قىيناپ ئويناپ
يۈرگەنىكەن.
— باللار، بۇنىڭ باھاسى قانچە پۇل؟ — دەپتۇ. مىڭ
تەڭگىگە چۈشىنىپ قالغان باللار:
— مىڭ تەڭگە، — دەپتۇ. مىس باش مىڭ تەڭگىگە مۇ-
شۈكنى ئېلىپ قايتىپتۇ - دە، دادىسىغا:
— مانا مىڭ تەڭگىگە ئەڭ قىممەت نەرسىنى ئې-
لىپ كەلدىم، — دەپتۇ. دادىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق
غەزەپلىنىپ:
— مالڭ، كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ ئۆيدىن قوغلاپ
چىقىرىۋېتىپتۇ.



مىس باش ئىت، مۈشۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. بىر چۆللۈككە كەلگەندە، بالىنىڭ قوينىدىكى يىلان مىدىرلاپ يەرگە چۈشۈپ تىلغا كېلىپ:

— مەن شاھى مارانىنىڭ ئوغلى بولىمەن. مېنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ ماكانى مۇشۇ يەردە. سەن مىنىڭ تەڭگە تۆلەپ مېنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقىڭنى قايتۇرۇشۇم كېرەك. ھازىر بىز دادامنىڭ قېشىغا كىرىمىز. دادام سېنىڭدىن: «نېمە سورايسەن؟» دېگەندە، «بىر قوشۇق قېنىمىدىن كەچسىڭىز، كۆڭلۈمدىكىنى سورايمەن. مېنىڭ ئېيتقىنىمنى بېرەمسىز؟» دېگىن، «خوش، كەچسەم كەچتىم، سوردىغىنىڭنى بېرەي» دېسە، «بېشىڭىزدىكى بىر تال مۇڭگۈزىڭىزنى سورايمەن» دەپ تۇرۇۋالغىن. مانا شۇ ساڭا تۆگىمەس دۇنيا

بولىدۇ، — دەپ، يىلان دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپتۇ. دادا - بالا ئىككىسى كۆرۈشۈپ هال - مۇڭ ئېيتىشقاندىن كېيىن، شاهى ماران مىس باشنى ئېلىپ كىرىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. يىلان بالىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. يولنىڭ ئىككى چېتىدە نەچچە مىڭلىغان يىلانلار سەپ تۈزۈپ، ئۇلارغا يول بېرىپتۇ. مىس باش شاهى مارانىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، شاهى ماران:

— هەي بالا، سەن مېنىڭ بالامنى قۇتقۇزۇپ قاپسەن. مېنىڭدىن نېمە سورايسەن؟ — دەپتۇ. مىس باش يىلاننىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتىمەن، — دەپتۇ. شاهى ماران:

— كەچتىم، قېنى، سورايدىغىنىڭنى سورا، — دېگەندىن كېيىن، مىس باش:

— بېشىڭىزدىكى بىر تال مۆڭگۈزىڭىزنى بېرىڭ، ماڭا باشقا هېچ نەرسىنىڭ كېرىكى يوق، — دەپتۇ. يىلانلار پادىشاهى شاهى ماران دەرغەزەپ بولۇپ:

— بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، دېگىنىم ئۇچۇن گۇناهىڭدىن كەچتىم. باشقا نەرسىنى سورىغىن! — دەپ مۆڭگۈزىنى بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. مىس باش ئېيتقان سۆزىدىن قايتمىغاچقا، يىلان ئامالىنىڭ يوقىدىن مۆڭگۈزىنى بېرىپ مىس باشنى يولىغا راۋان قىپتۇ.

مىس باش مېڭىپ - مېڭىپ بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، ئەتراپ چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىك ئىكەن. مىس باش شۇ يەردە توختاپ، قولىغا شاهى مارانىنىڭ مۆڭگۈزىنى ئېلىپ: «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ تۈزلەڭدە چوڭ بىر شەهەر سېلىنىپ، هەممە نەرسە هازىر بولسۇن» دەپ مۆڭگۈزنى يەرگە تاشلاپتۇ. شاهى مارانىنىڭ مۆڭگۈزىنىڭ كارامىتىدىن

بۇ يەردە شۇ زامات چوڭ بىر شەھەر پەيدا بوپتۇ. شەھەر ئىچىدە ناۋايلار نان يېقىۋاتقان، ئاشپەزلەر مانتا، سامسىلارنى پىشۇرۇۋاتقان، قاسساپلار مال سويۇۋاتقان، دۇكانلاردا تۈرلۈك گەزلىمىلەر سېتىلىۋاتقان، مال بازىرىدا بېدىكلەر قايناپ كېتىۋاتقان. ئادەملەر كوچىلارغا لىق تولۇپ مىس باشنى قارشى ئېلىپ، ئۇنى پادىشاھلىققا تەكلىپ قىپتۇ. مىس باش پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. كىشىلەر:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ ئايالى يوق ئىكەن، ئۇنى ئۆيلەپ قويمىساق بولمايدۇ، — دەپ، كەينى - كەينىدىن ئوردىغا كىرىپ مىس باشنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇرۇپتۇ. مىس باش پۇقرالىرىغا شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارغا رەھمەت. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ لايىقىم بار، — دەپ ھەممە كىشىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

مىس باش كېچىسى ئويلاپ يېتىپ، مۆڭگۈزنى يەرگە



تاشلاپ: «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، پالانى شەھەرنىڭ مەلىكىسى ئۆيۈمدە ھازىر بولسۇن» دەپتۇ. شۇ ھامان پەرىزاتتەك بىر قىز پەيدا بوپتۇ. مىس باش مۇشۇ قىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئەمدى بۇلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز گەپنى قىزنىڭ يۇرتىدىن ئاڭلايلى:

بۇ قىز يەنە بىر شەھەردىكى پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن. قانچىلىغان شەھەردىن ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ، شاھ قىزىنى بەرمىگەنىكەن. پادىشاھ قىزىنىڭ بىر كېچىدە غايىب بولۇپ كەتكىنىگە قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ ئىزدىتىپتۇ. قىزىنى ھېچ يەردىن تاپالماي، يېقىن يەردىكى غىلىڭ تۇزلەڭلىكتە چوڭ شەھەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۇ شەھەرنىڭ قانداق پادىشاھلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئۇ شەھەرگە بېرىپ شەھەر خەلقى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ: «بىزنىڭ پادىشاھىمىز بىر كېچىدىلا ئۆيلىنىپ قالدى. لايىقىنى قەيەردىن، قانداق ئەكەلگەنلىكىنى ئۇقمايمىز» دېگەنلىكىنى ۋە پادىشاھنىڭ مىس باش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قايتىپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىغانلىرىنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ: «مىس باشنىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن» دەپ، دەرھال بىرنەچچە مىڭ لەشكەر توپلاپ، لەشكەرلەرنى ئۆزى باشلاپ يولغا چىقىپتۇ. شەھەر خەلقى نەچچە مىڭلىغان لەشكەرنىڭ يىراقتىن چاڭ - توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پادىشاھ مىس باشنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— پادىشاھئالەم، ئۈستىمىزگە دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئاپەتتىن بىزنى قۇتقۇزۇڭ! — دەپ ئەرز

قىپتۇ. مىس باش خاتىرجەملىك بىلەن:

— قورقماڭلار، كەلسە كېلىۋەرسۇن، — دەپتۇ. لەشكەرلەر يېقىنلاشقانسېرى خەلق ناھايىتى قورقۇپ، قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپتۇ. ئۇلار:

— مانا كېلىۋاتىدۇ، ئەنە يېقىنلىشىپ قالدى، مانا ئەمدى يامان بولدى! — دەپ، مىس باشنىڭ ئالدىغا دۈكۈرلىشىپ كەپتۇ. مىس باش ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، بۆرۈتىنى تولغاپ، چاپىنىنى كىيىپ يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

— خالايىق، سىلەر نېرى تۇرۇڭلار، مەن ئۆزۈملا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىمەن، — دەپ، مىس باش دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. كېلىۋاتقان دۈشمەن مىس باشنى كۆرۈپ: «مانا پادىشاھنىڭ ئۆزى چىقىپتۇ» دەپ چىشلىرىنى بىلىشىپ، ئۇزەڭگىلىرىنى تېپىشىپ، ئوقيالىرىنى تەييارلىشىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئات قويۇپتۇ. پادىشاھ مىس باش قولىغا مۇڭگۈزنى ئېلىپ، خاتىرجەملىك بىلەن: «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ لەشكەرلەر قانداق ھالدا كېلىۋاتقان بولسا شۇنداق ھالدا قېتىپ قالسۇن» دەپ مۇڭگۈزنى يەرگە تاشلاپتۇ. لەشكەرلەر كېلىۋاتقان ھالىتى بويىچە قېتىپ قاپتۇ. ئۇلار سۆزلىيەلەيدىكەن، لېكىن ھەرىكەت قىلالمايدىكەن. خەلقلەر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. بىرنەچچە كۈن شۇنداق تۇرغاندىن كېيىن، قېتىپ قالغان لەشكەرلەرنىڭ يىغا - زار، نالە - پەريادى خەلقنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپتۇ. بىر كۈنى شەھەر خەلقى مىس باش پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— پادىشاھىئالەم، بۇلارنىڭ ئاھ - زارى قۇلاق - مېڭىمىزنى يەپ كەتتى، — دەپتۇ. مىس باش لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن قاتتىق ۋەدە ئېلىپ ۋە ئىككىنچى قاي-

تىپ كەلمەسلىك شەرتى بىلەن: «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ كەلگەن لەشكەرلەر ئالدىغا ماڭماي كەينىچە مېڭىپ كەتسۇن» دەپ مۇڭگۈزنى يەرگە تاشلاپتۇ. شۇ زامات بارلىق لەشكەرلەر قارشىلىقسىز يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاتىسى بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خاپا بوپتۇ، قىزىنى ياندۇرۇپ كېلىشكە كۆزى يەتمەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر قېرى جادۇگەر موماي كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ:

— نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىسا، موماي:

— سىزنىڭ قىزىڭىزنى مەن ئېلىپ كەلسەم نېمە بېرىدىسىز؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئاغزىڭ تولغۇچە ئېيتقىن، نېمە دېسەڭ شۇنى بېرىدەمەن! — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جادۇگەرئاق كۆڭلەك كىيىپ، ئاق ياغلىق تېڭىپ، قولىغا تەسۋى ئېلىپ بۇۋى سۈپىتىدە يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مىس باشنىڭ شەھىرىگە يېقىنراق كەلگەندە، ياخشى بىر جاينى تەييارلاپ شۇ يەردە ناماز ئوقۇپ، تەسۋى تۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مىس باشنىڭ شەھىرىدىكى ئادەملەر مومايىنى كۆرۈپ:

— تەقسىر بۇۋىم، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دېسە، موماي:

— مەن تۇرغان شەھەرنىڭ پادىشاھى ناھايىتى زالىم ئىدىكەن، ماڭا تىنچقىنا ئىبادەت قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنى ناھايىتى ياخشى دەپ ئاڭلاپ، مۇشۇ يەرنى ئىبادەت قىلىشقا لايىق كۆرۈپ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىمەن، بالىلىرىم! — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، كۈندىلىك يەيدىغان تامىقىنى ئاپىرىپ بېرىپ دۇئاسىنى ئالىدىغان بوپتۇ. ئاندىن بۇ جادۇگەر ھەر

كونى پادىشاھنىڭ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويۇپ كېتىدىغان بوپتۇ. كىشىلەر مىس باشقا:

— ئوردىنىڭ ئالدىنى ئىنتايىن تەقۋادار بىر موماي سۈپۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ. مىس باش مومايىنىڭ نىمە مەقسەتتە كېلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىغا چاقىرتىپ:

— ھە، موما، نىمە ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېگەندە، موماي يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن تۇرغان شەھەرنىڭ پادىشاھى ناھايىتى زالىم ئىكەن. سىلىنى ئادالەتلىك پادىشاھ دەپ ئاڭلاپ، بۇ يەردە تىنچقىنا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ئاز - تولا بولسىمۇ خىزمەتلىرىنى قىلىپ قوياي دەپ، ھەر كۈنى سەھەردە ئوردىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ قويۇپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

مىس باش مومايىنىڭ ئېيتقان سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئوردا ھويلىسىنى سۈپۈرۈش خىزمىتىنى بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، جادۇگەر مومايىنىڭ قەدىمى مەلىكىنىڭ ياتىدىغان ھۇجرىسىغا قەدەر يېتىپتۇ، مەلىكىنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىغا سۇ چېچىپ، سۈپۈرۈپ قويىدىغان بوپتۇ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ مەلىكە بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى جادۇگەر موماي مەلىكىگە:

— بېرى كېلىڭە مەلىكە قىزىم، بېشىڭىزنى بېقىپ قوياي، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈندە مەلىكىنىڭ بېشىنى بېقىپ قويىدىغان بوپتۇ. مەلىكىنىڭ بېشىنى بېقىپ ئولتۇرۇپ: «بالام، سىز كىمنىڭ قىزى؟ ئىسمىڭىز كىم؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟» دېگەندەك سوئاللار بىلەن بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بارا - بارا جادۇگەر موماي مەلىكىگە ياخشى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە مومايغا:

— مەن ئەسلىدە پادىشاھنىڭ قىزى ئىدىم. ئىچكىرىكى ئۆيدىن تاشقىرىقى ئۆيگە چىققىنىمنى بىلىمەن، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، — دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. موماي:

— سىز ئېرىڭىزدىن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى سورىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، سورىمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىڭلار ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش كېرەك. ئەر خەق دېگەن تولىمۇ ھىيلىگەر بولىدۇ. ئېرىڭىز سىزنى تۇيدۇرماي ئەكەلگەن يەردە يەنە باشقا ئاياللارنى ئەكېلەلمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئۇنداق بولسا ئاخشاملىقى مەن سوراپ باقاي، — دەپتۇ.



— ماقۇل بالام، شۇنداق قىلىڭ، مېنى ئېيتتى دەپ يۇر-مەڭ! — دەپ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ قويۇپ كېتىپ قاپ-تۇ. مىس باش پادىشاھ كېچىسى ئۆيىگە كەلگەندە، مەلىكە چاندۇرماستىن گەپ سوراشقا باشلاپتۇ.

— سىز مېنى ئالغىنىڭىزغا بىرنەچچە يىل بولدى. مېنى قانداق ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىز توغرىسىدا مۇشۇ كۈنگىچە سى-رىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز ياكى ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ سوراپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ مەلىكە. مىس باش:

— ئۇنى سورىما، ساڭا ئېيتىشقا بولمايدۇ، بىر ئۆزۈم بىلىمەن، بىر خۇدا بىلىدۇ، — دەپ ئېيتقىلى ئۇنىماپتۇ. مىس باش ئوردىغا كەتكەندىن كېيىن جادۇگەر موماي مەلىكى-نىڭ قېشىغا كىرىپ بېشىنى باققان بولۇپ، كونا - يېڭى ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇپ، ئارىلىقتا:

— بالام، سىزنى قانداق ئېلىپ كەپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:

— ماڭا ئېيتمىدى، بىر ئۆزۈم بىلىمەن، بىر خۇدا بى-لىدۇ، دېدى، — دەپتۇ. موماي:

— ئۇنداق بولسا، ئېرىڭىز سىزگە ئىشەنمەيدىكەن. ئەر - ئايال بولۇپ تۇرۇپ بىر - بىرىڭلارنىڭ سىرىنى بىلمىسەڭلار، قانداقمۇ بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرىسىلەر؟ — دەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مىس باش ئۆيىگە كەلگەندە، مەلى-كە يەنە سوراشقا باشلاپتۇ. مەلىكە تولىمۇ قىستاپ سوراپ كەتكەندىن كېيىن، مىس باش:

— خوتۇن، ئۇنداق بولسا بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتما! مەن سېنى يىلان پادىشاھىنىڭ مۆڭگۈزىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئېلىپ كەلگەنىدىم، — دەپ سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئەتى-سى جادۇگەر موماي مەلىكىدىن:

— بالام، سىزنى قانداق ئېلىپ كەلگەننىكەن؟ — دې-
گەندە، مەلىكە بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. جادۇگەر موماي:
— ھە، مانا ئەمدى ياخشى بوپتۇ. شۇ ئەڭگۈشتەر مۇڭ-
گۈزنى سىزمۇ كۆرۈپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. مەلىكە:
— مەن ئۇنى سورىمىدىم، — دەپتۇ. موماي:
— ئۇنداق بولسا سوراپ كۆرۈڭ، — دېگەندىن كېيىن، مەلىكە ئاخشىمى مىس باشنى قايىل قىلىپ، ئۇنىڭ قوينىغا سېلىپ ساقلاپ يۈرگەن يىلان پادىشاھىنىڭ مۇڭگۈزىنى ئېلىپ كۆرۈپ:
— مانا ئەمدى سىزگە ھەقىقىي ئىشەندىم. مەندىمۇ بىرەر كۈن تۇرسۇن، ئوبدانراق كۆرۈپ قېنىۋالاي، ئەتە كەچتە ئالارسىز، — دەپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئەتىسى جادۇگەر موماي مەلىكىنىڭ ئالدىغا تەزىم قىلىشقا چىقىپتۇ، مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەر مۇڭگۈزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ھىيلىگەرلىكىنى ئىشلىتىپ:
— بالام، باش - كۆزىڭىز كىر بولۇپ قاپتۇ، بۈگۈن سىزنى يۇيۇپ قوياي، — دەپ مەلىكىنى يۇيۇشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنى يۇيۇۋېتىپ:
— بالام، بۇ مۇڭگۈزنى يەرگە قويۇپ قويۇڭ. مۇڭگۈزنىڭ ئورنىغا سۇ تەگمىسە غۇسۇل ئادا بولمايدۇ، — دەپ مۇڭگۈزنى بىر يەرگە ئېلىپ قويۇپ، ئالدىدا ئىسسىق سۇنى قويۇپ، كەي-نىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇنى قۇيۇۋېتىپتۇ. مەلىكە ئەندى-كىپ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ قېلىپ، ئەڭگۈشتەر مۇڭگۈز ئېسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە يۇيۇنۇپ - تارد-نىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەندە، جادۇگەر موماي قولىغا مۇڭگۈزنى ئېلىپ: «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭگۈشتەر بولسۇن، مۇشۇ مەلىكە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى شەھىرىدە بولسۇن!» دەپتۇ -

دە، ئەڭگۈشتەر مۆڭگۈزنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپ-تۇ. شۇ ئارىدا شەھەر غايىب بولۇپ، مىس باش بىر چۆلدە يالغۇز قاپتۇ. ئۇ قانداق قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، ئالدىغا ھېلىقى مۇشۇك بىلەن ئىت كېلىپ:

— سىز غەم قىلماڭ. بىز سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمىز، — دەپ، مەلىكىنىڭ شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئىت شەھەر ئىچىگە كىرىپ، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. مۇشۇك قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئوردىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆزى ئولتۇرغان تەختىنىڭ ئالدىدىكى تۈۋرۈكنىڭ يېنىنى كولاپ، شۇنىڭ ئىچىگە جادۇگەر موماي ئەكېلىپ بەرگەن ئەڭگۈشتەر مۆڭگۈزنى قويۇپ ئۈستىگە ياغاچ قاپقاق بېكىتىپ، ئۇنىڭغا قولۇپ سېلىپ ساقلايدىكەن. مۇشۇك ئوردىنىڭ ئاستىدا بىرقانچە چاشقاننىڭ بارلىقىنى، چاشقانلارنىڭ مۆڭگۈزنى ئالالىغاچان ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋىسىغا ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ - دە، سوپى بولۇۋېلىپ: «تووۋا قىلدىم، تووۋا، چاشقانلارغا تەگمەيمەن، ھېچكىمگە زىيان سالمايمەن» دەپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كېچە - كۈندۈز زارلاپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن چاشقانلار ھەيران بولۇشۇپ، ئۆز پادىشاھىغا:

— بىر مۇشۇك بار ئىكەن، چاشقانلارغا تەگمەيمەن، ھېچكىمگە زىيان سالمايمەن دەپ يىغلاپ ئولتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

چاشقانلار پادىشاھى سىناش ئۈچۈن بىرنەچچە چاشقاننى مۇشۇكنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ چاشقانلار مۇشۇكنىڭ بويىنىغا، قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئويناپتۇ، مۇشۇك ئۇلارغا پەرۋامۇ قىلماي، ھېلىقى سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. شۇ ئارىدا چاشقان بالىلىرىنىڭ مۆڭگۈزنى سۆرەپ ئويناپ يۈرگىنى مۇشۇكنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قاپتۇ. مۇشۇك چاققانلىق بىلەن

سەكرەپ بېرىپ ئۇنى تارتىۋېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ ئوردىدىن
چىقىپ كېتىپتۇ. ئوردا ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئىت مۈ-
شۈكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:
— ئالالىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئالالمىدىم، ئاداش، — دەپ مۈشۈك يولىغا راۋان
بوپتۇ. بۇلار مېڭىپ - مېڭىپ بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ
قاپتۇ. مۇڭگۇزنىڭ غېمىدە يۈرگەن ئىت:
— ھەي مۈشۈك، راستىڭنى ئېيت، مۇڭگۇزنى ئالغان
بولساڭ ماڭا بەرگىن. مەن سېنى دەريادىن ھاپاش قىلىپ
ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، — دېگەندە، مۈشۈك مۇڭگۇزنى ئىتقا بې-
رىپتۇ. ئىت ئۇنى ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ. مۈشۈكنى ھاپاش قى-
لىپ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، ئىتنىڭ كۆزىگە بېلىق
كۆرۈنۈپ قېلىپ، ئاغزىدا مۇڭگۇز بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ
بېلىقنى يېمەكچى بولغاندا، مۇڭگۇز دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ -
دە، ئۇنى بېلىق يۇتۇۋاپتۇ. بۇ بېلىق دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە
بىر بېلىقچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بېلىقچىلار بېلىقلار-
نىڭ ئىچ - قارنىنى ئېلىپ تاشلاپ، بېلىقلارنى ئېلىپ كې-
تىپتۇ. بۇ يەرگە ئىت بىلەن مۈشۈك مۇڭگۇزنى ئىزدەپ كې-
لىپ قاپتۇ. ئىككىسى بېلىقلارنىڭ ئىچ - قارنىنى يەپ ئول-
تۇرۇپ مۇڭگۇزنى مۈشۈك تېپىۋاپتۇ - دە، ئېلىپ قېچىپتۇ.
«مۇڭگۇزنى مەن ئاپىرىپ بېرەي» دەپ ئىت مۈشۈكنى قوغلاپ-
تۇ، قوغلاپ يېقىن كەلگەندە مۈشۈك دەرەخكە چىقىۋاپتۇ. ئىت
چىقالماي، «ھامانەم يەرگە چۈشىدىغۇ» دەپ، كەتمەي ئايلىنىپ
يۈرۈپتۇ. مۈشۈك بولسا «ئىت ھامانەم كېتىدۇغۇ» دەپ يەرگە
چۈشمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مۈشۈك دەرەختە، ئىت يەردە،
مىس باش چۆلدە قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىت مۈشۈككە
ئۆچ بولۇپ قالغانىكەن.

# "جەبرائىل" ھەققىدە قىسسە

ئۆتكەن زاماندا مىسىر شەھىرىدە بىر باپكار بىلەن بىر ياغاچچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ئاشىقى بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باپكار ئۇ خوتۇن ئۈچۈن ناھايىتى ئېسىل بىر كۆڭلەك توقۇدىكى، ئۇنىڭ ھېچ يېرىدە تىكىشى كۆرۈنمەس ئىدى. كۆڭلەك خوتۇننىڭ بويىغا ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك جەھەتتە بەكمۇ مۇۋاپىق كەلدى. شۇنىڭ بىلەن: «پالانى باپكار بىر كۆڭلەك توقۇپتۇكى، ئۇنىڭ ھېچ يېرىدە تىكىشى يوقتۇر. ياقا، يەڭلىرىنى ئۆزگىچە توقۇپتۇ، ئۇنىڭدەك كۆڭلەكنى ھېچ باپكار توقۇيالماس» دېگەن سۆز پۈتۈن مىسىر شەھىرىگە تارقىدى.

بىر كۈنى ياغاچچى ئۇ كۆڭلەكنى مەشۇقىنىڭ ئۇچىسىدا كۆردى ۋە بۇ خوتۇننىڭ باپكار بىلەن ئاشنىدارچىلىقى بار دېگەننى گۇمان قىلدى، ئىلگىرى ھەم بۇ گۇمانى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاچچىقلاندى ھەم خۇسۇمەت، ھەسەتخورلۇقى تۇتتى ۋە: «ئى چىركىن، نېمە ئۈچۈن مەندىن ئۆزگىگە كۆڭۈل بېرىسەن؟» دەپ تولا سىياسەتلەر قىلدى. ئەمما، بۇ خوتۇن باپكارنى دوست تۇتقانىدى، ئۇنى تەرك قىلالمىدى. بەس، ياغاچچىنى خىلۋەتكە ئېلىپ كىرىپ ئولتۇرغۇزدى ھەمدە ئېيتتىكى:

— ئى جانۇ جانىم، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، سېنىڭ

بىر تال مويۇڭ ماڭا ھەممە ئالەمدىن ئەزىزرەك تۇرىدۇ، — دېدى ـ دە، قۇرئاننى ئېلىپ كېلىپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، — مەن ئۆزۈمگە باپكاردىن دۈشمەنرەك كىشىنى بىلمەيمەن. نېمە ئۈچۈنكى ئۇ مېنى پىچاق ئۇرىمەن دەپ قورقۇتىدۇ. ئۇنىڭ قورقۇتۇشىدىن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئاشىنالىقىنى قىلغانىدىم، بۇ ھالىمنى ساڭا ھەم ئېيتالماس ئىدىم. مېنىڭ ھالىم شۇدۇر، — دېدى. ياغاچچى بۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئەگەر بۇ سۆزۈڭ راست بولسا ۋە ئۇنى خالىماي ماڭا مايىل بولساڭ، ئۇنىڭ ئىشى ئاساندۇر. ئۇنى تازا بىر ئاۋارە قىلايلى، ئۇ ئۆلگۈچە سېنى كۆرەلمىسۇن، — دېدى.

ئۇ خوتۇن يەنە بىر مەرتەم قەسەم ئىچتى. ئاندىن ياغاچچى بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى راستتۇر دەپ ئىشەندى ۋە:

— خاتىرجەم بولغىنكى، مەن ئۇنىڭ چارىسىنى قىلۇرمەن، — دەپ ئورنىدىن قوپتى. باپكارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېيتتىكى:

— ئى يارۇ بۇرادەر، سەن ئېسىل بىر كۆڭلەكنى توقۇپسەن. ئۆز ھۈنىرىڭدە كامىللىق كۆردۈڭ، بۇ ھەم ماڭا ئارزۇ بولدى. مەنمۇ ئۆز ھۈنىرىم بىلەن بىرنېمە ياسىغايمەن، ھېچ كىشى ئۇنىڭدەك ئىشنى قىلالمىغاي. سەن ئۆز ھۈنىرىڭ بىلەن باپكارلارنى ھەيران قىلدىڭ، مەن ھەم ئۆز ھۈنىرىم بىلەن ياغاچچىلارنى ھەيران قالدۇرغايمەن، — دېدى. باپكار:

— مۇبارەك بولسۇن، مەن بەندىگە نېمە ھاجەت بولسا خىزمەت قىلغايمەن، — دېدى.

ياغاچچى ئۈچ ـ تۆت پارچە تاختاي راسلاپ تىلسىم بىلەن بىر ساندۇق ياسىدىكى، ھېچ يەردە ئۇنىڭدەك ساندۇقنى ئادەم كۆرمىگەن بولغاي. ئۇنىڭ ئىچىگە تىلسىملارنى بەجا كەلتۈرۈپ تامام قىلدى، ئاندىن باپكارنىڭ قېشىغا باردى ۋە دېدىكى:

— ئى يارۇ بۇرادەر، مەن ھەم ئۆز ھۈنىرىم بىلەن بىر كاتتا نەرسە ياسىدىم، ھېچ ياغاچچى ئاڭا ئوخشاش نەرسىنى ھەرگىز ياسىيالمىغاي. مانا بۇ ساندۇق شۇلدۇر. ساڭا بۇرادەر-لىكنىڭ ھەم سۆھبەتداشلىقنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرگەيمەن. قوپقىن، سەھراغا بارايلى، ئۇ يەردە بۇ تىلسىمنى سىناق قىلاي، ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى كۆرەيلى، ئاندىن مەن ئۇنى ياغاچچىلارغا مەلۇم قىلاي. سېنىڭ نامىڭ باپكارلار ئارىسىدا يۇقىرى بولغاندەك، مېنىڭ نامىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى بولغاي، — دېدى.

ياغاچچى ساندۇقنى يۈدۈپ، ئىككىسى يولغا راۋان بولدى. ئۇلار شەھەردىن ئىككى پەرسەڭ يىراق بىر سەھراغا باردى. ياغاچچى:

— ئى بۇرادەر، تامام لىباسىڭنى سېلىپ، ئاندىن توغما بولۇپ بۇ ساندۇققا كىرگىن، — دېدى.

نېچۇكتۇر، باپكار دەرھال لىباسىنى سېلىپ ئاندىن توغما بولدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىرنەچچە دىنار بار ئىدى، ئۇ-نى ياغاچچىغا بەردى، ئاندىن ساندۇق ئىچىگە كىردى. ئۇ ساند-ۇققا تىلسىم بىلەن بىر مىخ قادالغانىدى. ئۇنى ئوڭ تەرەپكە بۇرىسا، ساندۇق يۇقىرى ئۆرلەيتتى، سول تەرەپكە تولغىسا، تۆۋەنگە چۈشەتتى. ياغاچچى باپكارغا مىخنى ئوڭ تەرەپكە تول-غاپ كۆرسەتتى ۋە:

— ئى بۇرادەر، داۋاملىق بۇ مىخنى كۈچۈڭنىڭ بارىچە ئوڭ تەرەپكە تولغىغايسەن، — دېدى. باپكار مىخنى ئوڭ تە-رەپكە تولغاش بىلەن ساندۇق ھەرىكەتكە كېلىپ ئورنىدىن قوزغالدى،ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. باپكار مىخنى ھەر قېتىم تولغى-غاندا، ساندۇق ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ تازا ئۆرلىدى، ئاندىن كۆزدىن غايىب بولدى. ئول ساندۇقنىڭ دېرىزىلىرى بار ئى-

دى، ئېچىلدى. باپكار تۆۋەنگە قارىدى. شەھەر، كەنتلەردىكى نەرسىلەرنى كۆردى، روھىي زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆردى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «ئاھ، ياغاچچى مېنى بۇ ھىيلە بىلەن جاھاندا ئاۋارە قىپتۇ» دېدى. بۇ قورقۇنچتىن جىگىرى پارە - پارە بولدى. بۇ مىخنى سول تەرەپكە تولغىسام، ساندۇق يەنە يۇقىرى ئۆرلەرمۇ ياكى تۆۋەنگە چۈشەرمۇ دەپ ئويلاپ، مىخنى سول تەرەپكە تولغىدى، ساندۇق تۆۋەنرەك چۈشتى، يەنە سول تەرەپكە تولغىغانىدى، يەنە تۆۋەنرەك چۈشتى، ئاخىر بېرىپ يەرگە قوندى. ئۇ ساندۇقتىن چىقتى ۋە ئۆزىنى دەريايى ئەممان بويىدا كۆردى، بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى، كۆز قۇۋۋىتى يەتكۈچە قارىدى. ئۇ سۇدىن باشقا نېمىنى كۆرمىدى، كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى ۋە دەريا ياقىسىدا يۈرۈپ ئازغىنا مېۋە تېپىپ يېدى، ئاندىن تامام غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ باقتى، ناگاندا دەريا ياقىسىدا ئادەملەرنى كۆردى، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ سالام بەردى. ئۇ كىشىلەر سالامغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:

— نېمە ئادەمسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دېدى. باپكار ئاڭا جاۋاب بېرىپ:

— مەن مەردۇ غېرىبدۇرمەن، يول ئاداشتىم، ماڭا رەھمە قىلىپ، ئاۋاتلىققا يول كۆرسىتىپ قويۇڭلار، — دېدى. ئۇ كىشىلەر:

— بۇ دەريايى ئەممانىدۇر، ئاۋاتلىقتۇر، — دېدى. باپكار ئۇلارغا دۇئا قىلدى، بىر جاڭگالغا راۋان بولدى. ئۇ ئويلىدىكى، ئەگەر ساندۇقنى بۇ يەرگە قويۇپ كەتسەم، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام ھالاك بولىمەن. ئەمدى ساندۇقنىڭ سىرىنى بىلدىم، ئۇ مېنى جاڭگالدىن تاشقىرى ئېلىپ چىققاي، تا شەھەرگە يەتكەيمەن دەپ، دەرھال ساندۇققا



يەنە كىرىپ مىخنى ئوڭ تەرەپكە تولغىدى، ساندۇق يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ جاڭگالدىن چىقىپ بىر چاقىرىم يەرگە بېرىپ چۈشتى. باپكار ساندۇقتىن چىقىپ قارىدى، بىر ئوردا كۆرۈندى، ئۇنىڭ بېشى پەلەكتە، دەرۋازىسى كۆپكۆك تۆمۈردىن ئىدى. دەرۋازا ئالدىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ بۇ يەر قەيەركىن ۋە كىمنىڭ ئوردىسىدۇ؟ دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، سالام بەردى ۋە:

— ئى بۇرادەر، بۇ كىمنىڭ ئوردىسى؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرۈدسەن؟ — دېدى. باپكار:

— مەردۇ غېرىبدۇرمەن، بۇرادىرىمنى يوقاتقانىدىم، ئۇنى ئىزدەپ يۈرىمەن، — دېدى. ئۇ كىشى:

— بۇ شەھىرى ئەممانىدۇر. شەھەر پادىشاھىنىڭ ئون ياشلاردا بىر قىزى بار ئىدى. پادىشاھ ئۇ قىزى دۇنياغا كەلگەندە، ئۇنى ھېچ كىشى كۆرمىسۇن دەپ، بۇ ئوردىنى ئۇنىڭ ئۇ-

چۈن بىنا قىلىپ، قىزنى ئانىسى بىلەن بۇ يەردە قويىدى. بۇ ئوردىنىڭ ئىشىك ئاچقۇچىنى پادىشاھ ئۆزى ساقلايدۇ، ھەر ھەپ-تىدە بىر مەرتەم كېلىپ قىزنى كۆرۈپ كېتىدۇ، — دېدى. باپ-كار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ساندۇق قېشىدا ئولتۇردى. كېچە بولدى، ئۇ ساندۇق ئىچىگە كىرىپ مىخنى ئوڭ تەرەپكە تولغىدى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، قىز تۇرغان ئوردىنىڭ ئۈستىگە كەلدى، مىخنى سول تەرەپكە تولغىدى، تۆۋەنلىدى، ئوردىنىڭ تۆپىسىگە چۈشتى. باپكار ساندۇقتىن چىقتى، ھەر تەرەپكە قارىدى. بىر دېرىزە كۆ-رۈندى، بېرىپ قارىدى، ھۆسن - جامالى ھەددىدىن زىيادە گۈزەل بىر قىزنى كۆردى، ئۇنىڭ يېنىدا ئىنىكئانىسى ئولتۇراتتى. باپ-كار ئوردا ئىچىگە چۈشكىلى شوتا قويۇپ، دېرىزىدىن قارىدى. دەل شۇ چاغدا قىز ئاجايىپ گۈزەل كەرەشمە بىلەن تەختكە چىد-قىپ ياتتى، ئۇخلىدى. باپكار ئوردىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قىز يات-قان سارايغا كىردى. تەختكە چىقىپ، قىزنىڭ يوتقىنىنى ئېچىپ قوينىغا كىرىپ ياتتى، ئۇ قىزنىڭ بەدىنىنى قۇچاقلاپ سۆيدى. قىز ئويغىنىپ ئۆزىنى بىر ئەر كىشىنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ، پەرياد قىلدى:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟! — دېدى قىز غەزەپلىنىپ. ئىنىكئانا قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغاندى، دەرھال قويۇپ چىراغنى ياندۇردى. كۆردىكى، باپكار خۇددى ئاندىن يېڭى تۇغۇلغاندەك يالىڭاچ تۇرۇپتۇ. ئىنىكئانا:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دېدى. باپكار:

— مەن جەبرائىلدۇرمەن، ئاسماندىن چۈشتۇم. بۇ قىزنى خۇدايىتائالا ماڭا ئاتا قىلدى. ئۆز ئۆيۈمگە كەلدىم. بۇ قىز مېنىڭ ھالال جۈپتۈمدۇر، — دېدى.

ئىنىكئانا بىلەن قىز بىر - بىرىگە: «بۇ ئوردىنىڭ ئۈس-تىدىن قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەس، ھەممە ئىشىكلىرى زەنجىر

بىلەن مەھكەم بەند قىلىنغانىكەن. ئەگەر بۇ كىشى جەبرائىل بولمىسا ئىدى، مۇنداق يالىڭاچ ۋە تەييارلىقسىز بۇ ئوردىغا كىرەلمەس ئىدى» دېيىشتى. قىز ئېيتتىكى:

— ئى جەبرائىل، ساڭا مۇبارەك بولسۇن. خۇدايىتائالا مەندەك كىشىنى ساڭا لايىق كۆرۈپ، خوتۇنلۇققا بېرىپتۇ. بۇ ئىلتىپاتقا بىسيار شۈكۈر - سانا ئېيتماق ئاتا - ئانامغا ۋاجىپتۇر.

باپكار خۇشال بولدى. ئۇلار يېتىپ قالدى. قىز چىن ئېتىقادى بىلەن باپكارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك خىزمەت قىلدى. باپكار ئۆز ئىشىدا كەملىك قىلماي، دەرھال ئۇنىڭ مېھرىگە مېھىر بەردى، ئاندىن قىز باپكارغا ئاشىقى شەيدا بولدى. قىزنىڭ ئاتىسى مۇھىم بىر ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىر ئاي غىچە قىزىنىڭ قېشىغا كېلەلمىدى. باپكار ھەر كېچە قىز يېنى-



غا كىلىپ تۇردى. ئۇ قىزنىڭ قوينىغا كىرىپ راھەت - پاراغەت- تە تاڭ ئاتقۇچە ياتاتتى، تاڭ ئاتقاندا قىزنىڭ قوينىدىن چىقىپ ئوردا تۆپىسىگە چىقاتتى ۋە ساندۇق ئىچىگە كىرىپ مىخنى تول- غايتتى - دە، جاڭگالغا بېرىپ چۈشەتتى. بۇ يوسۇندا قىرىق كۈن ئۆتتى. قىز ھامىلىدار بولدى. قىزنىڭ ئاتىسى مۇھىم ئىشىنى تۈگىتىپ، قىزنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئوردا ئاچقۇچلىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەنىدى، ئىشىكلەرنى ئېچىپ قىزنىڭ يېنىغا كىردى، قىزنى كۆردى. قىز ئۆز ھالىدا ئەمەس ئىدى. پادىشاھ ئىنىكئانىدىن:

— ھەي، بۇ ئەزىز پەرزەنتىمگە نېمە بولدى؟ — دېدى. ئىنىكئانا بىلەن قىز بولغان ۋەقەنى يەشتى، بايان قىلدى:

— خۇدايىتائالا جەبرائىلنى سىزگە كۈيئوغۇللۇققا ئەۋە- تىپتۇ، ئاسماندا ئاڭا قىزىڭىزنى نىكاھ قىپتۇ. ھەر كېچە جەبرائىل بۇ يەرگە كېلىپ ياتىدۇ، تاڭ ئاتقاندا يەنە ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، ئوردىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئەتراپىنى تەكشۈردى، ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئورنىدا كۆردى. پادىشاھ مۇنداق مەھكەم ئوردا يوقتۇر، بۇ نېمە ۋەقەدۇر دەپ ئويلاپ، كېچىسى ئوردىدا قوندى. ناماز خۇپتەن ۋاقتى بولدى، چىراغلارياندى. پادىشاھ شەمشىرىنى ئالدىغا قويۇپ قويدى. بىر سائەت بولغانىدى، ھەر كېچىكى يو- سۇن بىلەن بايكار ساندۇققا كىردى، مىخنى تولغىدى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ئوردا ئۈستىگە كېلىپ چۈشتى. ساندۇقنىڭ چۈشكەن شەپىسى پادىشاھ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ قوپتى، بىھوش بولدى، ئاندىن ھوشىغا كەلدى. بايكار تۆپىدىن چۈشتى، تامبالچان ھالدا كېلىپ قىزنىڭ ياستۇقىدا ئولتۇردى. پادىشاھ بايكارنى كۆردى، يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئامەننا، رەسەددەقنا، يا جەبرائىل روھـــــللا، — دەپ باپكارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، نالە - زار قىلدى. قىز:

— ئى جەبرائىل، بۇ مېنىڭ ئاتامدۇر، — دېدى. باپكار پادىشاھنىڭ بېشىنى ئايىغىدىن كۆتۈردى. ئەمما، پادىشاھ دەم-مۇدەم يۈزىنى يەرگە ئۇرۇپ، باپكارنىڭ قول - ئايىغىغا كۆزىنى سۈرتەر ئىدى ھەم: «جەبرائىلنىڭ ئۆيۈمگە مۇبارەك قەدىمى يېتىپتۇ» دەپ ھەق تائالاغا تولا شۈكۈر - سانا ئېيتتى. باپكار:

— ئى پادىشاھ، كۆڭلۈڭنى خۇش تۇتقىن، ساڭا خۇدايى تائالانىڭ ئىنايەتلىرى بىھېسابتۇر. دۆلىتىڭ زىيادە، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۈشمەنلىرىڭ مەغلۇپ بولغاي، — دېدى. پادىشاھ بېشىنى يەرگە قويدى ۋە:

— مەن بەندىنىڭ نېمە لاياقىتى بولسۇن. ھەقتائالا سىز جەبرائىلنى ماڭا كۈيئوغۇل قىلماقنى خاھىش قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. مەن بۇ ئىلتىپات - نېمەتنىڭ شۈكرانىسىنى قاچان ئېيتىپ تۈگىتەرمەن؟ — دەپ، يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىدى. باپكار قىزنىڭ يېنىدا تاڭ ئاتقۇچە ئەيش - ئىشرەت قىلدى. تاڭ ئاتتى، ئۆگزىگە چىقىپ ساندۇق ئىچىگە كىردى ۋە مىخنى تولغىدى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، جاڭگالغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ ياتتى.

قىز ئويقۇدىن ئويغاندى، جەبرائىلنىڭ يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، قوپۇپ ئاتىسىنىڭ ياستۇقىغا كەلدى ۋە:

— ئى ئاتا، جەبرائىل يۈرۈپ كەتتى، — دېدى. پادىشاھ ھەم ئورنىدىن قوپتى، ئوردا ئۈستىگە چىقتى. شۇ چاغ بىر يۇلتۇز كۆچۈپ سۇدا ئەكسى كۆرۈندى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ئەندىكى، ئاسماننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، جەبرائىل كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال يۈزىنى تۇپراققا سۈردى، باپكارنى جەبرائىل دەپ تەستىق ۋە ئېتىقاد قىلىپ ئۆگزىدىن يېنىپ چۈشتى ھەمدە

قىزنىغا:

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، جەبرائىلنىڭ ئالدىدا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلغايسەن. مەن بىرىپ جەبرائىل ئۈچۈن خاس قىممەت باھالىق لىباس ۋە پاكىز ياسىداقلار ھەممىدە پاك تائاملار تەييارلاپ ئىبەرگەيمەن، — دېدى. قىز ئاتىسىغا:

— بۈگۈن جەبرائىلنىڭ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىنىگە قىرىق كۈن بولدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ بىر قەترە سۇ چاغلىق نەرسىنى ئاغزىغا ئالغىنىنى كۆرمىدىم، — دېدى.

پادىشاھ كۈن چىققاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممە ئىشىكلەرنى مەھكەم ئېتىپ ئۆز ئوردىسىغا كەتتى، شۇ كۈنى باپكار ئۈچۈن بىرنەچچە شاھانە لىباس تەييارلاپ، قىزى قېشىغا ئەۋەتتى.

كېچە بولدى، باپكار ساندۇققا كىردى، مىخنى تولغىدى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، شەھرى ئەممانغا قاراپ ماڭدى، پادىشاھ سارىيىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشتى، ساندۇقتىن چىقىپ تۈڭلۈككە باردى، كۆردىكى، پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن، ئىككى - ئۈچ خادىم ھەم شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار جەبرائىلنىڭ ھېكايەتلىرىنى قىلاتتى. باپكار تۈڭلۈكتە ئولتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى ئاقىلراق ئىدى. ئۇ جەبرائىلنىڭ ھېكايەتلىرىگە ئىشەنمىدى ۋە:

— بۇ يالغان ئىشتۇر، سىزگە ئوخشاش پادىشاھنىڭ بۇنداق يالغانغا ئىشەنگىنىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باققان ئەمەس. مېنىڭچە، شۇنىسى گۇمانسىزكى، بۇ ئادەم ئەپسۇن ۋە ھىيلە بىلەن سىزنىڭ ئوردىڭىزغا كېلىپ، سىزنىڭ شەرىپىڭىزگە مۇنداق بەتناملار قىلدى، — دېدى. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ۋارقىراپ:

— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن جەبرائىلنىڭ مۆجىزاتىنى، ئىز-



زەت ـ شاراپىتىنى كۆردۈم.
ئەگەر كۆرمىسەم ئىدى، بۇ
سۆزلىرىڭ توغرا بولۇر ئى-
دى. جەبرائىل بارغاندا كۆر-
دۈمكى، ئاسماننىڭ ئىشىك-
لىرى ئېچىلدى. سەن بۇ
بەھۇدە سۆزلەرنى نېمە ئۈ-
چۈن قىلىسەن؟ — دېدى.
پادىشاھ تەكرار شۇنداق دې-
دى. ئۇ خادىم ئىشەنمىدى.
باپكار قولىنى تۈڭ-
لۈككە ئۇردى. پادىشاھ شۇ تۈڭلۈك تۈۋىدە ئىدى. باپكار پەم
بىلەن ھېلىقى ئىشەنمىگەن خادىمنىڭ بېشىغا چۈيۈن بىلەن
ئۇرۇپ ئون پارە قىلدى. ھەممەيلەن بۇ ھالنى كۆرۈپ، ھۇجرا
يىقىلدىمىكىن دەپ گۇمان قىلدى. لېكىن، پادىشاھ شۇ چاغدا:



— جەبرائىلنىڭ مۆجە-
زىلىرىنى كۆردۈڭلارمۇ؟! —
دېدى.
ھەممىسى ھەيران قال-
دى. ھەرقايسىسى ئۆز ئۆي-
لىرىگە كەلدى، يۈزمىڭ
ئەندىشە بىلەن ياتتى.
باپكار ساندۇقتا ئولتۇ-
رۇپ مىخنى تولغىدى، قىز-
نىڭ ئوردىسىغا كېلىپ
چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا:
— ئاتاڭ مېنىڭ ھالىم-

ـدىن ھېكايە قىلدى، بىر خادىم بۇنىڭغا ئىشەنمىدى. خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ، بۇرادىرىم ئەزرائىلنى ئەۋەتتى. ئۇ غەزەپكە كېلىپ، بۇ ئۆينى ئۇلارنىڭ بېشىغا يىقىتقايمەن، دېگەندى، مەن خۇدادىن تىلىدىم، بېرىپ ئول ھۇجرىنى ساقلاپ تۇردۇم، ئاتاڭ-نىڭ يۈزى ئۈچۈن ئۇ خادىمنىلا خالاس قىلدىم، — دېدى.

قىز بۇ نىشانلاردىن ھەيران قالدى. ۋاقىت سۇبھى بول-دى. «جەبرائىل» يەنە كەتتى. قىزنىڭ ئاتىسى ئۇيقۇدىن قوپ-تى، ۋەزىر ۋە خادىملىرىنى چاقىردى، «جەبرائىل» قېشىغا بارايلى ۋە ئۆزرە ئېيتايلى، دېدى. ھەممىسى كەلدى. پادىشاھ بۇ ئوردىنىڭ مەھكەملىكىنى ۋە يوغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇلار ھەيران قالدى. ئاندىن ئۇ جامائەتنىڭ ئالدىدا ئاچقۇچىنى چى-قىرىپ، ئىشىكلەرنى ئاچتى. ئۇ باشقىلارنى قىزنىڭ ئوردى-سىغا ئېلىپ كىردى. قىز ئاتىسىنى كۆردى، ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ، قولىنى سۆيدى. پادىشاھ جەبرائىلنىڭ ۋەقەسى-نى ئېيتاي دەپ تۇرغانىدى، لېكىن قىزى بولغان ۋەقەنى مەن ئېيتاي دەپ، تىلىنى ئىلگىرى سۆزگە ئاچتى. پادىشاھ يەنە باشقا ۋەقە بولدىمىكىن دەپ گۇمان قىلدى ۋە ئىجازەت بەر-دى. قىزى:

— ئۇشبۇ كېچە جەبرائىل كېلىپ: «ئاتاڭ پالانى ۋەزىر، خادىملىرى بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇپ، مەنكى جەبرائىل-نىڭ ئەھۋالىنى ئۇ جامائەتلىرىگە ئېيتتى، بىر خادىم ئاڭا ئىشەنمىدى، بۇ سېھىر - جادۇ، دېدى. ئاللاتائالانىڭ بۇ سۆز-گە غەزىپى كېلىپ، بۇرادىرىم ئەزرائىلنى ئەۋەتتى، ئاللا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىشنى بۇيرۇدى. مەنكى جەبرا-ئىل ئۇنى بىلىپ خۇدادىن تىلىدىم. ئاتاڭنى بىرنەچچە خادىم-لىرى بىلەن ساقلاپ قالدىم، بولمىسا ھەممىسى ھالاك بولۇر ئىدى» دېدى، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى.

قىزنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەممىسى ھەيران قالدى، راست جەبرائىل ئىكەن دەپ، ئېتىقاد قىلىپ ۋە ئىد-شىنىپ، قىزنىڭ ئالدىدا باش قويدى، «جەبرائىلدىن بىزنى تىلەڭ» دېيىشتى. قىز:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى. ئىشەنمىگەنلەر پۇشايمان قىلىپ قايتىشتى.

باپكار قىز بىلەن ھەر كۈنى كېچە ئەيش - ئىشرەت قىلاتتى.

ئۇ قىز باپكاردىن بىر ئوغۇل تۇغدى. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن پادىشاھ يەنە بىر شەھەرنىڭ پادىشاھىغا قىزىمنى ساڭا بېرەرمەن، دەپ ۋەدىلىشىپ قويغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى پادىشاھ قىزىنى ماڭا بەرسۇن دەپ، كىشى ئەۋەتتى. قىزنىڭ ئاتىسى:

— خۇدايىتائالا مېنىڭ قىزىمنى جەبرائىلغا بېرىپتۇ، ھەر كېچە ئاسماندىن چۈشىدۇ، ئەلھال، قىزىم جەبرائىلدىن بىر ئوغۇل تۇغدى، — دېگەن جاۋابنى بەردى. كىمكى بۇ سۆزنى ئاڭلىسا، پادىشاھنى ئەخمەق، نادان دەر ئىدى.

قىزنى ئالماقچى بولغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، لەش-كەر يىغدى ۋە قىزىنى ماڭا بەرمىگىنىنى كۆرەي، دەپ قوشۇن تارتىپ، شەھىرى ئەممانغا كەلدى ۋە ئەممان شەھىرىنى قور-شىۋالدى. ئەممان شەھىرىنىڭ پادىشاھى قىزغا بىر كىشىدىن مۇنداق دەپ نامە يوللىدى: «قىزىم جەبرائىلغا دېسۇن، بىزنىڭ داد - پەريادىمىزغا يەتسۇن. ئەگەر يەتمىسە، بىزنىڭ ھەممە خانۇ مانىمىز بۇزۇلۇر !» قىز بۇ ۋەقەنى «جەبرائىل»غا دەرھال مەلۇم قىلدى ۋە:

— ئۇلار سىز ئۈچۈن كېلىپتۇر، ئۇلارنىڭ تەمەسى سىزدىدۇر، ئەمدى سىزگە بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلماق

لازىمدۇر، — دېدى. باپكار:

— بۇ كېچە سەۋر قىلىڭ. مەن خۇدايىتائالانىڭ دەرگا-
ھىغا بېرىپ تىلەي، ئۇلارغا بىر بالا ئىبەرتكەي، — دېدى.

قىز بىر كېچە سەۋر قىلدى. سۇبھى بىلەن تەڭ باپكار
ئورنىدىن قوپتى، ساندۇققا ئولتۇرۇپ مىخنى تولغىدى، بىر
سەھراغا باردى، كەچ بولغۇچە جىق تاش تەردى، كېچە بولدى،
ئۇ تۈن نىسبىدە ساندۇققا كىرىپ مىخنى تولغىدى، ھاۋاغا
كۆتۈرۈلدى، ئۇ قوشۇن تارتىپ كەلگەن پادىشاھنىڭ چېدىرى
ئۈستىگە كېلىپ تاش ياغدۇردى. پادىشاھ ئاسماندىن ياغقان بۇ
تاشلارنى كۆردى. بىر تاش كېلىپ بىر لەشكەر باشلىقىنىڭ
بېشىغا تەگدى. ئۇ ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن يالاڭۋاش، يالاڭ
ئاياغ بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. باپكار ئارقىسىدىن تاش ياغ-
دۇرۇپ قوغلىدى. ئۇلار تىرىپىرەن بولۇپ، ھەر تەرەپكە قاچ-



تى، ھېرىپ، ئاياغلىرى قاپىرىپ، جىمى لەشكەرلەر خارۇزەبۇن بولدى. قىزنىڭ ئاتىسى ھەم لەشكىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئۆلارنى قوغلاپ ئۇرۇپ ئۆلتۇردى. جەڭ قىلىشقا كەلگەن پادىشاھ ئازراق لەشكىرى بىلەن مىڭ مېھنەت ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆز شەھىرىگە قېچىپ باردى، ئەمما ھەممە نەرسىلىرى ئەممان شەھىرىدە قالغانىدى. شەھرى ئەممان خەلقى بۇ ماللارنى ئولجا، غەنىيمەت ئېلىپ، قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. «جەبرائىل» يېتىپ كەلگۇچە كۆتتى، «جەبرائىل» كەلدى. خالايىق ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

«جەبرائىل» قىزغا ئېيتتى:

— بۇ كېچە بىرنەچچە قۇشنى كاۋاپ قىل ۋە ھالۋىلىق بىر پارە نان، ياخشى نېمەتلەرنى تەييار قىلغىن. مەن ئۇنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ شۇكرانىسى ئۈچۈن سەھرادىكى جانىۋارلارغا بېرەي، خۇدايىتائالا شۇنداق پەرمان قىلدىلەر، — دەپ بۇيرۇدى. قىز تەييارلاپ بەردى.

باپكار بۇ تائاملارنى ساندۇققا سالدى، مىخنى تولغىدى، ئۆزى بىلەن جاڭگال ئىچىگە ئېلىپ باردى، بىر يەرگە يوشۇردى، ھەر كۈنى تويغۇچە يېدى. ئەمما، قىزنىڭ قېشىغا كەلگەندە: «مەن تاماققا ھاجەت ئەمەسمەن» دەپ قويىاتتى ھەم نەرسە يېمەس ئىدى. ئۇ پەقەت قۇشلارغا بېرىمەن، دەپلا تۈرلۈك ياخشى تائاملارنى تەييار قىلدۇراتتى. ھېلىقى چىدىماس پادىشاھ يەنە نۇرغۇنلىغان لەشكەرنى باشلاپ، قايتىدىن شەھرى ئەممانغا ھۇجۇم قىلدى، ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۇردى.

بۇ خەۋەر قىزنىڭ ئاتىسىغا يەتتى. پادىشاھ قىزى ئارقىلىق «جەبرائىل»غا ئەرز ئېيتىپ، ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئىلاجىنى قىلۇرسىز، — دېدى. باپكار:

— سەۋر قىلىڭ، خۇدايىتائالانىڭ بۇيرۇقى قانداق بولۇر-كىن؟ — دەپ كىچىلىك ئۇيقۇغا كەتتى. سۇبھى ۋاقتى بولدى. ئۇ بىر جاڭگالغا كىلىپ چۈشتى، ساندۇقتىن چىقتى، سەھرادىكى كالا، قوي تىزەكلىرىنى ساندۇق ئىچىگە توشقۇزدى، تۇن نىسبى بولغاندا مىخنى ئوڭغا تولغىدى، يۇقىرى ئۆرلەپ، جىدەلخور پادشاھنىڭ چىدىرى ئۈستىگە كەلگەندە تىزەككە ئوت تۇتاشتۇرۇپ تاشلىدى. ئوتنىڭ شولىسى ئاسماننى قاپلىدى، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ ئوتنى كۆردى ۋە: «خۇدايىتائالا ئاسماندىن ئوت ياغدۇردى» دەپ، بىر - بىرىگە باقماي قىچىشتى. ئارقىسىدىن قىزنىڭ ئاتىسى لەشكەر تارتىپ چىقتى، بىر تۈركۈم لەشكەرلەرنى تىرىك تۇتتۇۋالدى، بىر بۆلۈم لەشكەرلەرنى ئۆلتۈردى، ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئولجا ئېلىپ، بىرنەچچە مىڭ لەشكەرنى ئەسىر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جاھانغا پاتماي قالدى. قىز بۇ خەۋەرنى ئىشتىپ باپكارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، بىسيار تەشەككۈر قىلدى. قىزنىڭ بىر مەرتە ئاشىقلىقى مىڭ مەرتە بولدى. باپكار خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى ئاسمانچە ئىگىز تۇتار ئىدى. ئۇ قىزنىڭ يېنىدىن بىر جاڭگالغا باردى، ئۇ يەردە يوشۇرۇپ قويغان بىرئاز يەيدىغان نەرسە بار ئىدى، ئۇنى يەپ ئۇخلىدى.

قازارا، ساندۇقتا بىر تال چوغ قالغانىكەن، باپكار ئۇيقۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، خاسىيەتلىك ساندۇق ئاللىقاچان كۆيۈپ بولغانىدى. ئۇ قاتتىق ھەسرەت چەكتى، بۇ يەردە ئىككى كۈن ياتتى، كېيىن: «تەۋەككۇل !» دەپ شەھىرى ئەممانغا قاراپ راۋان بولدى. ئۇ شەھەرگە كىرىپ، بىر باپكارنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

— مەن بىر غېرىبدۇرمەن، باپكارلىقنى ياخشى بىلىمەن، ئەگەر بۇيرۇسىڭىز، ئالدىڭىزدا ماتا توقۇغايمەن، نېمە بۇيرۇ-

سىڭىز شۇنى قىلغايمەن، شاگىرتلىققا ئالسىڭىز، — دېدى.

ئۇ باپكار:

— خوپ، — دېدى.

ئۇ ئولتۇرۇپ ماتا توقۇدى، ئەمما كېچە - كۈندۈز يىغلاپ يۈردى، قىزنى ناھايىتى سېغىندى. قىزمۇ جەبرائىل كەلمىدى دەپ شىكەستە بولۇپ، بۇگۈن، ئەتە كېلۇر دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. «جەبرائىل» كەلمىدى. بىر ئاي ئۆتتى، يەنە كەلمىدى. قىز «جەبرائىل»نى بەكمۇ سېغىندى. ئۇ ئىنىكىئانىغا تامامى



دەرد ـ ئەلەمنى ئېيتىپ يىغلايتتى. بۇ خەۋەر ئاتىسىغا يەت-تى. پادىشاھ قىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پادىشاھقىمۇ خاپىلىق چۈشتى. پادىشاھ:

— جەبرائىلنىڭ كۆڭلى سەندىن قالدىمۇ يا؟ — دەپ سورىدى قىزىدىن. قىز قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ:

— مەن ھەرگىز ئۇنىڭ كۆڭلى قالغۇدەك ئىش قىلمىغا-نىدىم، — دېدى.

پادىشاھ ئىنتايىن غەمكىن بولۇپ، دەرۋىشلەرگە سەدىقە ۋە ساخاۋەت، نەزىر - چىراغ قىلدى. پادىشاھ خۇدايىتائالادىن كۈيئوغلىنى تىلەر ئىدى. قىز ئوردا ئىچىدە نالە - زار ئەيى-لەپ، ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ، ئۆزىنى ھالاك قىلىش دەرد-جىسىگە يەتكەندى. پادىشاھ قىزىنى شەھەرگە ئەكېلىۋالدى ۋە:

— خۇدايىتائالا يەنە جەبرائىلنى يەتكۈزگەي، — دېدى. قىز كېچە - كۈندۈز تۇۋا قىلىش بىلەن يۈردى.

شۇ كۈنلەردە: «جەبرائىلنىڭ پادىشاھ ئەممانغا ئاچچىقى كې-لىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، قىزىنى تاشلاپ كېتىپتۇ» دېگەن سۆز تارقالدى. بۇ ۋاقىتتا شەھرى ئەممانغا باستۇرۇپ كەلگەن ھېلىقى پادىشاھ ناھايىتى كۆپ لەشكەر يىغىپ، ئەممان شەھە-رىگە يەنە يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتتى، ئۇ ناھايىتى قورقتى، شەھەرنى تاقىدى. قىزنى: «ئۆزۈڭنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئولتۇرغىن» دەپ بۇيرۇدى. قىز ئوردىغا كېتىپ باراتتى، شۇ-ئاندا ئۇنىڭ كۆزى باپكارنىڭ دۇكىنىغا چۈشتى، «جەبرائىل»نى ئۇ دۇكاندا كۆردى، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ كىشى ئەۋەتىپ چاقىرتتى ۋە:

— سىز جەبرائىلمۇ، ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى. باپكار:

— ئارى، مەن جەبرائىل، — دېدى. قىزنىڭ ئاتىسى:

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى. «جەبرائىل»:

— ھېلىقى كېچە دۈشمەنلەرنىڭ بېشىغا ئوت ياغدۇرۇپ ھەممىسىنى ھالاك قىلدىم، شۇ سەۋەبتىن خۇدايىتائالا ماڭا غەزەپلىنىپ، ئاسماننىڭ ئىشىكىنى مېنىڭ يۈزۈمگە باغلىدى. مېنى ئۆز دەرگاھىدىن قوغلىدى، — دېدى. پادىشاھ:

— ئى جەبرائىل، ئايالىڭىز ۋە بالىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇڭ. خۇدايىتائالا رەھىم قىلىپ، كۆڭلىڭىزنى يەنە خۇش قىلغاي، — دەپ تەسەللى بەردى. «جەبرائىل»غا شاھانە لىباسلارنى كىيگۈزدى.

ئەلقىسسە: جەڭ قىلغۇچىلار ئەممان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. قىزنىڭ ئاتىسى ھەم لەشكەرلىرىنى تەييار قىلدى ۋە دەرۋازىلارنى مەھكەم ساقلاشقا پەرمان بەردى. پادىشاھ بىر كۈنى لەشكەرلەرنى يىغىپ مەسلىھەت قىلدى ۋە:

— بۈگۈن كېچە چىقىپ، باسقۇنچى قوشۇنغا ۋەھىمە سېلىپ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ ۋەيران قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. پادىشاھ باپكارغا:

— گەرچە ئاللانىڭ سىزگە ئاچچىقى بولسىمۇ، يەنىلا جەبرائىللىق خاتىرىڭىز بار، شۇڭا بىز بىلەن جەڭگە چىقىڭ، — دېدى.

باپكار ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ، تامامى ئۆمرۈم ئىدىچىدە ئات مىنمىگەنىدىم، ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ ئەندىشە قىلىپ، بىر باھانە بىلەن قېلىشنى ئويلىدى. پادىشاھنىڭ بىر ئېتى بار ئىدى، ئۇنداق يۈگۈرۈك ئات ھېچ پادىشاھنىڭ ئاتخانىسىدا يوق ئىدى. ھەر قېتىم پادىشاھ جەڭگە ئاتلىنار بولسا ئۇ ئاتقا مىنىپ چىقاتتى، باشقا ئاتنى مىنمەس ئىدى. «جەبرائىل» پادىشاھقا:

— مېنى جەڭگە بۇيرۇدىڭىز، ماڭا ئۆزۈم خالىغان ئاتنى بېرىڭ، — دېدى. پادىشاھمۇ:

— خالىغان ئاتنى مىنىڭ، — دېدى. ھەممە ئاتلارنى باپ-

كارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ھېچبىر ئاتنى قوبۇل قىلـ-
ماي، ھېلىقى ئاتنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاتنىڭ نامى يادنام ئىد-
دى. باپكار:

— مۇشۇ ئاتنى مىنىمەن، ئاندىن دۈشمەننى يوقىتىمەن، —
دېدى. پادىشاھ رەت قىلمىدى ۋە:

— مىنىڭ، — دېدى.

ئۇ ھەر خىل خىيالدا ئىدى. ئۇ قېشىدىكىلەرگە:

— پادىشاھ ماڭا تون - سالا كىيدۈرۈپ، ئېگەرگە مەھ-
كەم باغلاپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن تاشقىرىغا چىقىرىپ قوي-
سۇن. مەن بېرىپ خىزىر ۋە ئىلياس پەيغەمبەردىن ياردەم
تىلەي، دۈشمەننى زەبۇن قىلاي، — دېدى.

باپكار ھەرنېمە دەپ باققاندى، دېگەنلىرى ئىشقا ئېشىپ
قالدى. باپكارنى ئېگەرگە تاڭدى. ئۇ تون نىسبى بولغاندا شە-
ھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى، ئاتنىڭ بېشىنى دۈشمەن تە-
رەپكە قىلىپ بىر قامچا ئۇردى. ئات باپكارنى ئېلىپ قاچتى.
زامان - زاماندىن قالغان بىر دەرەخ بار ئىدى، باستۇرۇپ
كەلگەن پادىشاھ چېدىرىنى شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە تىككەن ھەم
ئېتىنى شۇ دەرەخكە باغلىغانىدى. ئۇنىڭ بىرنەچچە خىزمەتكا-
رى شۇ دەرەخ ئەتراپىدا تۇراتتى. باپكار بۇ دەرەخ يېنىغا يەتتى
ۋە قورققانلىقىدىن دەرەخنى قۇچاقلىۋالدى، دەرەخ يىقىلدى،
پادىشاھنىڭ ئېتى ۋە بىرنەچچە لەشكىرىنى بېسىپ ئۆلتۈردى.
باپكار ھەر كىشىنىڭ چېدىرىغا يەتتى. ئۇلارنى ھەم ئات بې-
سىپ ئۆلتۈردى. باپكار قورققانلىقىدىن: «مانا، جەبرائىل كەل-
دى !» دەپ چۇقان - سۈرەن سالدى. پادىشاھ بىرمۇنچە خىز-
مەتكار - لەشكەرلىرىنى ئۆلۈك كۆردى ۋە ماللىرىنى تاشلاپ
قېچىپ كەتتى. ئەتىسى قىزنىڭ ئاتىسى كۆردىكى، يەر يۈزىدە
باسقۇنچى قوشۇندىن بىرەر ئاتلىق قالماپتۇ. پادىشاھ ئەمان

چىقىپ قاچقانلارنىڭ پۇل - ماللىرىنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى، «جەبرائىل»نى ئىزدەپ بىر قورغاندىن تاپتى. ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدە مەھكەم باغلاقلىق ھالدا ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، باشقا ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. قىز «جەبرائىل»نى كۆرۈپ ئايىغىغا يىقىلدى، خۇدايىتائالاغا سەجدە قىلدى. باپكار شۇنچە ئىززەت - شاراپەت تاپتى، ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھ ئەممانغا:

— ئەي شاھ، مەن جەبرائىل ئەمەسمەن. مەن بىر مەردۇ غېرىب باپكار ئىدىم، — دەپ ئەھۋالىنىڭ ھەممىسىنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە بايان قىلدى ھەم، — رازىلىق بەرسىلە تۇراي، بولمىسا، ئۆزلىرى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرەي. ئەزبىرايى خۇدا، مېنى قويۇپ بەرسىلە، مەن ئۆز ئۇقىتىمنى قىلسام، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. پادىشاھ ئەممان، بۇ كىشىنىڭ قەدىمى مۇبارەك بولدى، بىرنەچچە مەرتەم دۈشمەنلىرىمنى ھالاك قىلدى، بۇنىڭ نامى ئالەمگە تارالدى، ئەمدى بۇ جەبرائىلنىڭ قورقۇنچىدىن دۈشمەنلىرىم كېلەلمەيدۇ، بۇ سىرنى كىشى بىلسە، مېنىڭ قىزىم ئالەمدە بەتنامغا قالىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، خوتۇنىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز بىلەن بىرىپ ئۆز ئوردىڭىزدا ئولتۇرۇڭ، مەن جەبرائىل ئەمەس دەپ، ئۆزىڭىزنى ئاشكارا قىلماڭ، — دېدى. باپكار:

— ئەلۋەتتە، سىرنى ئاشكارىلىمايمەن، — دېدى. باپكار شۇنىڭدىن بېرى پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن ئۆمرىنى خۇش ئۆتكۈزدى.

كېيىن باپكار ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ يالغان جەبرائىلنىڭ قىسسىسى يادىكار بولۇپ قالدى، ئايالى قان يىغلاپ، ئۆز ئوردىسىدا ماتەمدار بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4OTguemlw",
"filename_decoded": "40209898.zip",
"filesize": 38234877,
"md5": "2bbbf679626b376f852a30c0bd4c0494",
"header_md5": "4057e8c7c60acc6971744744c13b26d1",
"sha1": "9f254f023cde67f7d75ef29195a6cb5806fa1efa",
"sha256": "ac34ade1fc267558e96c9c0871b0a1294e8264e9def08fa557af7ba712432f95",
"crc32": 3217958150,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 40272022,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2563\u2569\u2569\u252c \u255a\u00b2\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209898",
"pdg_main_pages_found": 364,
"pdg_main_pages_max": 364,
"total_pages": 372,
"total_pixels": 1477838848,
"pdf_generation_missing_pages": false
}